# شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى

## پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەن قىسمى

4

1988

شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى　　1988 - يىل 4 - سان

(پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى) ★ (ئومۇمىي 36 - سان)

پەسىللىك ژۇرنال　　12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى نەشىردىن چىقتى

# بۇ ساندا

سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچى توغرىسىدا نەزەرىيىۋى مۇھاكىمە ........
........ شۆي جىڭفىشىن دەي يى جىيەنباڭ ياڭ خەنجاڭ لوگوجىيې سۇن گوخۇا
........ (قەيۇم قۇربان تەرجىمىسى) 1

سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكىنىڭ يېڭى تەرتىپىنى ئورنىتىش مەسىلىسى
توغرىسىدا ........ جۇمساخۇن نىياز 22

خامىمۇرابى قانۇنى توغرىسىدا ........ سۆيبىك 31

«ئىككىنىڭ قوشۇلۇپ بىر بولۇشى» توغرىسىدا بەزى قاراشلىرىم
........ رەھىم يۈسۈپ 40

ئۇيغۇر فولكلورىدىكى تەبىئەت قاراشلىرى توغرىسىدا ........
........ ئابدىكېرىم راخمان 47

باللار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدىكى پىسخىك تەسۋىر ۋە پېرسوناژ ئوبرازىنىڭ
گۈزەللىكى ........ تۇرسۇن قۇربان 57

ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى توغرىسىدا بەزى چۈشەنچىلىرىم ........
........ ئوسمان ئۆمەر 66

«تارىخىي خاتىرىلەر» نىڭ نەشر قىلىنىشى مۇناسىۋىتى بىلەن ........
........ ھاجى ياقۇپ يۈسۈپى (ئانات) 80

**新疆大学学报** 1988年第4期

（哲学社会科学维文版） （总第36期）

# 目 录

社会主义初级阶段的理论探讨…许征帆 戴 逸 郑建邦 杨焕章 罗国杰 孙国华 文
……………………………………………克尤木·库尔班 译

简论建立社会主义商品经济的新秩序……………………………… 居马洪·尼亚孜

《汉漠拉比法典》略论…………………………………………………… 崔 斌

浅谈“合二而一” ………………………………………………… 热依木·玉苏甫

论维吾尔民间文学的自然观…………………………………… 阿不都克里木·热合曼

谈儿童文学作品中的心里描写与人物形象塑造……………………… 吐尔逊·库尔班

浅谈维吾尔寓言………………………………………………………… 乌斯曼·乌买尔

写在《史记》（维文版）出版之前………………………………………… 阿吉·牙库甫

抗日战争时期新疆的妇女运动…………………………………………………张宝裕 文
……………………………………………………………………………安斯尔丁 译

贾玛尔·喀尔施和他的《苏拉赫词典补编》 ……………………………… 海来提江·乌斯曼

新民主主义革命时期中国共产党在新疆斗争纪事… 《纪事》编写组 文 尼·阿合每地译

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە شىنجاڭدىكى ئاياللار
ھەرىكىتى ........ جاڭ باۋيۈ (ئەنسەردىن تەرجىمىسى) 105

جامال قارشى ۋە ئۇنىڭ «‹سۇراخ لۇغىتى› گە ئىلاۋە» دېگەن
ئەسىرى........ غەيرەتجان ئوسمان 125

يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ
شىنجاڭدا ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىدىن خاتىرە ........
........ «خاتىرە» يېزىش گۇرۇپپىسى (ن. ئەخمىدى تەرجىمىسى) 138

# سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچى توغرىسىدا نەزەرىيىۋى مۇھاكىمە

**تەھرىر ئىلاۋىسى:**

پارتىيىنىڭ 13 - قۇرۇلتىيىدا، سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچى توغرىسىدىكى يېڭى نەزەرىيە ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن كېيىن، مەملىكىتىمىزدە، جۈملىدىن پۈتۈن دۇنيادا غايەت زور تەسىر قوزغىدى. مۇشتەرىلىرىمىزنى سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچى توغرىسىدىكى نەزەرىيە ئۈستىدە بىر قەدەر سىستېمىلىق، ئەتراپلىق چۈشەنچىگە ئىگە قىلىش ۋە مۇھاكىمىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا جەلپ قىلىش مەقسىتىدە، «جۇڭگو خەلق داشۆسى ئىلمىي ژۇرنىلى» تەھرىر بۆلۈمى تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان مۇھاكىمە يىغىنىدا بىرقانچىلىغان پروفېسسور ۋە تەتقىقاتچىلار بايان قىلغان پىكىرلەرنى ژۇرنىلىمىزغا باستۇق. مۇشتەرىلىرىمىزنىڭ پايدىلىنىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

## ئۇنىڭ قىممىتى ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلغانلىقىدا

شۆي جېڭفەن

(ماركسىزملىق نەزەرىيىۋى تەربىيە تەتقىقاتى ئىنستىتۇتىنىڭ
باشلىقى، پروفېسسور)

13 - قۇرۇلتاينىڭ ھۆججىتى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، بۇنىڭغا مەملىكەتنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا ناھايىتى ياخشى باھا بېرىلدى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلغانلىقى ئالاھىدە تىلغا ئېلىندى.

ئىلگىرى بىز ھەمىشە: كوممۇنىستىك پارتىيە ئالغا سۈرگۈچىلەردىندۇر، كوممۇنىستلاردا غايە، ئېتىقاد بولۇشى كېرەك، سوتسىيالىزمدىن ئىبارەت تارىخىي باسقۇچتا

كوممۇنىزمغا بالدۇرراق ئۆتۈشكە ئىنتىلىش لازىم، كوممۇنىزمنى ئىمكان قەدەر بالـ
دۇرراق ئەمەلگە ئاشۇرۇش كۈرىشىدە ئىنقىلابىي شىجائەتنى يۈكسەك دەرىجىدە جارى
قىلدۇرۇش لازىم، دەپ كەلدۇق. ئابستراكت جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇ گەپنىڭ خاتا
يېرى يوق. بىراق، ئەمەلىي تۇرمۇشتا، بىز ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلمايلا، شىجائەت،
ئىنتىلىش ئۈستىدە گەپ سېتىۋەردۇق، نەتىجىدە، شىجائەت مۇبالىغىلەشتۈرۈشكە، ئىنتىـ
لىش قارامىلىق بىلەن ئىلگىرىلەشكە ئېلىپ كەلدى. بۇنىڭ گەۋدىلىك ئىپادىسى شۇ
بولدىكى، دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالى ئۈستىدە ماركسىزملىق تەھلىل يۈرگۈزمەيلا، ھەدەپ
ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنىڭ ساپ بولۇشىنى، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش كۆلىمىنىڭ چوڭ
بولۇشىنى، سوتسىيالىستىك تەرەققىيات سۈرئىتىنىڭ تېز بولۇشىنى قوغلاشتۇق. ئالدىـ
راپ ـ تېنەپ ساپ قىلىشقا ئۇرۇنۇش نەتىجىسىدە، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىسىمۇ چوڭ
قىلىشقا ئۇرۇنىدىغان، شەرت ـ شارائىت يار بەرمىسىمۇ تېز بولۇشنى قوغلىشىدىغان،
كىچىكنى چوڭ قىلىشقا، ساپ بولمىغان نەرسىنى ساپ قىلىشقا ئالدىرايدىغان ئەھۋال
كېلىپ چىقتى. شۇنداق قىلىپ، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان بۇ ئۇچ ئىنتىلىش
«باسقۇچتىن ھالقىپ كېتىش» كېسىلىنى پەيدا قىلدى ـ دە، بىزگە نۇرغۇن قىيىنچىـ
لىقلارنى ئېلىپ كەلدى. بۇ جەھەتتىكى تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ،
13 ـ قۇرۇلتاينىڭ ھۆججىتىنى قايتا ـ قايتا مۇلاھىزە قىلىش روھى بىلەن ئوقۇيدىغان
بولساق، ئۇنىڭ ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش روھى ۋە ئىستىلى بىزنىڭ ئۆزلەشتۈرۈـ
شىمىزگە ۋە جارى قىلدۇرۇشىمىزغا ئىنتايىن ئەرزىيدۇ.

«ماركسىزم ئىمكانىيەتنى ئەمەس، ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىدۇ. ماركسىزمچىلار
پەقەت دەلىل ـ ئىسپاتى بار بولغان ھەقىقىي پاكىتنىلا ئۆز سىياسىتىنىڭ ئاساسى
قىلىدۇ.» («لېنىن ئەسەرلىرى»، 35 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى، 230 ـ بەت) بىزنىڭ
13 ـ قۇرۇلتاينىڭ ھۆججىتىنى ئىجادىي خاراكتېرغا ئىگە ماركسىزملىق ھۆججەت دېيىـ
شىمىزدىكى سەۋەب شۇكى، ئۇ ئىلمىي ئاساستا شەرھلىگەن سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن
باسقۇچى توغرىسىدىكى نەزەرىيە، لۇشيەن ۋە بىر نەزەرىيىنى، لۇشيەننى ئاساس
قىلغان بىر قاتار زور سىياسەتلەرنىڭ ھەممىسى دەلىل ـ ئىسپاتى بار بولغان ھەقىقىي
پاكىتنى ئاساس قىلغان: ئۇ دۆلىتىمىزنىڭ تولۇق تەرەققىي قىلغان كاپىتالىزم باسقۇـ
چىنى بېسىپ ئۆتمەيلا سوتسىيالىزم يولىغا ماڭغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈردى؛ دۆلىتىمىزدە
سوتسىيالىستىك تۈزۈم بەرپا قىلىنغاندىن كېيىن، ئىقتىساد، سىياسىي، ئىدېئولوگىيە
قاتارلىق ساھەلەردە بارلىققا كەلگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلەرگە دىققەت ـ ئېتىبار
بىلەن قارىدى؛ سوتسىيالىستىك تۈزۈمىمىزدە غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلگەن
بولسىمۇ، لېكىن دۆلىتىمىزنىڭ قالاق قىياپىتىنى ئۆزگەرتەلمىگەنلىكىنى كۆرسىتىپ
ئۆتتى؛ دۆلىتىمىزنىڭ قالاقلىقىنىڭ ئاساسەن سانائەتلەشتۈرۈش ۋە ئىشلەپچىقىرىشنى
تاۋارلاشتۇرۇش، ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش، زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنىڭ ئەمەلگە ئاشمىغانـ

نىقىدا ئىپادىلىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى؛ دۆلىتىمىز سوتسىيالىزمنىڭ ئومۇمىي ئەمەس، بەلكى ئالاھىدە مەنىدىكى تۆۋەن باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. بىر جۈملە سۆز بىلەن ئېيتقاندا، ئەمەلىيەت ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ ئاساسى، كۈچ - قۇدرىتىنىڭ مەنبەسى.

بۇنداق ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش روھى سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچى توغرىسىدىكى نەزەرىيىمىزنىڭمۇ جەۋھىرى. ئىمكانىيەتنى ئەمەس، ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلغاندا، شۇنى سەگەكلىك بىلەن كۆرۈۋالالايمىزكى، بىزدە يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق جەمئىيەتتىن تۆرەلگەن سوتسىيالىزمنىڭ ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى ۋە باشقا تۈرلۈك ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرى جەھەتتە، ھەدېگەندىلا ساپ بولۇپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان يۇقىرى سۈرئەت ۋە ئاساسى پۇختا بولمىغان «چوڭ ھەم ئومۇمىي» لىق جەھەتتىمۇ قىسقىغىنا مۇددەت ئىچىدە ساپ بولۇش دەرىجىسىگە يېتىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. بىر مۇنچە جەھەتلەردە ساپ بولمىغان ئەمەلىيەت ئاساسىدا سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۈچۈن، ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش روھىنى جارى قىلدۇرۇشىمىزغا، ساپ نەرسە بىلەن ساپ ئەمەس نەرسىنى سېلىشتۇرۇشىمىزغا، پەرقلەندۈرۈشىمىزگە، ھەقىقىي ساپ بىلەن يالغان ساپنىڭ چەك - چېگرىسىنى ئېنىق ئايرىشىمىزغا، ساپ بولۇش بىلەن ساپ بولماسلىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى ماھىرلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىشىمىزغا، ھازىرقى ئانچە ساپ بولماسلىقتىن كەلگۈسىدىكى نۇرغۇن جەھەتلەردە ساپ بولۇشقا ئۆتۈشنى ئۇستىلىق بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇشىمىزغا، شۇنىڭ بىلەن ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تۈرلۈك باسقۇچلاردىكى تەرەققىيات ئەھۋالىغا ئۇيغۇنلىشىپ، سوتسىيالىستىك تەرەققىياتنىڭ ئاھاڭداشلىق سىمفونىيىسىنى يېزىپ چىقىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ئىسلاھات جەريانىدا قوللىنىلغان بەزى تەدبىرلەر، مەسىلەن، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى بازىرى، پۇل - مۇئامىلە بازىرى، تېخنىكا بازىرى ۋە ئەمگەك - مۇلازىمەت بازىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، قەرز چېكى ۋە پاي چېكى تارقىتىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى پەقەت ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش روھىنى جارى قىلدۇرۇش بىلەن كۆزەتكەندىلا، ئاندىن بۇ تەدبىرلەرنىڭ كاپىتالىزمغا خاس بولغان نەرسە ئەمەس، بەلكى ئىجتىمائىيلاشقان يىرىك ئىشلەپچىقىرىش بىلەن تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ مۇقەررەر يوسۇندا بارلىققا كەلگەن نەرسە ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىۋالالايمىز. سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدە بۇ نەرسىلەرنى سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشقا بولىدۇ ۋە شۇنداق قىلىش كېرەك. شۇ چاغدىلا «كاپىتالىزم ۋەھىمىسى» كېسىلىنىڭ تەكرارلىنىشىدىن، «ھەممە يەردە كاپىتالىزمنىڭ قۇيرۇقى بار، ھەرقانداق ۋاقىتتا كاپىتالىزمنىڭ قۇيرۇقىنى كېسىش كېرەك» دەيدىغان تراگېدىيىلىك كومېدىيىنىڭ قايتا ئوينىلىشىدىن كۈچلۈك تۈردە ساقلانغىلى بولىدۇ، ئىجتىمائىيلاشقان يىرىك ئىشلەپچىقىرىش بىلەن تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىدا مۇقەررەر يوسۇندا بارلىققا

كەلگەن شەيئىلەرگە پۈتۈنلەي كاپىتالىزمنىڭ تامغىسىنى بېسىپ قويىدىغان خاتالىقنى قەتئىي تۈگىتىپ، سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ يوللارنى ئاچقىلى، تېخىمۇ كۆپ شەكىل، ئۇسۇل، قورال ۋە ۋاستىلەرنى تاپقىلى بولىدۇ. بۇرۇن قوللىنىلغان بىر مۇنچە ئۇسۇللارنى، مەسىلەن، كارخانىلارغا بۇيرۇق خاراكتېرلىك كۆرسەتكۈچلەرنى بىۋاستە ھالدا ھەددىدىن زىيادە كۆپ چۈشۈرۈش، بىر تۇتاش سېتىۋېلىش — بىر تۇتاش سېتىش ۋە تەمىنات تۈزۈمى شەكلىدىكى تەقسىماتنى يولغا قويۇش ئۇسۇللىرىنى ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش روھى بىلەن كۆزەتكەندىلا، ئاندىن بۇ ئۇسۇللارنىڭ سوتسىيالىستىك تۈزۈم مۇقەررەر تەلەپ قىلىدىغان ئۆزگەرمەس نەرسىلەر ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ بەزىلىرىنىڭ دۆلىتىمىز يېڭى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئىچكى ۋە خەلقئارا شارائىتتا سانائەتلەشتۈرۈشكە تېزرەك ئاساس سېلىش ئۈچۈن قوللىنىلغانلىقىنى، بەزىلىرىنىڭ ئۇرۇش يىللىرىدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كەلگەنلىكىنى ئۇچۇق كۆرۈۋالالايمىز. ھازىر ئەھۋال كۆپ ئۆزگەردى، بۇ نەرسىلەر ئىسلاھ قىلىنمىسا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا توسالغۇ بولىدۇ. سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ بەرپا قىلىنىشى بىلەن بىللە بارلىققا كەلگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاق - قارىسىنى ئايرىمايلا سوتسىيالىزمنىڭ نەرسىسى دەپ قارىساق، بۇ بىر تەرەپلىمىلىك قاراش بولۇپ قالىدۇ. شۇنداق بىر قائىدىنى ئېنىقلىۋېلىشىمىز كېرەككى، قېتىپ قالغان، ئۆلۈك نۇقتىئىنەزەرلەر ئارقا - ئارقىدىن بارلىققا كېلىپ تۇرىدىغان جانلىق، جۇشقۇن شەيئىلەر بىلەن سىغىشالمايدۇ. كاپىتالىستىك خاراكتېردا بولۇپ كۆرۈنگەنلىكى نەرسىلەرنىڭ كاپىتالىزمنىڭ نەرسىسى بولۇشى ناتايىن؛ سوتسىيالىستىك خاراكتېردا بولۇپ كۆرۈنگەنلىكى نەرسىلەرنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ نەرسىسى بولۇشى ناتايىن، گەپ نۇقتىئىنەزەردە ئەمەس، ئادەت قارىشىدا ئەمەس، بەلكى ئەمەلىي رولدا، ھەقىقىي تۈردىكى يېڭى ئىقتىداردا، دەلىل - ئىسپات ۋە ئاساسى بار بولغان ئەمەلىيەتتە.

قىسقىسى، ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىدىغانلا بولساق، سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچى توغرىسىدىكى نەزەرىيىنى چوڭقۇر چۈشىنەلەيمىز، سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچى توغرىسىدىكى ئاساسىي لۇشيەن ۋە تۈرلۈك فاڭجېن - سىياسەتلەرنى ياخشى ئىزچىللاشتۇرالايمىز.

بىزنىڭ ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش روھىنى تەكىتلەپ، ئىمكانىيەتنى ئەمەس، ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىشىمىز سوتسىيالىستىك ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنى ئىنكار قىلغانلىق ئەمەس، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ كىچىك كۆلەمدىن چوڭ كۆلەمگە قاراپ كېڭىيىشى، سوتسىيالىزم ئىشلىرى تەرەققىياتىنىڭ ئاستا سۈرئەتتىن تېز سۈرئەتكە قاراپ ئىلگىرىلىشى ئىمكانىيىتىنى ئىنكار قىلغانلىق ئەمەس. ياق! ماركسىزم بىزگە مەملىكىتىمىزدە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ رېئال ئىمكانىيىتىنى ئىلمىي يوسۇندا ئالدىنئالا كۆرسىتىپ بەردى. بىز قەتئىي

ئىشىنىمىزكى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولى ماڭغانسىرى كېڭىيىپ بارىدۇ! تارىخىي تەجرىبىلەر بىزگە شۇنى ئېنىق كۆرسەتتىكى، ئىمكانىيەتنى رېئاللىققا، ئابستراكت ئىمكانىيەتنى رېئال ئىمكانىيەتكە ئايلاندۇرۇپ قويمىساقلا، رېئال ئىمكانىيەتنى كەم بولسا بولمايدىغان تۈرلۈك رېئال شەرت - شارائىتقا ئايلاندۇرۇشنىڭ ئاچقۇچلۇق ئەھمىيىتىگە سەل قارىمىساقلا، ئەتىكى، ئۆگۈنكى رېئاللىقنى بۈگۈنكى رېئاللىققا، بۈگۈنكى رېئاللىقنى مەۋجۇت رېئاللىققا ئايلاندۇرۇپ قويمىساقلا، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنى پۇختا قەدەم بىلەن ئېلىپ بارالايمىز، خىزمىتىمىزنى ئوبدان ئىشلەپ، غايىنى پەيدىنپەي جانلىق رېئاللىققا ئايلاندۇرالايمىز.

ئەمەلىيەتكە يۈزلىنىپ، ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، سىياسەت بەلگىلەشتە ئەمەلىيەتكە ئاساسلىنىشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى هازىرقى ئەھۋال بىلەن قانائەتلىنىپ قېلىشتا ئەمەس، هازىرقى ئەھۋالدىكى قالاق تەرەپنى ياقلاشتىمۇ ئەمەس، بەلكى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشقا بەل باغلاپ، ئارتۇقچىلىقنى جارى قىلدۇرۇپ، يېتەرسىزلىكنى تۈگىتىپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشتىدۇر. 13 - قۇرۇلتاينىڭ هۆججىتىدە گەۋدىلەندۈرۈلگەن ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش روھى قانداقتۇ ھېچنىمىگە يارىمايدىغان پاسسىپ روھ ئەمەس، ئاقلاشقا تېگىشلىك بولغان نەزەرىيىمۇ ئەمەس، بەلكى ئىسلاھات بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان روھ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن هالدا دۇنيانى بىلىدىغان ۋە ئۆزگەرتىدىغان نەزەرىيە. 13 - قۇرۇلتاي هۆججىتىنىڭ قىممەتكە ئىگە بولغان بۇنداق ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش روھى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشىمىزنىڭ ئىلگىرىلىشىگە ئەگىشىپ، ئۈزلۈكسىز تۈردە ئىلمىي نۇر چاچىدۇ.

## كاپىتالىزم تۈزۈمىدىن هالقىپ ئۆتۈشكە بولىدۇكى، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئومۇمىي مۇساپىسىدىن هالقىپ ئۆتۈشكە بولمايدۇ

دەي يى

(كۇتۇپخانىنىڭ باشلىقى، پروفېسسور)

13 - قۇرۇلتاينىڭ دوكلاتىدا، جۇڭگو خېلى ئۇزاق دەۋرگىچە سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدا تۇرىدۇ، دەپ هۆكۈم چىقىرىلدى، بۇ — ئىلمىي هۆكۈمدۇر. بۇ هۆكۈم جۇڭگونىڭ ۋە دۇنيانىڭ يېقىنقى ۋە هازىرقى زامان تارىخىي تەرەققىياتىنى ئومۇميۈزلۈك ئەسلەش، پارتىيىمىزنىڭ ۋە خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتىنىڭ تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەش ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچى توغرىسىدىكى نەزەرىيە جۇڭگونىڭ يېقىنقى

100 نەچچە يىللىق تارىخنى ۋە ھازىرقى ئەمەلىي ئەھۋالنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ئاساستا سەگەكلىك بىلەن تونۇشتىن ئىبارەت. 1840 - يىلىدىكى ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن، بىز ئۇزاققىچە جاھانگىرلىككە، فېئودالىزمغا قارشى كۈرەش ئېلىپ باردۇق، دېموكراتىك ئىنقىلاب غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، ئاندىن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا كۆچتۇق. جۇڭگو يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق جەمئىيەتتىن سوتسىيالىزمغا قەدەم قويدى، ئەسلىدىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى تۆۋەن، ئىقتىساد قالاق بولۇپ، تەبىئىي ئىگىلىك مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيتتى، تاۋار ئىگىلىكى تەرەققىي قىلمىغان، ئاھالە كۆپ، مەبلەغ كەمچىل ئىدى. دۆلەتنىڭ زېمىنى كەڭ بولغان بىلەن، جايلارنىڭ تەرەققىياتى تەكشى ئەمەس، چېگرا رايونلار بىلەن تاغلىق رايونلارنىڭ بىر مۇنچىسى تېخى ئىنتايىن نامرات بولۇپ، تەبىئىي بايلىق تېخى ئېچىلمىغانىدى. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان، بىز نۇرغۇن تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش جەھەتتە ناھايىتى زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردۇق، لېكىن بىز ئۆزىمىزنى دۇنيادىكى تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر بىلەن سېلىشتۇرساق، مەيلى مىللىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئادەم بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئومۇمىي قىممىتى جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى مۇھىم سانائەت، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئادەم بېشىغا توغرا كېلىدىغان مىقدارى جەھەتتىن بولسۇن، ياكى تۇرلۇك ئاساسىي مۇئەسسەسەلەر ۋە پەن - تېخنىكا سەۋىيىسى جەھەتتىن بولسۇن، تېخى ئۇلاردىن ناھايىتى كېيىن تۇرىمىز. سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچى توغرىسىدىكى نەزەرىيە بۇ ئەھۋالنى دەل ئىلمىي تەھلىل قىلىپ، بۈگۈنكى جۇڭگونىڭ تارىخىي ئورۇننى بەلگىلىدى، ئالغا ئىلگىرىلەش نىشانىمىزنى توغرا كۆرسىتىپ بەردى. مانا بۇ — ھازىرقى جۇڭگونىڭ قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھات ئىشلىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەتقىق قىلىشىمىز ۋە ھەل قىلىشىمىزنىڭ ئاساسىدۇر.

ئىلگىرى، سوتسىيالىزم قۇرۇشنى تولىمۇ ئاددىي چاغلىغان ئىكەنمىز. ئەمدى شۇنى بىلدۇقكى، جۇڭگونىڭ ئەھۋالىنى ئاساس قىلغاندا، سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىنى ناھايىتى ئۇزاق مۇددەت باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، ئاندىن نامراتلىق، قالاقلىقتىن پەيدىنپەي قۇتۇلۇپ، ھاللىق سەۋىيىگە يېتەلەيمىز ۋە يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ زامانىۋىلاشقان باي - قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرالايمىز.

بىز سوتسىيالىزم قۇرۇش جەھەتتە بىر مۇنچە ئەگرى يول ماڭدۇق، بۇنىڭ سەۋەبى مۇرەككەپ، ساۋاقلىرى چوڭقۇر، بۇ ھەقتە مۇنداق ئىككى مەسىلىنى نۇقتىلىق كۆرسىتىپ ئۆتمەكچىمەن. بىرىنچىدىن، ھەرقانداق شارائىتتا ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى لۇشيەندە چىڭ تۇرۇش لازىم. يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىدە، ماۋ جۇشى ماركسىزم - لېنىنىزم نەزەرىيىسىنى تەتبىق قىلىپ، جۇڭگونىڭ

ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئاساس قىلىپ، غەرب دۆلەتلىرىنىڭ شەھەردە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش يولى بىلەن ھاكىمىيەتنى قولغا كەلتۈرۈش ئەندىزىسىدىن خالىي بولۇپ، جۇڭگو دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر يۈرۈش نەزەرىيىسى ۋە سىياسەتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە يېزا ئارقىلىق شەھەرنى قورشاشتىن ئىبارەت قوراللىق ئىنقىلاب يولىنى ئېچىپ بەردى. نەزەرىيە جەھەتتىكى بۇ بىر سەكرەش يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابنى غەلىبىگە ئېرىشتۈردى. ھازىرقى كۈندە، جۇڭگودەك مۇشۇنداق بىر نامرات، قالاق، ئاھالىسى كۆپ بولغان چوڭ دۆلەتتە سوتسىيالىزم قۇرۇشتا ئوخشاشلا باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئەندىزىسىنى كۆچۈرۈپ كېلىشكە بولمايدۇ، ئۆزىمىزنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئاساس قىلىپ، ئۆزىمىزنىڭ يولىدا مېڭىشقا توغرا كېلىدۇ. ھەممە ئىشتا جۇڭگونىڭ سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان خاراكتېرىنى ۋە بۇ باسقۇچنىڭ ئېھتىياجىنى ئاساس قىلىپ، ئۆزىمىز يول ئېچىپ، ئىزدىنىپ ۋە يېڭىلىق يارىتىپ بارىدىغانلا بولساق، سوتسىيالىزم يولى ماڭغانسېرى كېڭىيىپ بارىدۇ. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ جەۋھىرى ئەنە شۇ يەردە.

ئىككىنچىدىن، ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش، مۇھىمى تارىخىي تەرەققىياتنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتى بويىچە ئىش قىلىش لازىم. سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچى توغرىسىدىكى نەزەرىيىنىڭ ئەڭ مۇھىم تۆھپىسى بىزگە شۇنى ئۇقتۇردىكى، بىر تەرەپتىن، بىز كاپىتالىزم تۈزۈمىدىن ھالقىپ كېتەلەيمىزكى، ئارقىمىزغا يېنىپ يەنە كاپىتالىزم بىلەن شۇغۇللىنىشقا بولمايدۇ، چۈنكى يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ تارىخى جۇڭگودا كاپىتالىزمنىڭ ئاقمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. بىزنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە بەرپا قىلغان سوتسىيالىستىك تۈزۈمىمىز ئانچە مۇكەممەل بولمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشقا ۋە پەيدىنپەي ياخشىلاشقا توغرا كېلىدۇ، چېكىنىش نىجاتلىق يولى ئەمەس. يەنە بىر تەرەپتىن، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئومۇمىي مۇساپىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈشكە بولمايدۇ. چۈنكى، سوتسىيالىزم جەمئىيىتى ھامان زامانىۋىلاشقان، ئىجتىمائىيلاشقان يىرىك ئىشلەپچىقىرىش ئاساسىدا قۇرۇلىدۇ، ۋاھالەنكى، ئىنسانلارنىڭ دۇنيانى ئۆزگەرتىش ئۇسۇلى ۋە ئىقتىدارىنىڭ ئۆزگىرىشى، شۇنىڭدەك ئىلىم - پەن سەۋىيىسى ۋە ماددىي ئەسلىھەلەرنىڭ يۈكسىلىشى بولسا پەقەت كۈنلەر ۋە ئايلارنى ئۆتكۈزۈش، پەلەمپەي شەكلىدە يۇقىرى ئۆرلەش ئاساسىدا بولىدۇ. شۇڭا، بىز ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنى پۈتۈن خىزمەتنىڭ مەركىزى قىلىشىمىز لازىم. جۇڭگونىڭ ئەھۋالى ۋە دۇنيانىڭ ھازىرقى تەرەققىياتى بىزدىن ھەم دۇنيانىڭ يېڭى تېخنىكا ئىنقىلابى دولقۇنىغا تىرىشىپ يېتىشىۋېلىشنى، ھەم نۇقتىلىق ھالدا ئەنئەنىۋى سانائەت ئىنقىلابىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، تاۋار ئىگىلىكىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ۋە مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىشلەپچىقىرىش كۈچ-

لىرىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ماسلىشىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ ۋە ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولغان بارلىق ۋاستىلەر ۋە پىشاكىلار، مەسىلەن، ئىجارە تۈزۈمى، كۆتۈرە تۈزۈمى، پاي تۈزۈمى، پۇل مۇئامىلە بازىرى، ئەمگەك كۈچى بازىرى قاتارلىقلاردىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىش لازىم. دۇنيانىڭ ھازىرقى ئىقتىسادىي تەرەققىيات مۇساپىسى شۇنى كۆرسەتتىكى، كاپىتالىزم تۈزۈمى شارائىتىدا، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ بۇ ئۇنۇملۇك ۋاستىلىرى سانائەت ۋە تېخنىكا ئىنقىلابى بىلەن بىرلىشىپ، يەر ئاستىدا ئۇخلاۋاتقان غايەت زور ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى سېھىرگەرلەرچە ئويغىتىپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تاۋارلىشىشى، ئىجتىمائىيلىشىشى ۋە زامانىۋىيلىشىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، غايەت زور ئىقتىسادىي مۆۋەپپەقىيەتلەرنى ياراتتى. مېنىڭچە، بۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىشقا ۋە شەرھلەشكە ئەرزىيدىغان تارىخىي ھادىسىدۇر. ئىسلاھاتنىڭ ئەمەلىيىتى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بەزى ئىقتىسادىي ۋاستىلەر ۋە ئىقتىسادىي پىشاكىلار كاپىتالىزم ئۈچۈنمۇ، سوتسىيالىزم ئۈچۈنمۇ خىزمەت قىلىشۋېرىدۇ. ئىلگىرى بىز ئاددىيلا ھالدا بەزى ئوتتۇرا خاراكتېردىكى نەرسىلەرگە پۈتۈنلەي كاپىتالىزمنىڭ تامغىسىنى بېسىپ چەتكە قاقتۇق، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنى رەت قىلدۇق، ئۆزىمىزنى ئايىۋى رامكىنىڭ ئىچىگە سولاپ قويۇپ، ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى قاتماللىشىپ ۋە بىر خىللىشىپ كەتكەن ئەندىزىگە ئايلاندۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى بوغۇپ قويدۇق. بىز سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىن ئىبارەت ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچتىكى ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيەتلىرىگە ئاساسەن، يۈرەكلىك ھالدا ئىزدىنىپ، پائال تۈردە ئىسلاھ قىلىپ، باتۇرلۇق بىلەن يېڭىلىق يارىتىپ، پايدىلىنىشقا بولىدىغانلىكى ۋاستىلەر ۋە ئىقتىسادىي پىشاكىلاردىن پايدىلىنىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىمىزنى جانلاندۇرۇشىمىز لازىم.

## سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىنىڭ ئوبيېكتىپ ئاساسى توغرىسىدا

جېڭ جيەنباڭ

(خەلقئارا سىياسىي فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى)

سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىنىڭ ئەمەلىيەت ئاساسى ئاساسەن ئىككى تەرەپتىن ئىبارەت. بىرى، تارىخىي ئەمەلىيەت؛ يەنە بىرى، رېئال ئەھۋال.

تارىخىي ئەمەلىيەت جەھەتتىن ئالغاندا، مەملىكىتىمىز ئەسلىدە يېرىم فېئوداللىق، يېرىم مۇستەملىكە دۆلەت بولۇپ، ئۇنىڭ غەرب كاپىتالىزمىدىن ئىبارەت كونا يولغا

ماگسا بولمايدىغانلىقىنى سانسىز پاكىتلار ئىسپاتلىدى. ماركسىزملىق ئىنقىلابىي نەزەرىيىگە ۋە ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئىجتىمائىي فورماتسىيەلەرنىڭ ئالمىشىش ئۆلگىسىگە ۋە ھازىرقى دۇنيا ۋەزىيىتىگە ئاساسلانغاندا، مەملىكىتىمىز كاپىتالىستىك تەرەققىيات باسقۇچىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ سوتسىيالىزمغا كىرەلەيدۇ. دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسى ۋە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشنىڭ ئورۇندىلىشى بۇنىڭ پۈتۈنلەي توغرا ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلىدى. لېكىن، بۇنداق ھالقىپ ئۆتۈش پەقەت كاپىتالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈم ۋە كاپىتالىستىك دۆلەت تۈزۈمىدىنلا ھالقىپ ئۆتۈش بولۇپ، ئەسلىدە كاپىتالىزم شارائىتىدا ئورۇنداشقا تېگىشلىك بولغان سانائەتلەشتۈرۈش ۋە ئىشلەپچىقىرىشنى تاۋارلاشتۇرۇش، ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش، زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشىدىن ھالقىپ ئۆتۈشنى كۆرسەتمەيدۇ ۋە ئۇنداق بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. بۇ ھال مەملىكىتىمىز سوتسىيالىزمغا كىرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى يەنىلا ئىنتايىن قالاق بولغانلىقتىن، سوتسىيالىزمنىڭ ناھايىتى ئۇزاق مۇددەتلىك تۆۋەن باسقۇچىنى باشتىن كەچۈرۈش ئارقىلىق سانائەتلەشتۈرۈش ۋە ئىشلەپچىقىرىشنى تاۋارلاشتۇرۇش، ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش، زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىملىقىنى بەلگىلىگەن. بۇ مەسىلىنى ئىلگىرى بىز خېلى ئۇزاق مەزگىلگىچە بىلەلمەي، بۇ ئىككىسىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىپ، تاۋار ۋە پۇلنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى بىراقلا ئۆزگەرتىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرماي ۋە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشىنى ئىشقا ئاشۇرماي تۇرۇپلا كوممۇنىزمغا ئۆتۈش خىيالىدا بولدۇق. نەتىجىدە «سول» چىللىق خاتالىقىنى سادىر قىلىپ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا ئېغىر زىيان يەتكۈزدۇق، بۇ ساۋاقنى ئەستە چىڭ ساقلىشىمىز لازىم.

رېئال ئەھۋالدىن قارىغاندا، بىر تەرەپتىن، مەملىكىتىمىزدە ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىگە بولغان ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈم، خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىلىقىدىكى سوتسىيالىستىك سىياسىي تۈزۈم ۋە ماركسىزمنى يېتەكچى قىلغان سوتسىيالىستىك ئىدېئولوگىيە بەرپا قىلىندى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئاھالىمىز كۆپ، ئاساسىمىز ئاجىز، بىر مىلياردتىن ئارتۇق ئاھالىنىڭ 800 مىليونى يېزىدا، ئۇلار ھېلىمۇ ئاساسىي جەھەتتىن قول ئەمگىكى سايمانلىرى بىلەن قورساقتا ئىشلەۋاتىدۇ، سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈم تېخى كامال تاپقىنى يوق، سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسىي تېخى مۇكەممەللىشىپ كەتكىنى يوق، فېئودالىزم ۋە كاپىتالىزمغا خاس چىرىك ئىدىيىلەرنىڭ ۋە ئۇششاق ئىشلەپچىقىرىشقا خاس ئادەت كۈچلىرىنىڭ جەمئىيەتتىكى تەسىرى تېخى كەڭ. بۇ ھال بىزدە سوتسىيالىزم بەرپا قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تېخى كامال تاپمىغانلىقىنى، تېخى مۇكەممەللەشمىگەنلىكىنى، بىزنىڭ يەنىلا سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلىقىمىزنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

بۇنداق ئەھۋال، ئاساسەن مەملىكىتىمىزدە ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار يوقىتىلغان، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي كۈچى غايەت زور دەرىجىدە ئاشقان بولسىمۇ، لېكىن ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى سەۋىيىسىنىڭ يەنىلا بىر قەدەر تۆۋەن بولۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت. بۇنداق تۆۋەنلىك سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىمىزنىڭ خەلق ئىگىلىكىدە تۇتقان سالمىقىغىلا قاراپ ئېيتىلغان ئەمەس، بەلكى ھازىرقى دۇنيا ئەللىرىنىڭ سانائەتلىشىش ۋە زامانىۋىلىشىش سەۋىيىسىگە قاراپ ئېيتىلغان. بىزگە مەلۇمكى، دۆلىتىمىزنىڭ سانائىتى ئەسلىدىلا ناھايىتى قالاق ئىدى، 1949 - يىلى دېموكراتىك ئىنقىلاب غەلىبە قىلغان چاغدا، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئومۇمىي قىممىتىدە تۇتقان سالمىقى 30 پىرسەنتكىمۇ يەتمەيتتى، 1 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئارقىلىق، سانائەت ناھايىتى زور دەرىجىدە راۋاجلىنىپ، 1956 - يىلى سوتسىيالىزمغا قەدەم قويغان چېغىمىزدىمۇ، سانائەت، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئومۇمىي قىممىتىدە ئاران 50 پىرسەنتنى ئىگىلىدى. كېيىن، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش جەريانىدا بەزى خاتالىقلارنى ئۆتكۈزگەن بولساقمۇ، يەنىلا زامانىۋىلاشقان بىر تۈركۈم يىرىك سانائەتنى قۇرۇۋالدۇق، بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، لۇشيەنىنىڭ توغرا بولۇشى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا، زامانىۋى سانائەت كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە راۋاجلاندى، ھازىر، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى سانائەت، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئومۇمىي قىممىتىدە 67 پىرسەنتنى ئىگىلەيدۇ، يېزا ئىگىلىكى ئاران 32 پىرسەنتنى ئىگىلەيدۇ، سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ قىممىتى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى قىممىتىنىڭ ئىككى ھەسسىسىگە باراۋەر كېلىدۇ. ئىلگىرى مۇشۇنداق بولىدىغان بولسا، دۆلىتىمىزنى ئاللىقاچان سانائەتلىشىپ بولغان سانائەت دۆلىتى دېيىشكە بولاتتى. چۈنكى، ئىلگىرى XVIII، XIX ئەسىرلەردىكى كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ ۋە كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سانائەتلىشىشى سانائەت مەھسۇلاتلىرى قىممىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ قىممىتىدىن ئېشىپ كېتىشىنى ئۆلچەم قىلغان. لېكىن ھازىر ئۇنداق ئەمەس، يېقىنقى 20 يىل مابەينىدە، دۇنيا كاپىتالىزمىنىڭ پەن - تېخنىكىسى ۋە زامانىۋى سانائىتى ناھايىتى زور دەرىجىدە راۋاجلاندى. دۆلىتىمىزنى دۇنيا دائىرىسىگە قويغاندا، ئاھالىمىزنىڭ 70 — 80 پىرسەنتى يېزىدا، مىللىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ جان سانىغا توغرا كېلىدىغان ئومۇمىي قىممىتى دۇنيا بويىچە ئاخىرقى قاتاردا تۇرىدۇ. دۇنيا بانكىسىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، 1984 - يىلى مەملىكىتىمىزدە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ جان سانىغا توغرا كېلىدىغان ئومۇمىي قىممىتى... 128 دۆلەت ۋە رايون ئىچىدە ئارقىدىن سانىغاندا 20 - ئورۇنغا توغرا كەلگەن، ھازىرمۇ ئانچە چوڭ ئۆزگىرىش بولغىنى يوق. بۇ ھال سانائىتىمىزنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىنىڭ دۇنيادىكى تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر-

نىڭكىگە قارىغاندا يەنىلا ئارقىدا ئىكەنلىكىنى، سانائەتلىشىش، زامانىۋىلىشىش ئۆلچىمى-دىن تېخى ناھايىتى يىراق تۇرىدىغانلىقىنى، تېخى سانائەتلەشكەن، زامانىۋىلاشقان دۆلەت قاتارىدا تۇرالمايدىغانلىقىمىزنى، مىللىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ جان سانىغا توغرا كېلىدىغان ئومۇمىي قىممىتى جەھەتتە ئوتتۇرا ھال تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭ سە-ۋىيىسىگە يەتكەندىلا، يەنى جان سانىغا 4000 ئامېرىكا دوللىرى توغرا كەلگەندىلا، ئاندىن ئاساسىي جەھەتتىن سانائەتلەشكەن ۋە زامانىۋىلاشقان دۆلەتلەر قاتارىغا ئۆتە-لەيدىغانلىقىمىزنى چۈشەندۈرىدۇ. دېمەك، ئاھالىنىڭ تۈزۈلۈشى، جان سانىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە دارامەت بىر دۆلەتنىڭ سانائەتلىشىش ۋە زامانىۋىلىشىش ئۆلچە-مىگە يەتكەن - يەتمىگەنلىكىنى بەلگىلەيدىغان ئۆلچەم ھېسابلىنىدۇ. بۇ — ھازىرقى دۇن-يانىڭ يېڭى ئۆلچىمىدۇر. پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنىڭ ستراتېگىيىلىك ئورۇنلاش-تۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسەن ئۈچ قەدەمگە بۆلۈنۈشى ئەنە شۇنىڭغا ئاساسەن بولغان. بىرىنچى قەدەمدە، مىللىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئومۇمىي قىممىتىنى 1980 - يىلىدىكىدىن بىر قاتلاپ، خەلقنىڭ كىيىمىنى پۈتۈن قىلىش، قورسىقىنى تويغۇزۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش؛ ئىككىنچى قەدەمدە، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا مىللىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئومۇمىي قىممىتىنى يەنە بىر ھەسسە ئاشۇرۇپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈ-زۈش؛ ئۈچىنچى قەدەمدە، كېلەر ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، مىللىي ئىشلەپچىقىرىش قىم-مىتىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىنى ئوتتۇراھال تەرەققىي قىلغان مەملىكەتلەرنىڭكىگە يەتكۈزۈپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى بىر قەدەر باياشات قىلىش بەلگىلەندى. بۇ ئۈچ قەدەمنى بېسىپ بولۇش ئۈچۈن، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ 100 يىلچە ۋاقىت كېتىدۇ، بۇ ئۇزاق تارىخىي باسقۇچ بىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، پەقەت سوت-سىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىنلا ئىبارەت بولىدۇكى، ئۇنىڭدىن باشقا باسقۇچنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

ناھايىتى ئېنىقكى، سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچى باشقىلاردىن كۆ-چۈرۈپ كېلىنگەن ياكى كىتابتىن تېپىۋېلىنغان نەرسە بولماستىن، بەلكى دۆلىتىمىزنىڭ تارىخىي ۋە ھازىرقى ئەھۋالىغا ئاساسەن بەلگىلەنگەن. مەملىكىتىمىزنىڭ ئەھۋالىنى ئاساس قىلىپ سوتسىيالىزم قۇرۇش دېگەنلىك سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىن ئىبارەت مۇشۇ ئەڭ تۈپ ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، ماركسىزم - لېنىنىزملىق مەيدان، نۇقتىئىنەزەر ۋە ئۇسۇلنى قوللىنىپ، چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، بۇ ئەڭ تۈپ ئەمەلىيەتنى ئىلمىي ئاساستا چۈشەندۈرۈش دېگەنلىكتۇر، مانا بۇ — بىزگە ئوخشاش نەزەرىيە ساھەسىدىكىلەر ئۈچۈن، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇزاق مەزگىلگىچە ئەڭ مۇھىم تەتقىقات تېمىسى بولۇپ قالىدۇ.

# تارىخىي ئەھمىيەتلىك چوڭ بىر مەسىلە

## — سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى زىددىيەت سىستېمىسى

ياڭ خەنجاڭ

(پەلسەپە فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى)

سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچى ناھايىتى ئۇزاق مۇددەتلىك بىر تارىخىي جەرياندۇر. بىزنىڭ بۇ جەرياننىڭ ئەھۋالى ۋە ئۇنىڭ قانۇنىيەتلىرى توغرىسىدىكى تونۇشىمىز بىر مۇنچە جەھەتلەردە تېخى تولۇق ۋە چوڭقۇر ئەمەس، بەزىلىرىنى كەلگۈسىدىكى يېڭى تونۇشىمىز بويىچە تۈزىتىشكە توغرا كېلىدۇ. سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى تارىخىي ۋەزىپىلەرنى ئوڭۇشلۇق ئورۇنلاشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، بىزنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىمىز سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتكە ماسلىشىشى كېرەك، بۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ تۆۋەن باسقۇچنىڭ ئەھۋالى ۋە قانۇنىيەتلىرى ئۈستىدە تېخىمۇ تولۇق، تېخىمۇ چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بارماي بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە، سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى زىددىيەتلەرنىڭ ئەھۋالىنى تەھلىل ۋە تەتقىق قىلىش ھەممىدىن مۇھىمدۇر.

سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچى ھەر خىل زىددىيەتلەر بىلەن تولغان بىر سىستېمىدىن ئىبارەت. بۇ زىددىيەت سىستېمىسىنىڭ باش گەۋدىسىنى ئىگىلەپ، بۇ سىستېمىدىكى تۈرلۈك زىددىيەتلەرنىڭ خاراكتېرى، ئالاھىدىلىكى، ئورنى، رولى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزئارا باغلىنىشىنى تەھلىل قىلىپ، ئۇنى ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇلى ۋە يوللىرىنى تېپىپ چىقىش دەۋرنىڭ بىزگە ئوخشاش پەلسەپە خادىملىرىغا تاپشۇرغان شانلىق ۋەزىپىسى. بىز بۇ ۋەزىپىنى ئاڭلىق ھالدا ئۈستىمىزگە ئېلىپ، تۈرلۈك تەرەپلەردىن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىز لازىم. 13 - قۇرۇلتايدا سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچى توغرىسىدىكى نەزەرىيە رەسمىي ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن بۇيان، ئانچە ئۇزاق بولمىغان ۋاقىت ئىچىدە، سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىغا دائىر تۈرلۈك ماقالىلار، ئەسەرلەر خۇددى يامغۇردىن كېيىنكى بامبۇك نوتىسىدەك ئارقا ـ ئارقىدىن بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. بۇ قىزغىنلىق ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا ياخشى ئەھۋال، بۇ كۆپچىلىكنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچى توغرىسىدىكى مەسىلىنى تەتقىق قىلىشقا ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. لېكىن شۇنىمۇ ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەككى، سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچى توغرىسىدىكى مەسىلىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلغىنىغا ئانچە ئۇزاق بولمىغاچقا، بىزنىڭ بۇ ھەقتىكى تونۇشىمىزمۇ تېخى «تۆۋەن باسقۇچ» تا تۇر-

ماقتا، «سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچى» دېگەن بۇ ئىلمىي ئۇقۇم تېخى ئابستراكت ئۇقۇمدىن كونكرېت ئۇقۇمغا ئۆتۈش جەريانىدا تۇرماقتا، ئوتتۇرىغا قويۇلغان بەلگىلىمىلەرنى يەنە داۋاملىق سىناپ كۆرۈشكە توغرا كېلىدۇ، تېخىمۇ نۇرغۇنلىغان تۈرلۈك بەلگىلىمىلەرنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تېپىشقا ۋە تەتقىق قىلىشقا، تەھلىل قىلىشقا ۋە ئومۇملاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى سىستېمىلىق، ئومۇمىيۈزلۈك يەكۈنلەش تېخى بالدۇر، سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچى توغرىسىدىكى نەزەرىيە سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرىدىغان شەرتلەر تېخى پىشىپ يېتىلمىدى. دەۋر بىزدىن ئاۋۋال سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچى توغرىسىدىكى نەزەرىيە رامكىسىنى قۇرۇۋېلىپ، ئاندىن ئۇنى ئەمەلىي مەزمۇن بىلەن تولدۇرۇپ چىقىشنى، ئاۋۋال يۈرەكلىك ھالدا بەزى «قانۇنىيەت» لەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئاندىن ئۇنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئېھتىياتچانلىق بىلەن ماتېرىيال توپلاشنى ئەمەس، بەلكى سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى زىددىيەت ئەھۋالىنى پۇختا، چوڭقۇر، كونكرېت ھالدا كۆزىتىپ، ئاندىن ئۇنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى تېپىپ چىقىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇنداق بولمىسا، پارتىيىمىزنىڭ بىرقانچە يىللىق ئەمەلىيەت ئارقىلىق ھاسىل قىلغان سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچى توغرىسىدىكى تونۇشى تەجرىبىچىلىك فورمۇلىسىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. 13 - قۇرۇلتايدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچى توغرىسىدىكى نەزەرىيە سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەتقىق قىلىشىمىز ئۈچۈن يول ئېچىپ بەردى، لېكىن سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچى توغرىسىدىكى ھەقىقەتنى تولۇق ئېچىپ بەرگىنى يوق؛ سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىنى تەتقىق قىلىشىمىز ئۈچۈن نىشان كۆرسىتىپ بەردى، لېكىن ئۇ سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچى توغرىسىدىكى ئەمەلىي تەتقىقاتنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. شۇڭا، بىز بىر تەرەپتىن، 13 - قۇرۇلتاينىڭ سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچى توغرىسىدىكى نەزەرىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشىمىز لازىم؛ يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ نەزەرىيىدە گەۋدىلەندۈرۈلگەن ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ مەيدانى، نۇقتىئىنەزەرى ۋە ئۇسۇلىنى يېتەكچى قىلىپ، سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى تۈرلۈك مەسىلىلەرنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەتقىق قىلىشىمىز لازىم.

سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى زىددىيەت سىستېمىسىنى تەتقىق قىلىش شۇنىڭ ئۈچۈن تارىخىي ئەھمىيەتلىك چوڭ مەسىلىكى، بىرىنچىدىن، سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى زىددىيەتلەرنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلماي تۇرۇپ، مەملىكىتىمىزدە ئىنقىلاب ئەمەلىيىتىدىكى «ئىككىنچى قېتىملىق سەكرەش» نى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، يەنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاش مۇمكىن ئەمەس. پارتىيىمىز سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى زىددىيەت ئەھۋالىنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، بۇ تارىخىي باسقۇچنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى ئوتتۇرىغا قويدى، لېكىن بۇ ئاساسىي لۇشيەنىنى

ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، يەنە بىر قاتار كونكرېت لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەرنى تۈزۈپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ، ھالبۇكى، بۇ ئىشلارنى سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى كونكرېت زىددىيەتلەرنى كونكرېت تەھلىل قىلماي تۇرۇپ ئورۇنلاش مۇمكىن ئەمەس. ئىككىنچىدىن، سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى زىددىيەتلەرنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلماي تۇرۇپ، مەملىكىتىمىزدە ماركسىزم نەزەرىيىسىدىكى «ئىككىنچى قېتىملىق سەكرەش»نى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، يەنى يېڭى تارىخىي شارائىتتا ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى بېيىتىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاش مۇمكىن ئەمەس. پارتىيىمىز جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي كۈرىشىگە رەھبەرلىك قىلىش جەريانىدا، جۇڭگو خەلقىگە تايىنىپ جۇڭگونىڭ ئەھۋالىنى چۈشىنىپ، جۇڭگو جەمئىيىتىدىكى زىددىيەت ئەھۋالىنى ئەستايىدىل كۆزىتىپ ۋە تەھلىل قىلىپ، ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ ئومۇمىي پرىنسىپلىرىنى جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇردى، تۈرلۈك زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىش جەريانىدا ۋە بۇ تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ئاساسىدا، ماركسىزم - لېنىنىزمنى راۋاجلاندۇرۇپ، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. بۈگۈنكى كۈندە، ئوخشاشلا، يېڭى تارىخىي شارائىتتا، سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى زىددىيەت ئەھۋالىنى ئەستايىدىل كۆزىتىپ ۋە تەھلىل قىلىپ، ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ ئومۇمىي پرىنسىپلىرىنى جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھات ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز، سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى تۈرلۈك زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىش جەريانىدا ۋە بۇ تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ئاساسىدا، ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى بېيىتىپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، ئۇنى يېڭى بىر باسقۇچقا كۆتۈرۈشىمىز لازىم. مانا بۇ — ماركسىزمنىڭ جۇڭگودىكى يېڭى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىزنىڭ ئاچقۇچى، شۇنداقلا بۈگۈنكى كۈندە ماركسىزمنى راۋاجلاندۇرۇشىمىزنىڭ يېڭى ساھەسى ۋە ئاساسىي يولى. زىددىيەتنى تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى يەنىلا سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىنى بىلىشنىڭ تۈپ ئۇسۇلىدۇر.

## ماركسىزملىق ئېتىكا دۇچ كېلىۋاتقان يېڭى مەسىلە

لۇ گوجيې

(مەكتەپنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، پروفېسسور)

سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى مۇھىم بىر نەزەرىيە مەسىلىسى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئۆلچىمى مەسىلىسىدۇر. سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدە ئىشلەپچىقىرىش

كۆچلىرىنىڭ تەرەققىياتى يەنىلا پۈتكۈل جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئاخىرقى ھەل قىلغۇچ كۈچى ھېسابلىنىدۇ، شۇڭا، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى بىلەن ئۈستقۇرۇلما سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى ئىشلەپچىقىرىش كۆچلىرىنىڭ ئەمەلىي سەۋىيىسىگە ۋە تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن كەلگەندىلا، ئاندىن ئىشلەپچىقىرىش كۆچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېخىمۇ ياخشى ھالدا ئالغا سۈرەلەيدۇ. ئەگەر سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى ئىشلەپچىقىرىش كۆچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرەلمىسە، خەلق ئاممىسىنىڭ كۈندىن-كۈنگە ئۆسۈۋاتقان ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرالمىسا، ئۇ ھالدا، سوتسىيالىزمنىڭ تىلغا ئالغۇدەك يەنە نېمە ئەۋزەللىكى بولسۇن؟

ھەممىدە ئىشلەپچىقىرىش كۆچلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ئاساس قىلىش، ھەممىدە ئىشلەپچىقىرىش كۆچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولۇشىنى كۆزدە تۇتۇش سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىنى تەتقىق قىلىشتىكى تۈپ نۇقتىئىنەزەرنىڭ بىرى، شۇنداقلا ئۇ جەمئىيىتىمىزنىڭ ئەخلاق ھادىسىلىرىنى تەتقىق قىلىش جەھەتتىن ئالغاندىمۇ، مۇھىم يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە. ئەخلاق ئىقتىسادىي بازىس ئۈستىگە قۇرۇلغان ئۈستقۇرۇلما بولغانلىقى ئۈچۈن، بارلىق ئەخلاق پرىنسىپلىرى، ئەخلاق قائىدىلىرى ۋە ئەخلاق كۆز قاراشلىرىنىڭ ئەقىلگە مۇۋاپىق ياكى مۇۋاپىق ئەمەسلىكىگە ھۆكۈم قىلىشتىمۇ، ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۆچلىرىگە نىسبەتەن قانداق رول ئوينىغانلىقىنى، يەنى ئىشلەپچىقىرىش كۆچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولغان ياكى بولمىغانلىقىنى نەزەرگە ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئەمەلىيىتىدە ئەمەلىي تۇرمۇش شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئىگىلىك يارىتىش روھى، جاسارەت بىلەن قېتىلىپ ئىشلەش روھى، رىقابەتلىشىش روھى ۋە ۋاقىت كۆز قارىشى، ئۈنۈم كۆز قارىشى، مەنپەئەت كۆز قارىشى قاتارلىق يېڭى كۆز قاراشلارنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى نۆۋەتتىكى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۆچلىرىنىڭ تېز سۈرئەت بىلەن راۋاجلىنىشىغا تۈرتكە بولۇپ، ماددىي بايلىقنىڭ كەڭرەك دائىرىدە كۆپىيىشىنى ئىلگىرى سۈردى، شۇنىڭ بىلەن كۆپ ساندىكى خەلقىمىزنىڭ ماددىي تۇرمۇش ئەھۋالىنى روشەن ھالدا ياخشىلىدى، تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا، خەلق ئاممىسىنىڭ ئەخلاق سەۋىيىسىنىمۇ ئۆستۈردى. بولۇپمۇ بىزنىڭ سوتسىيالىزمىمىز يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان كاپىتالىزم جەمئىيىتىدىن تۆرەلمىگەن، تاۋار ئىگىلىكىمىز تەرەققىي قىلمىغان، شۇڭا، سوتسىيالىستىك پىلانلىق تاۋار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش مەملىكىتىمىزدە ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۆچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ مۇھىم بىر ھالقىسى بولۇپ قالدى. لېكىن، فېئودالىزم ئىدىيىسىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن تىجارەت ۋە سودا-سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىش ئۇزاقتىن بېرى كەمسىتىلىپ كەلدى. «مەككارلىق» سودىگەرلىك بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، سودا تىجارىتى ئەخلاقسىز ئىشلار بىلەن بىر قاتاردا قويۇلۇپ كەلدى. فېئوداللىق ئەخلاق ئېگىنى ئاساس قىلىۋالغان كى-

شىلەر ھەتتا: كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىدە ئىقتىسادىي مۇددىئا كۆزلەنگەنلا ئىكەن،
بۇ مۇددىئا نېمىنى كۆزلىگەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، كىشىلەرنىڭ ئەخلاقىي پەزىلىتىنى
بۇزىدۇ، ئەخلاقلىق، نىيىتى تۈز، سەممىي ئادەم «پۇل» ئۈستىدە گەپ قىلماسلىقى
كېرەك، كىمكى مەنپەئەت ئېلىشنى كۆزلەيدىكەن، ئۇ «چاكىنا ئادەم» دۇر، دەپ قاراپ
كەلدى. جۇڭگونىڭ فېئودالىزم جەمئىيىتىدە ئىزچىل تۈردە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇپ
كەلگەن كۇڭزىچىلارنىڭ ئىنساپ، مەنپەئەت كۆز قارىشى ئىنساپنى مۇھىم بىلىپ، مەن-
پەئەتكە سەل قارايدىغان، ئىنساپنى ئەلا بىلىپ، مەنپەئەتنى پەس كۆرىدىغان، ئالدى
بىلەن ئىنساپنى، ئاندىن كېيىن مەنپەئەتنى كۆزدە تۇتىدىغان ۋە ئىنساپ ئارقىلىق
مەنپەئەتنى تېزگىنلەيدىغان كۆز قاراشتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ دەل كۇڭزىنىڭ «ئالىي-
جانابلار ئىنساپنى بىلىدۇ، چاكىنىلار مەنپەئەتنى بىلىدۇ» دېگەن سۆزىنىڭ ئۆزىدۇر. شۇنى
كۆرۈشىمىز كېرەككى، سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات دولقۇنى بۇ فېئو-
داللىق ئەخلاق ئىدىيىسىنى شىددەت بىلەن سۈپۈرۈپ تاشلىماقتا. بىراق، ئۇ نەچچە
مىڭ يىل داۋام قىلىپ كەلگەچكە، چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەن، ئۇنى قىسقا ۋاقىت
ئىچىدىلا بىر تەرەپ قىلىۋەتكىلى بولمايدۇ. بۇ جەھەتتە، بىزگە ئوخشاش ماركسىزملىق
ئېتىكا نەزەرىيىسى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار يەنىلا ئېغىر ۋەزىپىگە دۇچ كەلمەكتىمىز.
سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، تاۋار ئىگىلىكىنى راۋاجلان-
دۇرۇشىمىزغا توسالغۇ بولۇپ تۇرۇۋاتقان روھىي كىشەننى ئۈزۈل - كېسىل پاچاقلاپ
تاشلاپ، پۈتۈن جەمئىيەتتە يېڭى قىممەت ئىدىيىسىنى تىكلىشىمىز لازىم. ھالال ئەمگەك
بىلەن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان سودا ئىشلىرىنى ھەققانىي ھەرىكەت دەپ قاراپلا قالماي،
بەلكى ئۇنىڭغا ئەخلاقىي جەھەتتىنمۇ توغرا باھا بېرىشىمىز لازىم. سوتسىيالىزمنىڭ
تۆۋەن باسقۇچىدا، كارخانا ئۈچۈن، كوللېكتىپ ئۈچۈن، دۆلەت ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپرەك
پايدا ئېلىشقا تىرىشىۋاتقان كارخانىچىلار، تىجارەتچىلەرنىڭ بولۇشى ئىجتىمائىي، ئىقتى-
سادىي تەرەققىياتنىڭ ئېھتىياجى ئىكەنلىكىنى ھەممە ئادەمگە بىلدۈرۈشىمىز كېرەك.
تېخىمۇ كۆپ پايدا ئېلىشنى كۆزلەپ، جەمئىيەتنىڭ بايلىقىنى ئاشۇرۇپ، خەلقنىڭ
تۇرمۇشىنى ئۆستۈرۈپ، دۆلەتنىڭ باي، قۇدرەتلىك بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان يېڭى
ئىدىيە سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، تولۇق بولغان ئەخلاقىي،
مەنىۋى شەرت يارىتىپ بېرىدۇ.

شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، بىزدە سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچى سوتسىيا-
لىزم جەمئىيىتىنىڭ بىر تەرەققىيات باسقۇچى بولۇپ، ئۇ ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلى-
كىنى ئاساسىي گەۋدە قىلىدۇ، ماركسىزمنى يېتەكچى ئىدىيە قىلىدۇ ۋە ئاخىرىدا كوممۇ-
نىزمغا ئۆتىدۇ، بۇنداق بولغاندا، سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى ئەخلاقتىمۇ
قىممەت جەھەتتىن يېتەكلەش مەسىلىسى مەۋجۇت. دېمەك، سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن
باسقۇچىدا ئەخلاقلارنىڭ ھەممىسى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىنىڭ قىممەت نىشانىدىن نېرى

كېتەلمەيدۇ. سوتسىيالىزمنىڭ خاراكتېرىغا ۋە ئەخلاقىنىڭ يېتەكچىلىك رولىغا ئاساسلانغاندا، بىزنىڭ ئەخلاق پرىنسىپىمىز پەقەت شەخسنىڭ، كوللېكتىپنىڭ ۋە دۆلەتنىڭ مەنپەئەتىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرىدىغان كوللېكتىۋىزمدىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك. بۇنداق كوللېكتىۋىزم ھەم ئومۇمىي مەنپەئەت بىلەن شەخسىي مەنپەئەتنىڭ ئورگانىك بىرلىكىنى تەكىتلىشى، ھەم شەخسىي مەنپەئەت بىلەن كوللېكتىپ ۋە دۆلەت مەنپەئەتى ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت توغۇلۇپ قالسا، ئومۇمىيلىقنى ئېتىبارغا ئېلىپ، شەخسىي مەنپەئەتنى دۆلەت مەنپەئەتىگە بويسۇندۇرۇش روھىنى تەكىتلىشى لازىم. شۇڭا، شەخسنىلا مەركەز قىلىدىغان بارلىق شەخسىيەتچىلىك، شەخسىي مەنپەئەتنىلا كۆزلەيدىغان، باشقىلارنىڭ زىيىنى ھېسابىغا ئۆزى پايدا ئالىدىغان بارلىق مەنپەئەتپەرەستلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بايرىقىنى ئېسىۋېلىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارغا ئەخلاقىي باھا جەھەتتىن قارشى تۇرۇشىمىز لازىم. مەملىكىتىمىزدە ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان ئاساسىي قانۇندا، ھەربىر پۇقرانىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاققا رىئايە قىلىشىنى، يەنى «ۋەتەننى سۆيۈشى، خەلقنى سۆيۈشى، ئەمگەكنى سۆيۈشى، ئىلىم - پەننى سۆيۈشى، سوتسىيالىزمنى سۆيۈشى» بەلگىلەنگەن، بۇ مەملىكىتىمىزدە سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى ئەخلاق تەلىپىگە پۈتۈنلەي ئۇيغۇن كېلىدۇ، شۇڭا ئۇ بارلىق كىشىلەرنىڭ ئەخلاقىي پائالىيىتىگە باھا بېرىدىغان ئەڭ تۈپ ئۆلچەمگە ئايلىنىشى كېرەك.

دېمەك، سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى ئەخلاق قۇرۇلۇشىدا، چوقۇم ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش، ھەممىدە بىر تەرەپلىمىلىكتىن ساقلىنىش لازىم. تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئەخلاق پرىنسىپى ۋە ئەخلاق كۆز قارىشى جەھەتتە ۋاقتى ئۆتكەن، سوتسىيالىستىك تاۋار ئىشلەپچىقىرىشقا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان كونا ئىدىيىلەرنى قەتئىي بۇزۇپ تاشلاپ، مۇناسىپ ھالدىكى يېڭى ئىدىيىلەرنى تۇرغۇزۇشىمىز لازىم. يەنە شۇنىڭغىمۇ دىققەت قىلىش كېرەككى، بىزنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى تەكىتلىشىمىز، مەنپەئەت كۆز قارىشىنى تەكىتلىشىمىز ھەرگىزمۇ بەزىلەرنى شەخسىيەتچىلىك ئىدىيىسىگە يېتەكلىگەنلىك ياكى ئىلھاملاندۇرغانلىق ئەمەس، ھەممىدە پۇلغا قاراش كېرەك دېگەنلىكمۇ ئەمەس. شەخسىينىڭ، كوللېكتىپنىڭ ۋە دۆلەتنىڭ مەنپەئەتى مۇناسىۋىتىگە توغرا مۇئامىلە قىلىشنى تەكىتلىگەندە، شەخسنىڭ ئورۇنلۇق مەنپەئەتىگە ئېتىبار بېرىش، ئۇنى قوغداش ۋە ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە تىرىشىپ قاندۇرۇش، كىشىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ھالال ئەمگىكىگە تايىنىپ باي بولۇشىغا ئىلھام بېرىش، شۇنىڭ بىلەن بىللە، تاۋار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش جەريانىدا ئوتتۇرىغا چىققان مەنپەئەتپەرەستلىك، پۇلنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش، ساختىپەزلىك قىلىش، ئويدۇرمىچىلىق قىلىش، ئەتكەسچىلىك قىلىش، پارىخورلۇق قىلىش قاتارلىق بولمىغۇر ئەھۋاللارغا قارشى تۇرۇش ۋە ئۇنى ئەيىبلەش لازىم. شۇنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، دۆلىتىمىزدە، كۆپچىلىك كىشىلەر مەنپەئەتپەرەستلىك قىلىپ، ھەممىدە پۇلنى ئاساس

قىلىش ئىدىيىسىدە بولسا، سوتسىيالىزمنى ئويلاپمۇ قويمىسا، ئۇ ھالدا، بىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىمىز ۋە ئىسلاھ قىلىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشلىرىمىزنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئوڭۇشلۇق بولماسلىقى مۇمكىن، ھەتتا ئېغىر زىيانغا ئۇچرىشىمۇ مۇمكىن، سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدا، ئىقتىسادىي ساھەدە، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي تەقسىمات مۇناسىۋىتىدە بۇرۇنقىدەك ئۇزاق مۇددەت چوڭ قازاننىڭ تامىقىنى يېيىش، تەڭ تەقسىماتچىلىق قىلىش خاھىشلىرىنى تۈگىتىش، ئەمگىكىگە قاراپ تەقسىم قىلىش ۋە تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم. لېكىن، تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇشنى ھەرگىز كىشىلەر بىلەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ بىردىنبىر مىزانى قىلىۋالماسلىقىمىز لازىم. كوللېكتىپنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن، خەلقنىڭ بەختى ئۈچۈن، دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشى ئۈچۈن، ئاۋال ئومۇمنى، ئاندىن شەخسنى كۆزدە تۇتۇش، ئومۇمنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن شەخسىي مەنپەئەتنى قۇربان قىلىشتەك پىداكارلىق روھىنى تەشەببۇس قىلىشىمىز لازىم. ئەگەر بۇ روھنى تاشلىۋەتسەك، ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئەتىنى مەركەز قىلىۋېلىپ، ئۆزىگە پايدىلىق بولسا ئىشلەيدىغان، پايدىسىز بولسا ئىشلىمەيدىغان بولۇۋالىدۇ ۋە ئۇنى جەمئىيىتىمىزنىڭ ھازىرقى ئەڭ ئادىل ئەخلاق مىزانى دەپ قارايدۇ، بۇنداق بولغاندا، سوتسىيالىزم توغرىسىدا قانداقمۇ ئېغىز ئاچقىلى بولسۇن؟

قىسقىسى، سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچى توغرىسىدىكى نەزەرىيىسىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى ئەخلاق قۇرۇلۇشى بىلەن ئېتىكا تەتقىقاتىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرىدۇ. بىر تەرەپتىن، ئېتىكا تەتقىقاتىمىزنى تېخىمۇ ياخشى ھالدا تەسەۋۋۇرنى ئەمەس، رېئاللىقنى، خىيالنى ئەمەس، ئىلىم-پەننى، ئابستراكت نەزەرىيىنى ئەمەس، كونكرېت تۇرمۇشنى ئاساس قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن، بىزنى تېخىمۇ ياخشى ھالدا سوتسىيالىستىك ئەخلاقنىڭ قىممەت جەھەتتىكى يېتەكچىلىك رولىدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش، سوتسىيالىستىك كوللېكتىۋىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش، بۇرژۇئا شەخسىيەتچىلىكىگە قارشى تۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچى توغرىسىدىكى نەزەرىيە ھەرگىزمۇ جەمئىيەتتە ھازىر ساقلىنىۋاتقان تۈرلۈك ئەخلاقسىزلىق ھادىسىلىرىنى ئاقلايدىغان باناسەۋەب ئەمەس، بۇنداق پاسسىپ ھادىسىلەرنى ئەپۇ قىلىش ھەتتا ئۇنىڭغا يول قويۇپ بېرىشنىڭ ئاساسىمۇ ئەمەس. ئۇ ھەم نۆۋەتتىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ماس كەلمەيدىغان كونا ئىدىيىنى يېڭىلىشىمىزغا تۈرتكە بولىدۇ، ھەم سوتسىيالىستىك ئەخلاقنىڭ تەڭشەش ۋە يېتەكلەش رولىدا چىڭ تۇرۇپ، مىللىي روھىمىزنى ئويغىتىپ، زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، سوتسىيالىستىك ئېتىكا تەتقىقاتىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى يارىتىشىمىزغا تۈرتكە بولىدۇ.

# سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان قانۇن نۇقتىئىنەزەرىنى تىكلەيلى


سۇڭ گوخۇا

(قانۇن فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى)


13 - قۇرۇلتاينىڭ مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى نەزەرىيىسى مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسىي ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى ئۈچۈن نەزەرىيىۋى ئاساس يارىتىپ، نىشاننى كۆرسىتىپ بەردى، فاكتېنى بەلگىلەپ بەردى، ۋەزىپىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، قەدەم - باسقۇچلارنى پىلانلاپ بەردى. سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى ئەھۋالىمىز مەملىكىتىمىزدە دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىمىزنىڭ ھەم جىددىيلىكىنى، ھەم ئۇزاق مۇددەتلىكلىكىنى بەلگىلىدى. تىرىشىپ سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسىي بەرپا قىلىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ دېموكراتىك سىياسىسىنى پەيدىنپەي تۈزۈملەشتۈرۈش، قانۇنلاشتۇرۇش «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» نىڭ قايتا يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىپ، دۆلەتنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك خاتىرجەملىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ تۈپ كاپالىتى، زامانىۋىلاشقان باي، قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك سوتسىيالىستىك مەملىكەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ تۈپ سىياسىي شەرتى، شۇنداقلا قانۇنشۇناسلىرىمىزنىڭ مۇقەددەس بۇرچى. قانۇنشۇناسلىرىمىزنىڭ ۋەزىپىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن مۇنداق ئىككى جەھەتكە، يەنى يول ئېچىش ۋە ئەقىل كۆرسىتىشكە يىغىنچاقلاش مۇمكىن.

يول ئېچىش دېگىنىمىز سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن يول ئېچىشتىن ئىبارەت. بۇنىڭ ئۈچۈن، سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان قانۇن نۇقتىئىنەزەرىنى تىكلەش زۆرۈر. مەملىكىتىمىزدىكى قانۇن نەزەرىيىچىلىرىنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، بۇنى تۆۋەندىكى سەككىز جەھەتتىن چۈشەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ:

1 . سوتسىيالىستىك قانۇن پرىنسىپلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىدىن چەتلىگەن ھالدا ئابستراكت بايان قىلىدىغان تارىخىي ئىدېئالىستىك نۇقتىئىنەزەرىنى تۈگىتىپ، سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى ئەھۋالنى ئاساس قىلىپ، بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتىدا چىڭ تۇرىدىغان قانۇن نۇقتىئىنەزەرىنى تىكلەش.

2 . «سىنىپىي كۈرەشنى تۇتقا قىلىش» پرىنسىپى بويىچە، قانۇننىڭ دىكتاتۇرا رولىنى بىر تەرەپلىمە ھالدا تەكىتلەيدىغان نۇقتىئىنەزەرىنى تۈگىتىپ، قانۇننىڭ سىنىپىي ھۆكۈمرانلىق رولى بىلەن ئىجتىمائىي ئاممىۋى رولىنى (بۇ ئىككىسى قانۇننىڭ ئوخشاش

بىر ماھىيىتىنى ئەكس ئەتتۈردۇ) تەڭ ئىجرا قىلىش، يەنى قانۇننىڭ سىنىپىيلىكى بىلەن ئىجتىمائىيلىقىنى بىرلەشتۈرۈش نۇقتىئىنەزەرىنى تىكلەش.

3 . قانۇننىڭ سىنىپىيلىكى بىلەن ئىزچىللىقىنى قارىمۇ قارشى قىلىپ قويۇش نۇقتىئىنەزەرىنى تۈگىتىپ، قانۇننىڭ سىنىپىيلىكى بىلەن ئىزچىللىقىنى بىرلەشتۈرۈش نۇقتىئىنەزەرىنى تىكلەش.

4 . فېئوداللىق ئىمتىياز ئاساسىدىكى قانۇن نۇقتىئىنەزەرىنى تۈگىتىپ، قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر بولۇش نۇقتىئىنەزەرىنى تىكلەش.

5 . پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەتنى ئايرىماي، پارتىيىنى ھۆكۈمەت ئورنىغا دەسسىتىدىغان، پارتىيە سىياسىتىنى ئىجرا قىلىش بىلەن قانۇننى ئىجرا قىلىشنى قارىمۇ-قارشى قىلىپ قويىدىغان قانۇن نۇقتىئىنەزەرىنى تۈگىتىپ، پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ ۋەزىپىسىنى ئايرىيدىغان، پارتىيىنى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇن دائىرىسىدە ھەرىكەت قىلدۇرىدىغان، پارتىيە سىياسىتىنى ئىجرا قىلىش بىلەن قانۇننى ئىجرا قىلىشنى بىرلەشتۈرىدىغان قانۇن نۇقتىئىنەزەرىنى تىكلەش.

6 . سۆزنى قانۇن ئورنىغا دەسسىتىدىغان، «ئادەم بىلەن ئىدارە قىلىدىغان» قانۇن نۇقتىئىنەزەرىنى تۈگىتىپ، قانۇن بويىچە ئىش قىلىدىغان، قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىدىغان قانۇن نۇقتىئىنەزەرىنى تىكلەش.

7 . قانۇننىڭ جازالاش رولىنى بىر تەرەپلىمە ھالدا تەكىتلەپ، «قانۇن» دېمەك — «جازا» دېمەكتۇر، «جازا» دېمەك — «قانۇن» دېمەكتۇر، دەيدىغان ناتوغرا ئىدىيە ئاساسىدىكى قانۇن نۇقتىئىنەزەرىنى تۈگىتىپ، قانۇننىڭ رولىنى ئەتراپلىق چۈشىنىدىغان، قانۇننىڭ ئىقتىساد، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ئىجابىي پائالىيەتچانلىق رولىغا ئەھمىيەت بېرىدىغان قانۇن نۇقتىئىنەزەرىنى تىكلەش.

8 . ئۆز مەيلىچە ئىش قىلىدىغان سۇبيېكتىپچىلىق ئاساسىدىكى قانۇن نۇقتىئىنەزەرىنى تۈگىتىپ، ئىلمىي ئاساستىكى قانۇن نۇقتىئىنەزەرىنى تىكلەش.

قانۇنشۇناسلىق تەتقىقاتى، بىر تەرەپتىن، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى ئۈچۈن كەڭ تۈردە جامائەت پىكرى توپلاپ، يول ئېچىشى لازىم. يەنە بىر تەرەپتىن، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئەقىل كۆرسىتىشى لازىم. بۇ ئىش قانۇنشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ ئىلمىيلىكىنى داۋاملىق تۈردە ئۆستۈرۈپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. قانۇنشۇناسلىق قانۇن ھادىسىلىرىنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيىتىنىلا (جەمئىيەت تەرەققىياتى قانۇنىيىتىنىڭ قانۇن ھادىسىلىرىدىكى ئىپادىسى) تەتقىق قىلىپ قالماي، بەلكى قانۇن ھادىسىلىرىنىڭ ئالاھىدە قانۇنىيىتىنىمۇ (مەخسۇس قانۇن مەسىلىلىرى) چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، سوتسىيالىزمنىڭ تۈۋەن باسقۇچىدىكى قانۇن ھادىسىلىرىنىڭ قانۇنىيىتىنى سېستېمىلىق تەتقىق قىلىپ، قانۇندىن ئىبارەت بۇ قورالنىڭ تۈرلۈك ئىقتىدارىنى چوڭقۇر شەرھىيلەپ، سوتسىيالىزمنىڭ تۈۋەن

باسقۇچىدىكى ئەھۋال ۋە ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان، جۇڭگوچە مۇكەممەل بولغان يېڭى قانۇنشۇناسلىقنى بەرپا قىلىپ، ئىقتىساد، سىياسىي، پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنى قانۇن ۋاستىلىرىدىن تېخىمۇ ئوبدان پايدىلىنىش يولى بىلەن باشقۇرۇش لازىم.

بۇنىڭ ئۈچۈن، ماركسىزملىق مەيدان، نۇقتىئىنەزەر ۋە ئۇسۇلدا چىڭ تۇرۇش ئاساسىدا، پايدىلىنىشقا بولىدىغان بارلىق ئىلمىي ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ، بۇلار ئارقىلىق قانۇنشۇناسلىقنى قوراللاندۇرۇشىمىز، زۆرۈر بولغان تەتقىقات كوللېكتىپىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، «پارچە ئىلىم» چەكلىمىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئومۇمىيۈزلۈك، كۆپ تەرەپلىمىلىك مەخسۇس تېمىلار بويىچە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، تەتقىق قىلىش جەريانىدا ماركسىزملىق قانۇنشۇناسلىق نەزەرىيىسىنى بېيىتىشىمىز ۋە راۋاجلاندۇرۇشىمىز لازىم. قانۇنشۇناسلىق تەتقىقاتى دۇنياغا يۈزلىنىپ، باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ يېتەرسىزلىكىنى تولدۇرۇشى، نەزەر دائىرىسىنى يېڭىلىشى، كېلەچەككە يۈزلىنىپ، تەرەققىي قىلىۋاتقان ئىستىقبالىنى كۆرۈشى، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا يۈزلىنىپ، سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكىمىزنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى ئۈچۈن، يول ئېچىپ، ئەقىل كۆرسىتىشى كېرەك. ھالبۇكى، بۇ ئۈچ تەرەپ بىر - بىرىنى تەقەززا قىلىدۇ، بۇ ئۈچ تەرەپ ئوبدان بىرلەشتۈرۈلسە، مەملىكىتىمىزنىڭ قانۇنشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ تېخىمۇ زور تەرەققىياتقا ئېرىشىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

— «جۇڭگو خەلق داشۆسى ئىلمىي ژۇرنىلى»
1988 - يىل 3 - سانىدىن ئېلىندى.
(قەيۇم قۇربان تەرجىمىسى)

# سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكىنىڭ يېڭى تەرتىپىنى ئورنىتىش مەسىلىسى توغرىسىدا

جۇماخۇن نىياز

سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكىنىڭ يېڭى تەرتىپىنى ئورنىتىش، نۆۋەتتە، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا دۇچ كەلگەن مۇھىم بىر مەسىلە بولۇپ، بۇ مەسىلىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىش ۋە بۇ ھەقتە بىر قەدەر ئەتراپلىق، توغرا قاراشنى تىكلەش ئىنتايىن زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

## بىرىنچى، نەزەرىيە جەھەتتە

1 . ھەرقانداق بىر ئىجتىمائىي ھالەتتە، كىشىلەرنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيەتلىرىدە مەلۇم قائىدە ۋە تەرتىپنىڭ شەكىللىنىشى مۇقەررەر. بۇنداق قائىدە-تەرتىپلەر ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنىڭ نورمال ئېلىپ بېرىلىشىنى ۋە راۋاجلىنىشىنى تەمىن ئېتىدىغان، ئىقتىسادىي تۇرمۇشتا قالايمىقانچىلىقلارنىڭ يۈز بېرىشىنى توسىدىغان، ئىقتىسادىي تۇرمۇشنىڭ تۈرلۈك زىددىيەتلىرىنى تەڭشەپ تۇرىدىغان، جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي ئىقتىسادىي گەۋدىلىرىنىڭ ھەرىكىتىنى كونترول قىلىپ، ئۇنىڭ پۈتۈن جەمئىيەتكە ۋە باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزمەسلىكىنى كاپالەتلەندۈرىدىغان مۇھىم ئىجتىمائىي مېخانىزم. تاۋار ئىگىلىكى شارائىتىدا تېخىمۇ شۇنداق. كاپىتالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات جەريانى ئۆز نۆۋىتىدە بازارغا دائىر قائىدە-ئۆلچەم ۋە تۈزۈملەرنىڭ تۇرغۇزۇلۇش جەريانى بولدى. بۇ جەريان، كاپىتالىزمنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى ئىقتىسادىي ھەرىكەتلەردە قائىدە-ئۆلچەم بولماسلىق، ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تەرتىپ قالايمىقان بولۇشتەك خېلى ئۇزاق بىر جەرياننىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان، كېيىن كاپىتالىستىك تاۋار ئىگىلىكىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، دۆلەت قانۇن چىقىرىش، كىشىلەر كېلىشىپ ئادەتلىنىش قاتارلىق يوللار بىلەن كىشىلەرنىڭ ئىقتىسادىي ھەرىكەتلىرىنى چەكلەپ تۇرىدىغان، نورمال سودىنى ۋە كاپىتالىستىك ئەركىن رىقابەتكە كاپالەتلىك قىلىدىغان، دۆلەتنىڭ تىزگىنلىشىگە ئىقتىسادقا ئارىلىشىشىغا كاپالەتلىك قىلى-

دىغان قانۇن - تۈزۈملەرنىڭ، قائىدە - ئۆلچەملەرنىڭ پەيدىنپەي ئورنىتىلىشى كاپىتالىزم شارائىتىدىكى تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرتىپىنى ئورنىتىش ۋە مۇستەھكەملەشتە كۈچلۈك پىشاڭ بولدى. سوتسىيالىستىك ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساس قىلغان پىلانلىق تاۋار ئىگىلىكى. سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكىنىڭ بۇ خاراكتېرى ئۇنىڭ جەزمەن قانۇن - تۈزۈملىرى، قائىدە - ئۆلچەملىرى بولغان، تەرتىپلىك تاۋار ئىگىلىكى بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن.

2 . هازىر، ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدا مەھسۇلات ئىگىلىكى ئەندىزىسىدىن تاۋار ئىگىلىكى ئەندىزىسىگە بۇرۇلۇش ئەمەلگە ئاشۇرۇلىۋاتىدۇ. بۇ ئوخشاش بولمىغان ئىقتىسادىي تۈزۈلمە تەلەپ قىلىدىغان ھەرىكەت ئۆلچىمىنىڭ ئوخشاش بولمايدىغانلىقىنى، ئىقتىسادىي تەرتىپنىڭمۇ ئوخشاش بولمايدىغانلىقىنى بەلگىلەيدىغان بىر ئوبيېكتىپ ئاساس. بۇ، ئوخشاش بولمىغان ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئوخشاش بولمىغان ھەرىكەت ئۆلچىمىنىڭ، ئوخشاش بولمىغان ئىقتىسادىي تەرتىپنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ ھەم بىر ئوبيېكتىپ مۇقەررەرلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. مەسىلەن، ئومۇمىي تاۋار ئىگىلىكى شارائىتىدا، تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇش، تەڭ - باراۋەر رىقابەتلىشىش ئەڭ ئاساسلىق ھەرىكەت ئۆلچىمى ھېسابلىنىدۇ؛ ئەنئەنىۋى پىلانلىق ئىگىلىك ئاستىدىكى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە شارائىتىدا، پىلاننىڭ ئۆزى قانۇن، پىلانغا بويسۇنۇشنىڭ ئۆزى تەرتىپ ھېسابلىناتتى. بۇ، كاپىتالىستىك تاۋار ئىگىلىكى تاۋار ئىگىلىكىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى شەكلى، سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتىكى تاۋار مۇناسىۋەتلىرىمۇ كاپىتالىستىك تاۋار ئىگىلىكىنىڭ قالدۇقىدىن باشقا نەرسە ئەمەس — دەپ قارايدىغان خاتا ئەنئەنىۋى قاراش تۈپەيلىدىن پىلانلىق ئىگىلىك بىلەن تاۋار ئىگىلىكى، پىلانلىق بولۇش قانۇنىيىتى بىلەن قىممەت قانۇنىيىتى بىر - بىرىگە قارىمۇ - قارشى قىلىپ قويۇلغانلىقىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى ۋە گەۋدىلىك ئىپادىسى. ئەمەلىيەتتە بولسا، پىلانلىق ئىگىلىك بىلەن تاۋار ئىگىلىكى سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئاساسىدا بىرلىشىپ، پىلانلىق تاۋار ئىگىلىكىنى شەكىللەندۈرىدۇ. پىلانلىق تاۋار ئىگىلىكى سوتسىيالىستىك ئىگىلىكىنىڭ ئاساسىي بەلگىسى. ئۇنىڭ پىلانلىق تەرەققىي قىلىشى ئۇنىڭ كاپىتالىستىك بازار ئىگىلىكىدىن تۈپتىن پەرقلىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇنىڭ تاۋار ئىگىلىكى ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ كەلگۈسىدىكى كوممۇنىزملىق مەھسۇلات ئىگىلىكىدىن پرىنسىپال پەرقلىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. مۇنداق ئىكەن، سوتسىيالىزم تەرەققىياتىنىڭ تاۋار ئىگىلىكىدىن ئىبارەت بۇ باسقۇچىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ مەھسۇلات ئىگىلىكىنى يولغا قويۇشتا زۆرۈر بولغان ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ھازىرلانمىغان ئەھۋال ئاستىدا، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىمۇ تاۋار ئىگىلىكى باسقۇچىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، تەبىئىي ئىگىلىكتىن مەھسۇلات ئىگىلىكىگە بىۋاسىتە ئۆتۈشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. بۇھال سوتسىيالىستىك پىلانلىق تاۋار ئىگىلىكىنىڭمۇ ئۆزىگە خاس قانۇن - تۈزۈملىرى،

ھەرىكەت ئۆلچەملىرى بولغان تەرتىپلىك تاۋار ئىگىلىكى بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن. بۇ پەقەت يېڭى ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى كونا ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش داۋامىدىلا ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ. بۇ ئىلگىرىكى كونا ھەرىكەت ئۆلچەملىرىنى ئۈزۈل-كېسىل ئۆزگەرتىشنى، شۇنىڭدەك سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكىنىڭ قانۇن-تۈزۈملىرىنى، قائىدە-ئۆلچەملىرىنى ھەرىكەت مىزانلىرىنى ئورنىتىشنى ۋە تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن. سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكىنىڭ يېڭى تەرتىپىنى ئورنىتىش دېگەنلىك، ئاساسلىقى، تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان، تاۋار ئىگىلىكنىڭ راۋاجلىنىشىغا دەخلى يەتكۈزىۋاتقان قائىدە-ئۆلچىمى يوق ھەرىكەتلەرنى ۋە قالايمىقانچىلىقلارنى قېلىپقا سېلىش، ھازىر يۈرگۈزىلىۋاتقان تۈرلۈك قانۇن-تۈزۈملەرنى، سىياسەت، بەلگىلىمىلەرنى تەرتىپكە سېلىپ، ئۇلارنى بىر-بىرىگە ماسلاشتۇرۇش، تېخىمۇ ياخشىلاش، مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە ئامىلاشتۇرۇش، بۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا قانۇننى ئىجرا قىلىدىغان تارماقلارنىڭ خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، يېڭى تەرتىپنى ئورنىتىشنى تەشكىلىي جەھەتتە كاپالەتلەندۈرۈش، قىسقىسى، سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئۇيغۇن كېلىدىغان قائىدە-تۈزۈملەرنى ۋە ھەرىكەت مىزانلىرىنى قانۇنلاشتۇرۇش، قېلىپلاشتۇرۇش، تۈزۈملەشتۈرۈش دېگەنلىك.

سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكىنىڭ يېڭى تەرتىپىنى ئورنىتىش — ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرگە دائىر يېڭى قائىدە-تۈزۈملەرنى ئورنىتىشنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۇنىڭغا مۇۋاپىق كېلىدىغان سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى دېموكراتىك سىياسىنىڭ ھەرىكەت مېخانىزمىنى، ئىدىيە، مەدەنىيەت، ئەخلاق ئۆلچىمىنى، مەركەز بىلەن يەرلىك ئوتتۇرىسىدىكى، يەرلىك بىلەن يەرلىك ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## ئىككىنچى. ئىدىيە-سىياسىي جەھەتتە

1. سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكىنىڭ يېڭى تەرتىپىنى ئورنىتىش — سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان قانۇن-تۈزۈم، قائىدە-ئۆلچەم ۋە ھەرىكەت مىزانى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە تاۋار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ماس كېلىدىغان ئىدىيە ۋە نوقتىئىنەزەرنى تۇرغۇزۇۋېلىشنى ۋە ئۇنى سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن دائىم يېڭىلاپ تۇرۇشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بولمىسا، تاۋار ئىگىلىكىنىڭ يېڭى تەرتىپىنى ئورنىتىش ئىدىيە جەھەتتە كاپالەتكە ئىگە بولالمايدۇ. ئىسلاھاتنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىلا، بۇ جەھەتتىكى ئىدىيىۋى تەييارلىق يېتەرلىك بولمىغاچقا، گەرچە

بىز ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئارقىلىق كونا تۈزۈلمىدىكى باشقۇرۇش شەكلىنى ۋە ھەرىكەت ئۇسۇلىنى بۇزۇپ تاشلاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە كونا تۈزۈلمىدىكى ھەرىكەت مىزانلىرىنى، قائىدە - تۈزۈملەرنىمۇ بۇزۇپ تاشلىغان بولساقمۇ، لېكىن، يېڭى تاۋار ئىگىلىكىگە ماس كېلىدىغان ھەرىكەت مىزانلىرىنى ۋە قائىدە - تۈزۈملەرنى ئورنىتىشقا ئۈلگۈرەلمىدۇق. شۇڭا، تۈرلۈك ئىقتىسادىي پائالىيەتلەر قانۇن - تۈزۈملەر، قائىدە-ئۆلچەملەر، ۋە ھەرىكەت مىزانلىرى مۇجمەل بولغان ئەھۋال ئاستىدا ئېلىپ بېرىلدى. بۇ، ئىجتىمائىي — ئىقتىسادىي تۇرمۇشتا سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىسىز بولغان ئەھۋاللارنىڭ يۈز بېرىشىگە سەۋەب بولدى. مەسىلەن، ئىجتىمائىي كەيپىيات جەھەتتە بەزى پاسسىپ ئامىللار كۆپىيىپ قېلىۋاتىدۇ: خىيانەتچىلىك قىلىپ چىرىكلىشىش، پارىخورلۇقنىڭ ئەۋج ئېلىپ قېلىشى، ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىش، تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنى قوغلىشىش، بيۇروكراتلىق قىلىش، مەسئۇلىيەتتىن قېچىش، يالغانچىلىق قىلىش، سۈلەتۋازلىققا بېرىلىپ ئىسراپچىلىق قىلىش، ئىنتىزامدا چېچىلاڭغۇلۇق قىلىش، ئەخلاقتا كەتتۇرۇپ قويۇش؛ سودا ئىشلىرىدا چۆپقەتچىلىك، ئىمتىيازنى ۋە پۇل پارە بېرىشنى ئاساسىي ۋاستە قىلىۋېلىش؛ ئومۇمىي مەنپەئەتنى كۆزدە تۇتماي قىسمەن مەنپەئەتنىلا قوغلىشىش، يەرلىك سىياسەتلەر كۆپىيىپ كېتىش؛ ھەممە پۇل تېپىشقىلا بېرىلىپ كېتىش، ئىقتىسادىي ئۇنۇم تۆۋەنلەپ كېتىش؛ ماكرو جەھەتتە تېز-گىنلەش تەدبىرلىرى ئاجىزلاپ قېلىش قاتارلىقلار ھازىر ئاممىنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغاۋاتقان ئىشلار بولۇپ، بۇ ئەينى ۋاقىتتا يەنە بىر قىسىم ئاممىنىڭ ئىسلاھاتقا، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا ئۆزىنى بېغىشلاش قىزغىنلىقى تۆۋەنلەپ، ئۈمىدسىزلىك، سوغۇق مۇئامىلە قىلىش، ئىشەنمەسلىك كەيپىياتلىرىنىڭ ئۆسۈپ قېلىشىغىمۇ سەۋەب بولۇپ قېلىۋاتىدۇ، خىزمەتتىكى، ئۆگىنىشتىكى بوشاڭلىق، پاسسىپلىق جەمئىيەتتە بەزى ھادىسىلەرنىڭ پات - پات يۈز بېرىشىگىمۇ سەۋەب بولۇۋاتىدۇ. مانا بۇلار نۆۋەتتە سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكىنىڭ يېڭى تەرتىپىنى ئورنىتىشنى زۆرۈر قىلىپ قويۇۋاتقان، مۇقىمسىزلىققا، تەرتىپسىزلىككە كىرىدىغان ئەھۋاللار بولۇپ، بۇ سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكىنىڭ يېڭى تەرتىپىنى ئورنىتىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ئالدى بىلەن ئىدىيىدە ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش كېرەكلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

2 . سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكىنىڭ يېڭى تەرتىپىنى ئورنىتىش ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراپلا قالماستىن، بەلكى يەنە سىياسىي تۈزۈلمىنىڭمۇ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش تەلىپىگە ماسلىشىش ئۈچۈن، ھۆكۈمەت، تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچىلار ۋە ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلاردىن ئىبارەت ئاساسىي ئىقتىسادىي ھەرىكەت گەۋدىلىرىنىڭ ھەرىكەتلىرى سوتسىيالىستىك پىلانلىق تاۋار ئىگىلىكى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان قانۇن - تۈزۈم، قائىدە - ئۆلچەم ۋە ھەرىكەت مىزانى بويىچە ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك. بولمىسا ئىقتىسادىي جەھەتتە قالايمىقانچىلىق، سىياسىي

جەھەتتە مۇقىمسىزلىق، ئىدىيە جەھەتتە چىرىكلىشىش يۈز بېرىپ، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا پايدىسىز تۈرلۈك پاسسىپ ئەھۋاللار كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. ھەتتا، بۇ ئەھۋاللار تەرەققىي قىلىپ پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا چىرىكلىشىش ھادىسىلىرىنى پەيدا قىلىدىغان ئىقتىسادىي ئاساسقا ئايلىنىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن، ئىشلەپچىقىرىشتىكى ھۆكۈمەتسىزلىك، قارىغۇلۇق، دېھقانچىلىقنى تاشلاپ ئوقەتكە بېرىلىپ كېتىش، پىلاننىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىماسلىق، پىلاننىڭ سۈرئىتى ۋە ئىلمىيلىقى بارغانسېرى تۆۋەنلەپ كېتىش، پىلاننىڭ سىرتىدىكى قۇرۇلۇش تۈرلىرى كۆپىيىپ كېتىپ نۇقتىلىق قۇرۇلۇشقا سېلىنىدىغان مەبلەغ يېتىشمەسلىك، ئالماشتۇرۇشتىكى پارىخورلۇق، ھايانكەشلىك، چۆپقەتچىلىك، ئىمتىيازدىن پايدىلىنىپ ئۆز نەپسىگە يوغ تارتىش؛ رىقابەتتىكى تەڭسىزلىك، باراۋەرسىزلىك؛ بازار باشقۇرۇشتىكى «قالايمىقان سېلىق سېلىش، قالايمىقان جەرىمانە ئېلىش»، قاقتى - سوقتى قىلىپ ئۆز چۆنتىكىنى تولدۇرۇش؛ تەقسىماتتىكى ئادىلسىزلىق، قىسمەن مەنپەەتنى قوغلىشىپ ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان سېلىش؛ ئىستېمالدىكى كىچىك گۇرۇھنىڭ «پاراۋانلىقى» نى قوغلىشىش، ئازراق ئىشلەپ كۆپ ئىستېمال قىلىش، مۇددەتتىن ئىلگىرى ئىستېمال قىلىش، يۇقىرى ئىستېمال، يۇقىرى پاراۋانلىقنى تەكىتلەش قاتارلىق ئەھۋاللار ئىقتىسادىي ھەرىكەتلەرنىڭ نورمال ئېلىپ بېرىلىشىغا توسالغۇلۇق قىلىپلا قالماستىن، بەلكى پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا چىرىكلىشىش ھادىسىلىرىنى پەيدا قىلىدىغان ئىقتىسادىي ئاساسقا، ئىجتىمائىي بۆشۈككە ئايلىنىپ قېلىۋاتىدۇ.

يۇقىرىدىكى ھادىسىلار ئالغا ئىلگىرىلەش جەريانىدىكى مەسىلىلەر بولسىمۇ، لېكىن، بۇ مەسىلىلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ياكى ئەۋج ئېلىپ قىلىشى تۈزۈلمە ئىسلاھاتىغا، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا، سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ تىنچ - مۇقىملىقىغا، مىللىتىمىزنىڭ بۈگۈندىن كېيىنكى گۈللىنىشىگە تەسىر قىلماي قالمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكىنىڭ يېڭى تەرتىپىنى ئورنىتىش ئىقتىسادىي جەھەتتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى سىياسىي جەھەتتىمۇ زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

## ئۈچىنچى، ئەمەلىي جەھەتتە

بىزگە مەلۇم، نۆۋەتتە پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئاساسى ۋەزىپە ئىسلاھاتنى تېزلىتىش، چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئىسلاھات ئارقىلىق ئومۇمىي ۋەزىيەتنى ئىگىلەش، سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنى، ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇشنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش. مۇنداقكەن، سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكىنىڭ يېڭى تەرتىپىنى ئورنىتىشنى تېزلىتىشمۇ نۆۋەتتە ئىسلاھاتنى تېزلىتىش ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجى. چۈنكى، دۆلىتىمىز ھازىر يېڭى ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى كونا ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ ئورنىغا

دەسسىتىش مەزگىلىدە تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن پۈتۈنلەي تاۋار ئىگىلىكى ئەندىزىسىگە ئۆتۈش تېخى ئورۇنلانغىنى يوق، ئىككى خىل ئىگىلىك قۇرۇلمىسى ئوتتۇرىسىدىكى ۋە ئىككى خىل ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئوتتۇرىسىدىكى تۈرلۈك زىددىيەتلەر بىزنى دائىم چىرمىۋېلىپ، تاۋار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشقا توسقۇنلۇق قىلىدىغان بىر خىل رېئال كۈچ بولۇپ قالدى. مۇنداق توسالغۇلاردىن بۆسۈپ ئۆتۈپ كېتىش ئۈچۈن، مەركەزنىڭ ستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، خەلق ئىگىلىكىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرىدىغان تۈرلۈك تەدبىرلەرنى ئۆز ۋاقتىدا ئوتتۇرىغا قويۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ساغلام بازارنى يېتىشتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرىدىغان، ئاساسىي ئىقتىسادىي ھەرىكەت گەۋدىلىرىنى چەكلەپ تۇرالايدىغان، نورمال تاۋار ئىگىلىكى تەرتىپىنى قوغداشقا پايدىلىق بولغان تۈرلۈك قانۇن - تۈزۈملەرنى، قائىدە - ئۆلچەملەرنى ۋە ھەرىكەت مىزانلىرىنى تۇرغۇزۇش ھەم مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. بۇ، ئىسلاھات ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەرنى مۇستەھكەملەپ؛ ئىسلاھاتنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كونا تۈزۈلمىنىڭ يوقىلىشىنى ۋە سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكى يېڭى تۈزۈلمىسىنىڭ شەكىللىنىشىنى ۋە مۇكەممەللىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق، شۇنىڭدەك ئاساسىي ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنى يۈرۈشتۈرۈپ، ئىلگىرىكى مەمۇرىي بۇيرۇق ئاساسىدىكى كونا قاتمال مۇناسىۋەتنىڭ ئورنىغا ئىقتىسادىي مەنپەئەت ئاساسىدىكى يېڭى مۇناسىۋەتنى دەسسىتىشكە، بۇنىڭ بىلەن مەركەز بىلەن يەرلىك ئوتتۇرىسىدا يەرلىك بىلەن يەرلىك ئوتتۇرىسىدا، ھۆكۈمەت بىلەن كارخانا ئوتتۇرىسىدا كارخانا بىلەن كارخانا ئوتتۇرىسىدا، كارخانا بىلەن ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئوتتۇرىسىدا، دۆلەت بىلەن شەخسلەر ئوتتۇرىسىدا ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا پايدىلىق، بۇ مۇناسىۋەت ھەر قايسىسىنىڭ ھوقۇق، مەجبۇرىيەتلىرى يەنىمۇ ئېنىق ھالدا ئايرىلغان، ھەرقايسىسى ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى قەتئىي ئادا قىلىدىغان، ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى جارى قىلالايدىغان ۋە شۇنىڭغا چۇشلۇق مەنپەئەتكە ئىگە بولالايدىغان، ئۆز ئارا ھەقىقەتەن باراۋەر - ئادىل رىقابەتنى ئىشقا ئاشۇرالايدىغان ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىقتىسادىي مەنپەئەت مۇناسىۋىتى بولۇشى كېرەك. بۇ ھەم ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى، ھەم ئاساسىي ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەر (يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئالتە تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت) نىڭ يۈرۈشكەن يۈرۈشمىگەنلىكىنىڭ مۇھىم بىر بەلگىسى. لېكىن، سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكىنىڭ يېڭى تەرتىپى تېخى مۇكەممەل ئورنىتىلىپ كەتمىگەچكە، ئاساسىي ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەر يۈرۈشۈپ كەتكىنى يوق. شۇڭا، نۆۋەتتىكى ئاساسىي ۋەزىپە ئىسلاھاتنى تېزلىتىش ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىقتىسادىي مەنپەئەت مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىش پىرىنسىپى بويىچە، ئاساسىي ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنى يۈرۈشتۈرۈش، ھوقۇق، مەسئۇلىيەت ئېنىق بولۇش شەرتى ئاستىدا، ھوقۇق، مەسئۇلىيەتنى ئېنىق ئايرىش بىلەن

مەنپەئەتنى ئەقىلگە مۇۋاپىق تەقسىم قىلىشنى بىرلەشتۈرۈپ، تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشنى رىغبەتلەندۈرۈش، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت.

دېمەك، سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكىنىڭ يېڭى تەرتىپىنى ئورنىتىشنى تېزلەشتۈرۈش، نۆۋەتتە ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش، ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇشنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى بولۇپ، سىياسىي - ئىدىيە جەھەتتە بولسۇن، ئىقتىسادىي جەھەتتە بولسۇن ئىنتايىن زور ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇڭا، نۇقتىلىق تۈردە ھەم ئەمەلىيەت جەريانىدا جىددىي ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بولۇپ قالغان، ھەم ئاساسەن پىشىپ قالغان نەرسىلەرنى چىڭ تۇتۇپ، كارخانىلارنى جانلاندۇرۇش ۋە ھۆكۈمەت بىلەن كارخانىنى ئايرىۋېتىشكە پايدىلىق بولۇش پرىنسىپى بويىچە، ھەرقايسى ئاساسىي ئىقتىسادىي گەۋدىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى، يەنى ھۆكۈمەتنىڭ، تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ ۋە ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلارنىڭ ھەرىكىتىنى تۈزۈلمىدىكى بۇرۇلۇشقا ماسلاشتۇرۇش ھەم ئۇنى قېلىپلاشتۇرۇش، قانۇنلاشتۇرۇش، تۈزۈملەشتۈرۈش لازىم. بۇ سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكىنىڭ يېڭى تەرتىپىنى ئورنىتىشنىڭ تەلىپى.

ئۇنداق بولسا، سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكىنىڭ يېڭى تەرتىپىنى ئورنىتىشنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى نېمە؟ سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكىنىڭ يېڭى تەرتىپىنى ئورنىتىشنىڭ يېتەكچى ئىدىيە: بىرنى مەركەز قىلىشتا، ئىككى ئاساسىي نۇقتىدا چىڭ تۇرۇش، ئىسلاھ قىلىشقا، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشكە، ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇشقا پايدىلىق بولۇش پرىنسىپى بويىچە، تاۋار ئىگىلىكىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان تۈرلۈك تۈزۈملەرنى، قائىدىلەرنى بەرپا قىلىش ۋە ساغلاملاشتۇرۇش، ئىقتىسادىي ھەرىكەتلەرنى نازارەت قىلىش ۋە تەڭپۇڭلاشتۇرۇش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش ۋە ساغلاملاشتۇرۇش، قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈش، ئىقتىسادىي قانۇنىيەتلەر بويىچە ئىش قىلىش، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، بۇنىڭ بىلەن قانۇن - تۈزۈملەر مۇكەممەل بولۇش، ھۆكۈمەت پاك بولۇش، خەلقتە دېموكراتىيە بولۇش، جەمئىيەت تىنچ - مۇقىم بولۇش، ئىقتىساد گۈللەنگەن بولۇش مەقسىتىگە يېتىشتىن ئىبارەت.

بۇ يەردە تىلغا ئېلىنىۋاتقان «تەرتىپ» قانۇن (سىياسەت) سىستېمىسى بىلەن ئۇنىڭغا مۇناسىپ تەشكىلىي ئاپاراتلار سىستېمىسىنىڭ يىغىندىسىنى كۆرسىتىدۇ. بۇلار ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت ۋە ئورتاق ئىرادە بويىچە تۈزۈپ چىقىلغان، شۇنىڭدەك جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ئاساسىي ھەرىكەت گەۋدىلىرى ئورتاق ئەمەل قىلىدىغان ھەرىكەت ئۆلچىمى بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. جۈملىدىن قانۇن (سىياسەت) شەكلى بىلەن جامائەتكە ئېلان قىلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى نازارەت قىلىش ئۈچۈن، بۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا مەلۇم تەشكىلىي ئاپپاراتلار تەسىس قىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇكەممەل، ئەقىل-

گە مۇۋاپىق ئىقتىسادىي قانۇن-تۈزۈملەر (سىياسەت) قاتتىق نازارەت قىلىش ئاپپاراتـ
لىرىنىڭ بولۇشى سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكىنىڭ يېڭى تەرتىپىنى ئورنىتىش ۋە ئەـ
مەلگە ئاشۇرۇشتا قويۇلىدىغان ئىككى ئاساسىي تەلەپ، چۈنكى، تاۋار ئىگىلىكىنىڭ قاـ
نۇن - تۈزۈم قۇرۇلۇشى تۈرلۈك قانۇن - تۈزۈم، سىياسەت - بەلگىلىمە، قائىدە - ئۆلچەم،
ھەرىكەت مىزانلىرىنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە قاتتىق، مۇـ
كەممەل بولغان بىر قانۇننى ئىجرا قىلىش ۋە ئۇنىڭ ئىجراسىنى نازارەت قىلىش
سىستېمىسىنىڭمۇ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا، يۇقىرىدىكى يېتەكچى ئىدىيە ۋە ئىككى
ئاساسىي تەلەپ بويىچە، ئالدى بىلەن ھازىر يولغا قويۇلۋاتقان قانۇن - تۈزۈملەرنى
ئاساسىي ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنى يۈرۈشتۈرۈش نىشانىسى بويىچە تەكشۈرۈپ ئىنقىلاپ،
ئۇنىڭ ئىچىدە سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئۇيغۇن كېلىدىغانلىرىنى
تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈپ قەتئىي ئىجرا قىلىش، يوچۇقلار بولسا قەتئىي ئېتىۋېتىش،
يېتەرسىزلىكلەر بولسا تولۇقلاپ يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش، بۇنىڭ بىلەن بارلىق ئىقـ
تىسادىي پائالىيەتلەردە قانۇن بويىچە ئىش كۆرىدىغان قانۇنغا جەزمەن ئەمەل قىلىـ
دىغان، قانۇننى قەتئىي ئىجرا قىلىدىغان كەيپىياتنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. قانۇن
تۈزۈملەر بار تۇرۇپ ئەمەل قىلماسلىق، قانۇن - تۈزۈملەر يوق دېگەن بىلەن باراۋەر. پەـ
قەت تۈرلۈك قانۇن - تۈزۈملەرنىڭ ۋە ھەرىكەت مىزانلىرىنىڭ ئۈنۈملۈك چەكلەش
مېخانىزمى بولۇپ قىلىشقا كاپالەتلىك قىلغاندىلا ئاندىن قانۇننى قەتئىي ئىجرا قىـ
لىدىغان، قانۇنغا قەتئىي ئەمەل قىلىدىغان ئىجتىمائىي كەيپىياتنى شەكىللەندۈرگىلى بوـ
لىدۇ. شۇڭا، تۈرلۈك قانۇن - تۈزۈملەرنىڭ، سىياسەت - بەلگىلىمەرنىڭ ۋە ھەرىكەت
مىزانلىرىنىڭ بولۇشىلا كۇپايە قىلمايدۇ. يەنە بۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا تەشكىلىي ئاپپارات
قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇپ، قانۇننى ئىجرا قىلىدىغان ۋە نازارەت قىلىدىغان تارماقلار
(مەسىلەن، باج، مال باھاسى، ستاتىستىكا، ئەدلىيە، تەپتىش، مۇپەتتىش، بانكا ،مالىيە
قاتارلىق ئورگانلار) نىڭ نازارەت قىلىش (دۆلەتنىڭ ھوقۇقلۇق ئورگانلىرى نازارەت
قىلىش، دۆلەتنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورگانلىرى نازارەت قىلىش، دۆلەتنىڭ ئەدلىيەـ
تەپتىش ئورگانلىرى نازارەت قىلىش، بانكا ئارقىلىق نازارەت قىلىش، مۇپەتتىش ئورـ
گانلىرى نازارەت قىلىش، كەسپىي ئورۇنلار نازارەت قىلىش، ئاممىا نازارەت قىلىش،
كارخانىلارنىڭ ئىچكى قىسىمدا نازارەت قىلىش، شۇنىڭدەك يەنە جامائەت پىكرى ئارـ
قىلىق نازارەت قىلىش، ھەرقايسى پارتىيە، گۇرۇھ ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار نازارەت
قىلىش قاتارلىقلار) خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە رولىنى جارى قىلىش كېرەك. بۇ بىر
تەرەپتىن تاۋار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى بولسا، يەنە بىر تەـ
رەپتىن سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە، قانۇن - تۈزۈم قۇرۇلۇشىنىڭمۇ تەلىپى. ئالدىنقىسى
سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكىنىڭ يېڭى تەرتىپىنى ئورنىتىشنىڭ سىياسىي - ئىدىيەۋى
كاپالىتى بولسا، كېيىنكىسى ئۇنىڭ مۇھىم تەشكىلىي كاپالىتى بولىدۇ. بۇ يەنە يۇقىرىـ

دىكى تەلەپ بويىچە قېلىپلاشتۇرۇلغان ئىقتىسادىي ۋاستىلەردىن بارلىق ئىقتىسادىي پائالىيەتلەردە تولۇق پايدىلىنىپ، تۈرلۈك ئىقتىسادىي پىشاڭلارنىڭ رولىنى تېخىمۇ جارى قىلىشنى ھەمدە سىياسىي قانۇن ساھەسىدە، سودا - سانائەت باشقۇرۇش ئورۇنلىرىدا ئىشلەۋاتقان كادىرلارنىڭ سۈپىتىنى ئەتراپلىق ئۆستۈرۈشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئەلۋەتتە.

شۇنداق قىلغاندىلا، جەمئىيىتىمىزدىكى ھەرقايسى ئاساسىي ھەرىكەت گەۋدىلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى، ھوقۇقى، مەنپەئەتى ئېنىق ئايرىلغان، ھەرقايسى ئاساسىي ھەرىكەت گەۋدى-لىرىنىڭ ئاكتىپلىقى، ئىجادچانلىقى مۇۋاپىق دەرىجىدە تولۇق جارى قىلىنغان، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ۋە ئىلىم - پەن، تېخنىكا، ھۈنەر - سەنئەت تېز يۈكسەلگەن بولۇش؛ تاۋار ئالماشتۇرۇشتا تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇش ۋە تەڭ - باراۋەر رىقابەت-لىشىش پرىنسىپى ھەقىقىي تۈردە ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان بولۇش؛ تەقسىمات سوتسىيالىس-تىك پرىنسىپ بويىچە ئادىل ئېلىپ بېرىلغان بولۇش؛ ئىقتىساد، سىياسىي، مەدەنىيەت، مائارىپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت بىر - بىرىگە ماسلاشقان ھالدا تەرەققىي قىلغان بولۇش، باراۋەر، ئۆز ئارا مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان، مۇستەقىل - ئۆزىگە ئۆزى خوجا خەلقئارا ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت ئورنىتىلغان بولۇش قاتارلىق تەرەپلەرنى ئۆزىنىڭ ئاساسىي بەل-گىسى قىلغان سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكىنىڭ يېڭى تەرتىپىنى ئورناتقىلى ۋە يەنى-مۇ كۈچەيتكىلى بولىدۇ. يېڭى تەرتىپنىڭ يېڭىلىقى يېڭى تەرتىپنىڭ، يېڭى مېخانىزم-نىڭ ۋە يېڭى نۇقتىئىنەزەرنىڭ يېڭىدىن بەرپا قىلىنىشىدا ۋە تۇرغۇزۇلۇشىدا ئىپادىلىنىدۇ. شۇنداق يېڭى تەرتىپ بولغاندىلا، ھەرقايسى ئاساسىي ئىقتىسادىي گەۋدىلەرنى قاتتىق نازارەت ئاستىدا، تاۋار ئىگىلىكىگە خاس قانۇن - تۈزۈم، قائىدە - ئۆلچەم ۋە ھەرىكەت مىزانى دائىرىسىدە ھەرىكەت قىلدۇرغىلى، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىدىغان، ئىنتىزامغا بوي-سۇنمايدىغان ۋە تۈزۈملەرنى بۇزىدىغان ھادىسىلەر كۆرۈلسە، ئۇلارغا تېگىشلىك جازا بەرگىلى ۋە چارە كۆرگىلى بولىدۇ. لېكىن يېڭى تەرتىپنى ئورنىتىش تاۋار ئىگىلىكى ھەرىكىتىنىڭ ھەرقايسى ئامىللىرى ۋە ھەرقايسى تەرەپلىرىگە بېرىپ چېتىلىدىغان ئىنتا-يىن مۇرەككەپ مەسىلە، ئۇنى ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش ئىنتايىن مۇشكۈل ھەم ئىنچىكە خىزمەت. شۇڭا، ئۇ ھەرگىز قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە ئورۇنلانغىلى بولىدىغان ئىش بولماستىن، بەلكى خېلى ئۇزاق ۋاقىت ئىچىدە ئورۇنلىغىلى بولىدىغان مۇشەققەت-لىك سىستېما قۇرۇلۇشى بولۇپ، نىشانى ئېنىق تونۇپ، ئۇزاق مۇددەت جاپا - مۇشەق-قەتكە چىداپ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، بىر نىيەت - بىر مەقسەتتە تىرىشىپ كۈرەش قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

# خاممۇرابى قانۇنى توغرىسىدا

سۇي بىڭ

قەدىمكى بابىلوننىڭ خاممۇرابى قانۇنى قەدىمكى زامان شەرق جەمئىيىتى قانۇنشۇناسلىق ئىدىيىسىنىڭ باشلامچىسى؛ ئىنسانىيەت تارىخىدىكى مۇكەممەلرەك تۇنجى يازما قانۇندۇر. ئۇ، دۇنيا قەدىمكى زامان تارىخىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. مەن بۇ ماقالىدا قانۇن مەزمۇنلىرىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئۇنىڭ بارلىققا كېلىش ئەھۋالى، سىنىپىي ماھىيىتى، ئىجتىمائىي مەسىلىسى ئۈستىدە توختالماقچىمەن.

قەدىمكى بابىلون غەربىي ئاسىيادىكى ئىككى دەريا ۋادىسىغا جايلاشقان. بۇ يەردە تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 4000 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا قۇللۇق تۈزۈمىدىكى شەھەر دۆلەتلىرى مەيدانغا كەلگەن. بۇلاردىن مەشھۇرلىرى: ئۇر، ئۇرۇك، ئۇمما، راگاش، لارسا ۋە شۇنىڭدىن سەللا كېيىن مەيدانغا كەلگەن ئاككاد، ئېشنونا، ئىسسىن قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئەڭ بۇرۇن مەيدانغا كەلگەن بۇ قۇللۇق تۈزۈمىدىكى شەھەر دۆلەتلىرى ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىنىڭ خارابىسىدا قۇرۇلغان بولغاچقا يازما ھالەتتە شەكىللەنمىگەن ئادەت قانۇنى ئاۋالقىدەكلا ئەۋج ئالغان ئىدى. بۇنىڭدىن تاشقىرى پادىشاھنىڭ ئەمىر - پەرمانلىرى، ھۆكۈمەتنىڭ بۇيرۇقلىرى، يارلىقنامە ۋە ئىسلاھ قىلىنغان ماددىلارمۇ ئوخشاشمىغان شەكىللەر ئارقىلىق قانۇن فۇنكسىيىسىنى تەشكىل قىلغان ئىدى. مۇھىم بولغىنى شۇكى، «خاممۇرابى قانۇنى» تۈزۈپ چىقىشتىن بۇرۇنلا، يۇقىرىدا ئېيتىلغان شەھەر دۆلەتلىرىدە قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۆز ئالدىغا قانۇن تۈزۈپ چىقىلغان. مەسىلەن: «ئۇرنام قانۇنى»، «ئىسسىن پادىشاھ لىبىت ئىشىدا قانۇنى»، «ئېشنونا پادىشاھى بىلالا قانۇنى» ۋە «لارسا قانۇنى» بولۇش ئېھتىمالىغا ناھايىتى يېقىن بولغان سۇمېر قانۇنىنىڭ پارچىلىرى، سۇمېر ئۇرۇق - تۇغقانلار قانۇنى، نىنۋىيە قانۇنى دەرسلىكىنىڭ 7 - نەشرى $B$ قاتارلىقلار. مانا بۇلار «خاممۇرابى قانۇنى» نىڭ تۈزۈلۈشىدە ئۆرنەك قىلىنغان.

مىلادىدىن ئىلگىرىكى 18 - ئەسىردە، قەدىمكى بابىلوننىڭ 6 - ئەۋلاد پادىشاھى خاممۇرابى ئىككى دەريا ۋادىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، قۇلدارلار دىكتاتۇرلىقىدىكى ھوقۇق مەركەزلەشتۈرۈلگەن كۈچلۈك بىر دۆلەتنى قۇرۇپ چىققان. ئۇ، قۇل-

دارلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەپ، ھوقۇقىنىڭ مەركەزلەشتۈرۈلۈشىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ھەرقايسى شەھەر دۆلەتلىرىنىڭ ئەسلىدىكى قانۇنلىرى ۋە ئەمر - پەرمانلىرىنى بىكار قىلىپ، بىرلىككە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىنكى يېڭى ئىگىلىك جەمئىيىتىنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئاساسەن، شەھەر دۆلەتلىرىنىڭ ئەسلىدىكى قۇل-لۇق تۈزۈم قانۇنلىرى ئاساسىدا ئامورىلىقلاردىكى ئۇرۇقداش قەبىلىسىنىڭ ئادەت قانۇنىغا بىرلەشتۈرۈپ، يېڭى بىر يازما قانۇن — «خاممۇرابى قانۇنى» نى تۈزۈپ چىققان.

«خاممۇرابى يىلنامىسى» غا قارىغاندا، ئۇ ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان ئىككىنچى يىل «ئۇنىڭ دۆلەت ئىچىدە ئادالەتلىكنى ئورناتقان» يىلى بولغان. ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەسلەپكى مەزگىلدە دۆلەت قانۇنى (قانۇنىغا كىرىش سۆزدە «ئادالەتلىك ئالەم يۈزىدە جارى قىلدۇرۇلىدۇ، قانۇنسىز بۇيرۇقلار يوقىتىلىدۇ» دېگەندەك سۆزلەر بار) نى ئېلان قىلغان بولۇشى مۇمكىن،① لېكىن بىزگە يېتىپ كەلگەن «خاممۇرابى قانۇنى» ئۇنىڭ تەختتە ئولتۇرۇپ 30 يىلدىن كېيىن ئاندىن تاشقا يازدۇرۇپ ئېلان قىلغۇزغان قانۇنى.

قانۇن ئويۇلغان بۇ تاش ئابىدە ئىللىپسىمان قارا رەڭلىك تاش تۈۋرۈك بولغاچقا «قانۇن تاش تۈۋرۈكى» دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭ ئىگىزلىكى 2.5 مېتىر، دىئامېتىرى تەخمىنەن 1.5 مېتىر بولۇپ، فرانسىيە ئارخېئولوگى ياك دەي مورگان بۇنى 1901 - يىلى ئىراننىڭ قەدىمكى قورغانى سۇسادىن تاپقان. (بۇ ۋاقىتتا بۇ تاش تۈۋرۈك يېرىلىپ ئۈچ پارچە بولۇپ كەتكەن، كېيىن يەملەپ پۈتۈن قىلىپ قويۇلغان) قانۇن تاش تۈۋرۈكنىڭ قاچان، نېمە سەۋەبتىن بۇ يەرگە يۆتكەپ كېلىنگەنلىكى تارىخىي كىتابلاردا ئۇچۇق يېزىلمىغان.

قانۇن تاش تۈۋرۈكنىڭ يۇقىرى قىسمىغا نەپىس قاپارتما نەقىشلەر ئويۇپ قويۇلغان. ئۇنىڭدا قۇياش ئىلاھى ساماشنىڭ ئىبادەتخانىنىڭ مېھرابىدا راۋۇرۇس ئولتۇرغانلىقى، ئۇنىڭ ئالدىدا ئىززەت - ئىكرام بىلەن تۇرغان خاممۇرابىنىڭ ساماشنىڭ ئۆزىگە تاپشۇرۇپ بەرگەن پادىشاھ ھوقۇقىنىڭ بەلگىسى — ئىلاھى ئاتا قىلغان پادىشاھ ھوقۇقىنىڭ بەلگىسىنى قوبۇل قىلىۋاتقانلىقى سىزىلغان. قاپارتما نەقىشنىڭ تۆۋەن قىسمىغا قەدىمكى بابىلون يېزىقىدا يەنى مىخ يېزىقتا قانۇننىڭ پۈتۈن تېكىستى ئويۇپ قويۇلغان. بۇنىڭدىن 35 ماددىسى (100 — 66) ئۆچۈرۈۋېتىلىپ بۇزۇلۇپ كەتكەن بولغىنى كۆندىكى قانۇن تاش تۈۋرۈكدىكى قانۇننىڭ تولۇق تېكىستى سۇسا بىلەن ئاسۇرىيە كۇتۇپخانىلىرىدا ساقلانغان قانۇننىڭ قوشۇمچە نۇسخىسى (لاي مەتبەدىن كۆچۈرۈلگەن نۇسخىنىڭ پارچىلىرى) غا ئاساسەن تولۇقلانغان. بۇ مەشھۇر قىممەتلىك

① «خاممۇرابى قانۇنى»، «دۇنيانىڭ قەدىمكى زامان تارىخىي ماتېرىياللىرىدىن تاللانما»، 1 - كىتاب، خەنزۇچە نەشرى، 93 - بەت.

تارىخىي يادنامە — «قانۇن تاش تۇۋرۈكى» ھازىر پارىژدىكى لۇۋىر مۇزېيىدا ساقلان-ماقتا.

× × ×

خاممۇرابى قانۇنى كىرىش سۆز، قانۇن ماددىلىرى ۋە ئاخىرقى سۆزدىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنگەن. قانۇن جەمئىي 282 ماددا بولۇپ، بۇ ماددىلارنىڭ رېتىدىن ئۇنىڭ پۈتكۈل مەزمۇنلىرىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. كۆرۈنۈپ تۇرىدۇكى، قانۇن ئەينى زاماندىكى تۇرمۇشنىڭ مەلۇم ئايرىم تەرەپلىرىگە ئاساسەن سىستېمىلىق تۈزۈلگەن. بۇلار ئاساسەن مۇنۇلار:

1. 1 - ماددىدىن 5 - ماددىغىچە، ئەدلىيە مەمۇرىيىتىدىكى ئەرز رەسمىيەتلىرى.
2. 6 - ماددىدىن 25 - ماددىغىچە، ئوغرىلارنى جازالاش.
3. 26 - ماددىدىن 41 - ماددىغىچە، ھەربىيلەرنىڭ ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتى.
4. 42 - ماددىدىن 66 - ماددىغىچە، دېھقانچىلىق ئىشلىرى ۋە يەرلەرنى ئىجارىگە بېرىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەر.
5. 67 - ماددىدىن 107 - ماددىغىچە، ئۆي ئىجارىسى، ئۆسۈم، سودا ۋە سودىگەرلەر ھەققىدە بەلگىلىمىلەر.
6. 108 - ماددىدىن 111 - ماددىغىچە، ھاراق سودىگەرىگە ئائىت ئىشلار.
7. 112 - ماددىدىن 126 - ماددىغىچە، قەرزدارلىق مەجبۇرىيىتى، تۆلىتىۋېلىش ھوقۇقى ۋە ھاۋالە قىلىشقا ئائىت بەلگىلىمىلەر.
8. 127 - ماددىدىن 195 - ماددىغىچە، نىكاھ، ئائىلە ۋە ۋارىسلىق قىلىش قانۇنى.
9. 196 - ماددىدىن 227 - ماددىغىچە، زىيان-زەخمەتكە ئۇچراش ۋە تۆلىتىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەر.
10. 228 - ماددىدىن 235 - ماددىغىچە، بىناكارلىق ۋە كېمىسازلىق توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەر.
11. 236 - ماددىدىن 277 - ماددىغىچە، كېمە-ئۇلاغلارنى ئىجارىگە بېرىش-ئېلىش ۋە ياللاش، ياللىنىش مۇناسىۋىتىگە دائىر بەلگىلىمىلەر.
12. 278 - ماددىدىن 282 - ماددىغىچە، قۇللار سودىسى ۋە ئۇلارنى جازالاش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەر.

قانۇندا جامائەتكە چېتىلىدىغان مەخسۇس ماددىلار بولمىغان.

قانۇننىڭ 282 ماددىغا يىغىنچاقلانغان يۇقىرىقى ئون نەچچە تۈردىن شۇنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، ئۇنىڭ قېلىپلاشتۇرۇلغانلىرى ئىچىدە قۇللۇق تۈزۈمىنى، ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىنى، خۇسۇسىي ئىگىدارلىق تۈزۈمىنى قوغدىمايدىغىنى يوق. قانۇننىڭ روشەن سىنىپىي خۇسۇسىيىتىنى تۆۋەندىكى بىر نەچچە تەرەپتىن ئىسپاتلاشقا بولىدۇ:

بىرىنچىدىن، قانۇندا قۇلدارلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىش تەرتىپى قاتتىق قوغدالغان. بۇنىڭ ئۈچۈن قانۇندا «قانۇننىڭ قەدىرلىكى-قەدىرسىزلىكى بولىدۇ»، «جازانىڭ دەرىجە-مەرتىۋىلىرى بولىدۇ» دەپ ئېنىق بەلگىلىنىپ، ھەرقايسى تەبىقىدىكىلەرنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىغا ئاساسەن قانۇننىڭ تەقەززاسى ئارقىسىدا شۆكرى-قانائەت قىلىپ، ئۆزئارا ئىناق، تىنچ ئۆتۈپ، قۇلدارلارنىڭ ئۆز ھۆكۈمرانلىق تەرتىپىنى غەمئەندىشىسىز مەڭگۈ مۇھاپىزەت قىلىشىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىشى يېزىلغان. مەسىلەن، 202-ماددىدا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: ئەگەر ئەركىن خەلق مەرتىۋىسى يۇقىرى كىشىلەرنىڭ كاچىتىغا ئۇرسا، جامائەتنىڭ كۆزىچە 60 قامچا ئۇرۇلىدۇ. 205-، 282-ماددىلاردا، ئەگەر قۇل ئەركىن خەلقنىڭ كاچىتىغا ئۇرسا ياكى ئۆز خوجايىنىنى ئىنكار قىلىشقا پېتىنسا، قۇلىقىنى كېسىپ تاشلاش جازاسى بېرىلىدۇ. دەپ بەلگىلەنگەن. قانۇندا مەرتىۋىسىزلەر ئالىي مەرتىۋىلىكلەرگە چېقىلىپ قويسا، ئېغىرلىتىپ جازا بېرىلىدۇ؛ ئالىي مەرتىۋىلىك كىشىلەر مەرتىۋىسىزلەرنى ئۇرۇپ زەخىملەندۈرۈپ قويسا، يېنىكلىتىپ جازا بېرىلىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن. مەسىلەن، قانۇننىڭ 198-، 199-، 201-، 211-، 212-ماددىلىرىدا: پۇقرالىق ھوقۇقى بار ئەركىن خەلق پۇقرالىق ھوقۇقى بولمىغان ئەركىن خەلقنىڭ كۆزىنى ناكار قىلىپ قويسا ياكى سۆڭىكىنى سۇندۇرۇۋەتسە، ئاران بىر مىنا كۈمۈش تۆلەيدۇ، پۇقرالىق ھوقۇقى بولمىغان ئەركىن خەلقنىڭ قىزىنى قاتتىق ئۇرۇپ، بويىدىن ئاجرىتىۋەتكەن ۋە جېنىغا زامىن بولغان بولسا ئىككىدەن بىر قىسىم مىنادىن كۈمۈش تۆلەيدۇ، ئەگەر ئۇرۇلغىنى ئايال قۇل بولۇپ، ئۇ بويىدىن ئاجراپ كېتىپ ئۆلگەن بولسا، قۇلنىڭ ئىگىسىگە ئۈچتىن بىر قىسىم مىنادىن كۈمۈش تۆلەيدۇ. دەپ بەلگىلەنگەن. قانۇندا يۇقىرى-تۆۋەنلىك، ئېسىلزادىلار-تېگى پەسلەر توغرىسىدىكى پەرقلەر ناھايىتى ئېنىق بەلگىلەنگەن.

ئىككىنچىدىن، قانۇندا قۇلدارلارنىڭ قۇللارغا بولغان ئىگىدارلىق ھوقۇقى قاتتىق قوغدالغان. مەسىلەن، 15-، 16-، 20-ماددىلاردا باشقىلارنىڭ قۇلىنى ئوغرىلىغۇچىلارغا، ياكى قاچقان قۇلنى يوشۇرۇۋالغانلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن، 226-ۋە 227-ماددىلاردا ساتىراش باشقىلارنىڭ قۇلىنىڭ بەلگىسىنى — ئالاھىدە چاچ شەكلىنى چۈشۈرۈۋەتسە، ئۇنىڭ بارماقلىرى كېسىپ تاشلىنىدۇ. ئەركىن خەلق ساتىراشنى ئالداپ، ئۇنىڭغا قۇلنىڭ بەلگىسىنى چۈشۈرگۈزىۋەتسە، ئۆلتۈرۈلىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن.

ئۈچىنچىدىن، قانۇندا قۇلدارلارنىڭ مال-مۈلۈكلەرگە بولغان خۇسۇسىي ئىگىدارلىق ھوقۇقى قاتتىق قوغدالغان. مەسىلەن، قانۇننىڭ 7-ماددىسىدا: «ئەركىن خەلقنىڭ پەرزەنتلىرىدە ۋە قۇللاردا ئۆز ئىگىلىرىنىڭ مال-مۈلكىنى سېتىش ھوقۇقى بولمايدۇ، خىلاپلىق قىلغۇچىلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ»، 8-ماددىسىدا، «ئومۇمەن ئىبادەتخانا ۋە ئوردىنىڭ كالا، قوي، چوشقىلىرىنى ياكى قېيىق-قولۋاقلىرىنى ئوغ-

رىلىغۇچىلارغا ئەسلى قىممىتىنىڭ 30 ھەسسىگە باراۋەر شتراپ قويۇلىدۇ، تۆلەشـ
كە قۇربىتى يەتمىگۈچىلەرگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ،» دەپ بەلگىلەنگەن. 263 -
ماددىسىدىن 267 - ماددىسىغىچە مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن، پادىچىلار باشقىلارنىڭ
پادىسىنى بېقىش داۋامىدا پادىلار يوقاپ كەتسە، ياكى ئۆلۈپ كەتسە، ئىگىسىنىڭ
پۈتكۈل زىيىنىنى تۆلىشى شەرت.

تۆتىنچىدىن، قانۇندا قۇلدارلارنىڭ دېھقانلارغا بولغان ئېكسپىلاتاتسىيىسى
قوغدالغان. مەسىلەن، 46 - ماددىسىدا: «دېھقانلار يەرنى ئىجارىگە ئېلىپ تېرىسا ھو-
سۇلنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى ياكى ئىككىدىن بىر قىسمىنى تاپشۇرىدۇ» دېيىلگەن، 42 -،
45 -، 62 -، 65 - ماددىلىرىدا، باشقىلارنىڭ يېرىنى ئىجارىگە ئېلىپ تېرىغۇچىلار
كەم ھوسۇل ئالسا، ئىجارە ھەققىنى كەملىتىۋەتمەستىن قوشنا رايونلاردىكى نورمال
ھوسۇل ئالغانلار قاتارىدا ئىجارە ھەققى تاپشۇرىدۇ، 253 - ماددىدىن 256 - ماددىغىچە ئې-
تىزلاردىكى ياللانما ئىشچىلار تېرىقچىلىق ئىشلىرىنى ئوبدان قىلالماي، ھوسۇلنى كې-
مەيتىۋەتسە، يەرگە ئىگىدارلىق قىلغۇچىلارنىڭ تارتقان زىيىنىنى نورمال ھوسۇل
ئۆلچىمى بويىچە تۆلەيدۇ. ئەگەر زىياننى تۆلەشكە قۇربى يەتمىسە، شتراپ تاپشۇ-
رالمىسا، ئۇلارغا ئۇلاقلارغا سۆرىتىپ ئۆلتۈرۈش جازاسى بېرىلىدۇ. دەپ بەلگىلەنگەن.
قانۇندىكى بۇ بەلگىلىمىلەر قۇلدارلار سىنىپىنىڭ كەڭ دېھقانلار، ئىجارىكەش دېھقانلار
ۋە ياللانمىلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ھوقۇقىنى قوغداشنى مەقسەت قىلغان.
بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، قانۇننىڭ سىنىپي ماھىيىتى قۇلدارلار سىنىپىنىڭ
مەنپەئەتىنى قوغداشتىن ئىبارەت بولۇپ بۇنداق قانۇن ئالدىدا ھەممە كىشىنىڭ باراـ
ۋەر بولۇشىدىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس.

لېنىن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «قۇللۇق جەمئىيىتى بىلەن فېئوداللىق جەمئىـ
يەتتە، سىنىپنىڭ پەرقىمۇ ئاھالىلارنىڭ دەرىجە - مەرتىۋىسىنى ئايرىش بىلەن مۇقىملاشـ
قان ھەمدە ھەربىر سىنىپنىڭ دۆلەتتىكى ئالاھىدە قانۇنلۇق ئورنىنى بەلگىلىگەن».① قاـ
نۇندا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن يۇقىرىقى ئەھۋاللار قۇلدارلار سىنىپىنىڭ ئالاھىدە ئورنىنى،
قۇلدارلار سىنىپىنىڭ قۇللار ۋە ئەمگەكچى خەلققە قاراتقان ئېكسپىلاتاتسىيىسىنى، قە-
دىمكى بابىلون پادىشاھلىقىنىڭ قۇلدارلار دىكتاتۇرىلىقىدىكى دۆلەت ئىكەنلىكىنى تولۇق
چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

× × ×

قانۇندا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن دائىرىلەردىن شۇنى بىرقەدەر تەپسىلي كۆرۈۋېلىشقا
بولىدۇكى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 2000 - يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، قەدىمكى بابىلونـ

① «لېنىن ئەسەرلىرى»، 6 - توم، خەنزۇچە نەشرى. 93 - بەت.

نىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي قۇلۇق تۈزۈمى كۆچەيگەن. دېمەك، قانۇننىڭ بۇ ئىجتىما-
ئىيلىقى ئىنتايىن روشەن گەۋدىلەنگەن.

قول سانائەتتىكى ئىش تەقسىماتى توغرىسىدا قانۇننىڭ 247 - ماددىسىدا، رەخ
توقۇش، مېتالچىلىق، تاش ئويمىچىلىق، ياغاچچىلىق، خۇمدانچىلىق، كۆنچىلىك، كېمە-
سازلىق، بىناكارلىق، دۇردانىچىلىق، سېۋەت توقۇشتىن ئىبارەت ئون خىل ھۈنەر كۆر-
سىتىلگەن. بۇنىڭدىن قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ خېلىلا راۋاج تاپقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى
بولىدۇ. ئىچكى - تاشقى سودىمۇ خېلىلا راۋاجلانغان. قانۇننىڭ 100 - ماددىسىدىن
107 - ماددىسىغىچە بولغان ماددىلاردا بايان قىلىنىشىچە چوڭ - چوڭ سودىنى دۆلەت بىر-
لەن ئىبادەتخانا مونوپول قىلىۋېلىپ، مەخسۇس تىجارەت قىلىشنى تامۇكاغا★ ھاۋالە قىل-
غان. ئۇنىڭ تۆۋەندىكىلىرى سامارۇ★ بولۇپ پارچە سېتىش سودىسى بىلەن شۇغۇللان-
غان. تامۇكىدىن باشقا، يەنە كۆپلىگەن شەخسلەر شېرىكلىشىپ تىجارەت قىلىپ، قول،
قوي يۇڭى ۋە باشقا تاۋارلارنى ئېلىپ ساتقان. مەسىلەن، قانۇننىڭ 99 - ماددىسىدا:
ئەركىن خەلق كۆمۈش چىقىرىپ ئەركىن دېھقان بىلەن شېرىكلىشىپ سودا تىجارىتى
قىلسا، پايدىنى تەڭ ئۈلۈشىۋالىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. بۇنىڭدىكى ئاساسلىق ئىمپورت
قىلىنىدىغان تاۋارلار ئىچىدە ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، قەلەي ۋە ياقۇت، پىل چىشى
ياغاچ ماتېرىياللىرى، ماي، ھاراق، قۇل ۋە ۋەھاكازالار بولغان. ئاساسلىق ئېكسپورت
قىلىنىدىغان تاۋارلار ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى، توقۇلما بۇيۇملار، ماي ۋە
مېتال، بۇياق ماتېرىياللىرى ۋە ۋەھاكازالار بولغان.

لېكىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغىنى دېھقانچىلىق بولۇپ، بۇ دۆلەتنىڭ جېنى
ھېسابلانغان، شۇڭا قانۇندا سۇئىنشائاتى ئىشلىرى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈلگەن. مەسى-
لەن. 53 - ماددىدىن 56 - ماددىغىچە مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: ئەگەر ئەركىن خەلق-
نىڭ ئېتىز - ئېرىقتىكى توسما - تۇغانلارنى مۇستەھكەملىۋېلىشقا ھورۇنلۇق قىلىش تۈپەيلى-
دىن يار كەتكۈزۈپ قوشنا رايونلاردىكى ئېتىزلارنى سۇغا باستۇرۇۋەتسە، زىيانغا ئۇچ-
رىغۇچىغا ئاشلىق تۆلەيدۇ. تۆلەشكە ئاشلىقى بولمىسا، مۇقىم مال - مۈلكىنى سېتىپ،
ئاشلىق ئورنىغا كۆمۈش تۆلەيدۇ. قانۇندا ئېنىق كۆرسىتىلگەنكى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى
سۇغۇرۇش تورلىرىنىڭ پۈتۈنلىكىنى مۇھاپىزەت قىلىش ۋە سۇ ئىنشا ئاتىدىن ئۈنۈملۈك
پايدىلىنىش قەدىمكى بابىلوننىڭ دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى مۇھىم ھال-
قىسى بولغان: بۇنىڭ نەتىجىسىدە تېرىلغۇ كۆلىمى كېڭەيتىلىپ، مول ھوسۇلغا كاپالەتلىك
قىلىنىپ، ئاشلىق مەھسۇلاتى ئاشۇرۇلغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، باغۋەنچىلىك

★ تامۇكا - پادىشاھنىڭ سودا گۇماشتىسى،
★ سامارۇ - پارچىچى.

ئىشلىرىنى راۋاجلىنىپ مۇستەقىل ئىگىلىك بولۇپ قالغان. قەدىمكى بابىلوننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى ئومۇمىي ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، ناتورال ئىگىلىك يەنىلا ھۆكۈمرانلىق ئورۇندا تۇرغان بولۇپ، قەدىمكى زاماندىكى شەرق قۇللۇق تۈزۈمى ئىگىلىكىنىڭ ئالاھىدىلىكى بۇ يەردە گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن.

يەرگە ئىگىدارلىق قىلىش تۈزۈمىنى ئالساق، قانۇننىڭ 26 - ماددىسىدىن 41 - ماددىسىغىچە بولغان ماددىلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، خان جەمەتى يەرلىرى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، باشقۇرۇش ئۇسۇلىمۇ بۇرۇنقىدىن پەرقلىق بولغان. ئۇلار يەرلەرنى ئوخشاش بولمىغان ھالدا ئۈچ گېكتاردىن ئون گېكتارغىچە بولغان ئۇلەش يەرلەرگە بۆلۈپ، ئۇنى باشقۇرۇشقا ئەمەلدار ئەۋەتكەن ھەمدە «ئولپان تۆلىگۈچىلەر» نىڭ تېرىقچىلىق قىلىشىغا تاپشۇرغان. خان جەمەتى يەرلىرىدىن باشقا، يەنە ئىبادەتخانىنىڭ يەرلىرىنىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش ئۇسۇل بىلەن باشقۇرغان. قانۇننىڭ 39 - ، 137 - ، 150 - ، 165 - ماددىلىرىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ئومۇمەن پادىشاھقا، ئىبادەتخانىغا بىۋاستە تەئەللۇق بولغان ۋە شەرتلىك (ھەربىي خىزمەت ئۆتەش سەۋەبىدىن) ئىگىلىۋالغان يەر بولمىسىلا، يەرلەرنى شەخسلەرنىڭ ئېلىپ سېتىش، ئالماشتۇرۇش، ئۆتنە بېرىش، رەنىگە قويۇش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش ئەركىنلىكى بولغان ھەمدە قانۇن تەرىپىدىن قوغدالغان. دېمەك قەدىمكى بابىلون دەۋرىدىكى يەرلەرگە خۇسۇسىي ئىگىدارلىق قىلىش تۈزۈمى ئىلگىرىكىدىن راۋاجلانغان. لېكىن خۇسۇسىلار قولىدىكى يەر كۆلىمى چوڭ بولمىغان، ئادەتتە 8.5 گېكتار بولغان ئەڭ كۆپ دېگەندىمۇ 31.5 گېكتاردىن ئاشمىغان.

قانۇندا خاتىرىلىنىشىچە، خاممۇرابى دەۋرىدىكى قەدىمكى بابىلوندا، پاترىئارخاللىق يوشۇرۇن قۇللۇق تۈزۈمى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. مەسىلەن، قانۇننىڭ 117 - ماددىسىدا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: ئەركىن دېھقانلار ئۆزلىرىنىڭ نامراتلىقى تۈپەيلىدىن قەرزگە بوغۇلۇپ قالغاندا، ئۆز خوتۇن - بالىلىرىنى ساتسا ياكى قەرز تۆلىتىۋالغۇچىلارغا قەرز تۆلەش ھېسابىغا قۇل قىلىپ تاپشۇرسا بولىدۇ. قانۇننىڭ 141 - ماددىسىدىن 146 - ماددىسىغىچە مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: ئەگەر خوتۇنى ئېرىدىن يۈز ئۆرۈسە خوتۇنىنىڭ بەدىنىگە قۇل بەلگىسى بولغان تامغىنى بېسىپ، ئۇنى قۇلغا ئوخشاش سېتىۋېتىشقا بولىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، خاممۇرابى دەۋرىدىكى قەدىمكى بابىلوندا ئەسىرگە چۈشكەن قۇللارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قەرزدار قۇللۇقلۇق تۈزۈمىمۇ بۇرۇنقىغا قارىغاندا خېلىلا راۋاجلانغان. مەسىلەن، بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ئەسىر ئىلگىرىكى «ئېشنۇنا قانۇنى» دا ئەركىن خەلق قەرز ئالغان بولسا، قەرز تۆلەش ھېسابىغا ئۆزى قۇل بولماستىن، بەلكى دېبىدىكىنى قۇل قىلىپ بېرىدۇ، دەپلا بەلگىلەنگەن. لېكىن خاممۇرابى دەۋرىگە كەلگەندە، قانۇننىڭ 117 - ماددىسىدىن قارىغاندا، ئەركىن خەلق گۆرەتەن بولۇپلا

قالماستىن، يەنە قەرزدار قۇل بولسىمۇ بولىدىكەن.

قەرزدار قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ راۋاجلىنىشى مۇقەررەر ھالدا ئەركىن خەلقنىڭ تېخىمۇ بۆلۈنۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىراتتى-دە، ئاز ساندىكىلىرى قۇلدارلارغا ئايلانسا، كۆپ ساندىكىلىرىنىڭ تۇرمۇشى كۈندىن-كۈنگە ناچارلىشىپ، خانىۋەيران بولۇپ قەرزدار قۇللارغا ئايلىنىپ قالاتتى. بۇنىڭغا بىر تەرەپتىن سودا جازانىخورلۇقنىڭ ئەۋج ئالغانلىقى، يەنە بىر تەرەپتىن، ياللاش-ياللىنىش مۇناسىۋىتىنىڭ راۋاجلانغانلىقى سەۋەب بولغانىدى. قانۇننىڭ 89-ماددىسىدا مۇنداق ئەھۋال تىلغا ئېلىنغان: پادىشاھنىڭ سودا گۇماشتىلىرى ئاشلىقنى قەرزگە بېرەتتى، ئۇسۇم ئورنىدا ھەر بىر كۇرگە① 100 كا② ئاشلىق ئالاتتى. ئەگەر كۈمۈش قەرز بەرگەن بولسا، ئۆسۈم ئورنىدا ھەر بىر شېكېل③ ئالتىدىن بىر قىسىم شېكېل ۋە ئالتە سېيى④ ئالاتتى.

ئۇنىڭدىن تاشقىرى، ھەربىي بيۇروكرات ئاپپاراتلىرىدىكى ھەددىدىن زىيادە چىقىم، خىراج، ئالۋاڭ-سېلىقلارنىڭ ھەممىسى كەڭ ئەركىن خەلقلەرنىڭ زىممىسىگە چۈشكەچكە، جەمئىيەتنىڭ بۆلۈنۈشىدەك جىددىي سىنىپىي زىددىيەت تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتكەن. بۇلار قانۇندا ئېنىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

قانۇننىڭ قەرزدار قۇللارنى خارلاشنى مەنئى قىلىشى (116-ماددىسى) بۇ دەل قەرزدار قۇللارنىڭ ھايۋان كەبى مۇئامىلىگە ئۇچرىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى. قانۇننىڭ قاچقان قۇللارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىشنى ھەنئى قىلىشى (15-، 16-، 20-ماددىلىرى) قۇللارنىڭ قېچىپ كېتىشى دائىم بولۇپ تۇرىدىغان ئەھۋال ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرەتتى، قانۇندا گەپ ئاڭلىمىغان قۇللار ۋە قۇلدارلارغا قول تەككۈزۈشكە پېتىنغان قۇللار جازالىنىدۇ دەپ بەلگىلەنگەنلىك (205-، 282-ماددىلىرى) دەل قۇللار ۋە تۆۋەن قاتلامدىكى ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنىڭ زۇلۇم ئاستىدا چىداشلىق بېرەلمەي قۇلدارلارنىڭ جۇرۇقىغا قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكىنى ھەتتا قۇلدارلارنىڭ كاچىتىغا ئۇرغانلىقىنى چۈشەندۈرەتتى، يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈش تەس ئەمەسكى، قەدىمكى بابىلون دەۋرىدىكى گەۋدىلىك مەسىلە سىنىپىي بۆلۈنۈشنىڭ كۈچەيگەنلىكى، ئىجتىمائىي زىددىيەتنىڭ ئۆتكۈرلەشكەنلىكى ئىدى. گەرچە خاممۇرابى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى قانۇن بىلەن مۇستەھكەملەشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ ھۇلى ئاجىز ئىدى شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئۆلۈپ ئۇزۇن بولمايلا قەدىمكى بابىلون خاراپلىشىپ كەتكەن.

① بىر كۇرە تەخمىنەن 121 لىتىرغا توغرا كېلىدۇ.

② بىر كا 0.4 لىتىردىن 0.8 لىتىرغىچە بولىدۇ.

③ بىر شېكېل 8.4 گىرامغا بارابەر.

④ بىر سېيى 0.05 گىرامغا باراۋەر.

«خاممۇرابى قانۇنى» قۇلدارلار ئىگىدارلىق قىلىش تۈزۈمىنىڭ قانۇن چىقىرىشتىكى تىپىك ھۆججىتى. ئۇ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 18-ئەسىردە مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭغا ھازىر 3700 نەچچە يىل بولدى. ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخىي شارائىتتا مۇكەممەلرەك بىر يازما قانۇننىڭ مەيدانغا چىققانلىقىنى دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق تۈزەشنىڭ نەمۇنىسى دېمەي تۇرالمايمىز.

لېكىن قانۇنشۇناسلىق نۇقتىسىنەزەرىدىن قارىغاندا قانۇننىڭ نۇرغۇنلىغان تەرەپلىرى تېخى دېگەندەك مۇكەممەل بولمىغان، ئۇ گەرچە يازما قانۇن بولسىمۇ ئەمەلىيەتتە يازما بولمىغان ئادەت قانۇنلىرى ئورنىغا يازما قانۇننى پۈتۈنلەي دەسسىتەلمىگەن. قانۇندا ئىنتايىن مۇھىم بولغان بەزى قانۇن ھوقۇقى مۇناسىۋىتى تىلغا ئېلىنمىغان. بولۇپمۇ جامائەت بىلەن پادىشاھ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت توغرىلىق زادىلا توختالمىغان. روشەنكى، بۇ بىر ئىجتىمائىي ئەمەلىي مەسىلە يەنىلا يازما بولمىغان ئادەت قانۇنلىرى بويىچە بىر تەرەپ قىلىنغان.

قانۇن نامىدا يازما قانۇن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىكى بىرمۇنچىلىغان ماددىلار خۇسۇسىي جازا تۈسىنى ئالغان. مەسىلەن: 21-ماددىدىن 25-ماددىغىچە بولغان ماددىلاردا تامدىن ئارتىلىپ ئوغرىلىق قىلغۇچىلارنى سوتتا سوتلىمايلا شۇ جاينىڭ ئۆزىدىلا ئۆلتۈرۈپ كۆمىۋەتسە بولىدۇ؛ ئوت ئاپىتىدىن پايدىلىنىپ ئوغرىلىق قىلغانلارنى ئوت ئىچىگە تاشلاپ كۆيدۈرىۋەتسە بولىدۇ دېگەنلەر بەلگىلەنگەن. خۇسۇسىي جازانى كەلسە كەلمەس ئىشلىتىلىدىغان دۆلەت قانۇنى، روشەنكى ئەنئەنىۋى ئادەت قانۇنلىرى بىلەن قۇللار قانۇنىنىڭ قوشۇلمىسى بولۇپ، ئۇ مۇكەممەل بولغان بىر يازما قانۇن بولمىغان.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىنىڭ ئۆچ ئېلىشنى تەكلەشتۈرۈش قانۇنى ياكى ئاتالمىش «تەڭمۇ-تەڭ قىساس ئېلىش قانۇنى» دەك نۇرغۇنلىغان ئامىللىرى قانۇندىمۇ ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ساقلىنىپ قالغان. مەسىلەن، جازا قانۇنىنىڭ 196-ماددىسىدىن 200-ماددىسىغىچە، چىش چاققاننىڭ چىشىنى چېقىش، كۆز ئويغاننىڭ كۆزىنى ئويۇش، كىشىنىڭ سۆڭىكىنى سۇندۇرغاننىڭ سۆڭىكىنى سۇندۇرۇش قاتارلىقلار شەكسىزكى، بۇ ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىدىن قېپقالغان ئادەتنىڭ قانۇندا قايتا كۆرۈلۈشى. شۇنىڭغا قارىغاندا، قانۇننىڭ قانۇنشۇناسلىق نۇقتىسىنەزەرى تېخى تاكامۇللاشمىغان. لېكىن دۆلەتنى قانۇن بىلەن تۈزەش تەرىپىنى ئالغاندا بولۇپمۇ بۇنىڭدىن 3000 نەچچە يىلدىن بۇرۇنقى قەدىمكى دۇنيا ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ تۈزۈپ چىقىلىشى يازما قانۇن ئۈچۈن يول ئېچىپ بەرگەن.

# «ئىككىنىڭ قوشۇلۇپ بىر بولۇشى» مەسىلىسى توغرىسىدا بەزى قاراشلىرىم

رەھىم يۈسۈپ

«ئىككىنىڭ قوشۇلۇپ بىر بولۇشى» قارىشى ئېلىمىز پەيلاسوپى ياڭ شيەنجېن تەرىپىدىن 1963-يىلى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدە خېلى تەسىر قوزغىغانىدى. ئەمما ئەينى ۋاقىتتا «سولچىللىق» تۈپەيلىدىن بۇ قاراش قاتتىق پىپەنگە ئۇچرىدى. ياڭ شيەنجېن ۋە ئۇنى قوللىغۇچىلار قاتتىق زەربە يېدى، ھەتتا بۇ جەھەتتە چوڭ ناھەق ئەنزە تۇرغۇزۇلدى. ئارىدىن 15 يىل ئۆتۈپ، 1979-يىلغا كەلگەندە بۇ ناھەق ئەنزە ئاقلاندى، مەملىكەت ئىچىدىكى نوپۇزلۇق گېزىت-ژۇرناللاردا ماقالىلار ئېلان قىلىنىپ كاڭشىڭ ئېقىمىدىكىلەرنىڭ سۇيىقەستلىك ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللانغانلىقى، سىياسىي جەھەتتە بۇ ناھەق ئەنزىنى ئاقلاش لازىملىقى، «ئىككىنىڭ قوشۇلۇپ بىر بولۇشى» مەسىلىسى ئىلمىي مۇھاكىمە خاراكتېرىدىكى مەسىلە ئىكەنلىكى، ئۇنى «ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايراش» فاڭجېنى بويىچە مۇھاكىمە قىلىش كېرەكلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. شۇنىڭدىن كېيىن گېزىت-ژۇرناللاردا بۇ ھەقتىكى مۇھاكىمىلەر قانات يېيىپ كەتتى.

پەندە چەكلەنگەن رايون يوق، پەلسەپىدىمۇ شۇنداق. مەن سىياسىي كۆز قاراش بىلەن ئىلمىي مۇھاكىمە ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن قالايمىقانچىلىقلارنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئايدىڭلاشتۇرۇش مەقسىتىدە «ئىككىنىڭ قوشۇلۇپ بىر بولۇشى» مەسىلىسى توغرىسىدىكى بەزى قاراشلىرىمنى كۆپچىلىك بىلەن ئورتاقلاشتۇرماقچىمەن.

ئېلىمىزنىڭ پەلسەپە تارىخىغا دائىر كىتابلارنى كۆرگىنىمىزدە، جۇڭگونىڭ قەدىمكى زاماندىكى مۇتەپەككۇرلىرى قارىمۇ-قارشىلىقنىڭ بىرلىكى توغرىسىدىكى ئىدىيىنى بايان قىلىشتا، «ئىككىنىڭ قوشۇلۇپ بىر بولۇشى» دىن ئىبارەت ئۇسۇل بىلەن بايان قىلغان. يولداش ياڭ شيەنجېن «ئىككىنىڭ قوشۇلۇپ بىر بولۇشى» «بىرنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈشى» گە ئوخشاشلا قارىمۇ-قارشىلىقنىڭ بىرلىكى ئىدىيىسىنى ئىپادىلەيدۇ» دەپ قارىغان. يولداش ياڭ شيەنجېن 1963-يىلى 11-ئايدا مەركىزىي ئالىي پارتىيە مەكتىپىدىكى ئوقۇغۇچىلارغا ئىچكى قىسىمدا بېسىپ تارقاتقان: «ھە، ھە، ياق،

ياق، ھە، ياق، ھە، دېگەن گەپنىڭ مەنىسى نېمە؟» دېگەن تېمىدىكى ماتېرى-
يالدا «ئىككىنىڭ قوشۇلۇپ بىر بولۇشى» دېگەن ئۇقۇمنى بىرىنچى قېتىم ئىشلەتكەن.
يولداش ياڭشيەنجېن يۇقىرىقى ماتېرىيالدا «قارىمۇ-قارشىلىقنىڭ بىرلىكى، بىرنىڭ
ئىككىگە بۆلۈنىشى ۋە ئىككىنىڭ قوشۇلۇپ بىر بولۇشنىڭ مەنىسى بىر» دەپ يازغان.
يولداش ياڭشيەنجېن بۇ يەردە «ئىككىنىڭ قوشۇلۇپ بىر بولۇشى» نى «قارىمۇ-
قارشىلىقنىڭ بىرلىكى» بىلەن بىر مەنىدىكى ئۇقۇم سۈپىتىدە قوللانغان.

ئىككىنچى يىلى، يەنى 1964-يىلى 4-ئايدا يولداش ياڭشيەنجېن مەركىزىي
ئالىي پارتىيە مەكتىپىدىكى شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچىلار ۋە شىنجاڭ سىنىپىنىڭ خىزمىتىگە
مەسئۇل خادىملارنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، «ماتېرىيالىزمغا ھۆرمەت قىلايلى» ۋە
«ئەمەلىي خىزمەتلەردە دىيالېكتىكىغا ھۆرمەت قىلايلى» دېگەن تېمىدا دوكلات بەردى.
«ئىككىنىڭ قوشۇلۇپ بىر بولۇشى» دېگەن ئۇقۇمنى يولداش ياڭشيەنجېن «ئەمەلىي
خىزمەتلەردە دىيالېكتىكىغا ھۆرمەت قىلايلى» دېگەن تېمىدىكى دوكلاتىدا بىرىنچى
قېتىم ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنى تەپسىلىي بايان قىلدى. مەسىلەن، يولداش
ياڭشيەنجېن دوكلاتىدا دىيالېكتىكا ئۈستىدە توختۇلۇپ مۇنداق دەيدۇ:

— دىيالېكتىكىنىڭ ئاساسىي نۇقتىئىنەزەرى قارىمۇ قارشى تەرەپلەرنىڭ بىرلە-
كىدىن ئىبارەت. لېنىن «پەلسەپە خاتىرلىرى» ناملىق ئەسىرىدە، «دىيالېكتىكىنى،
قىسقىچە، قارىمۇ-قارشى تەرەپلەرنىڭ بىرلىكى توغرىسىدىكى تەلىمات، دەپ بېكىتىش
مۇمكىن. مۇشۇنداق قىلغاندا دىيالېكتىكىنىڭ يادروسى تۇتۇۋېلىنغان بولىدۇ»① دېگەن.
يولداش ماۋزېدۇڭ «خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتنى توغرا ھەل قىلىش مەسىلىسى ھەق-
قىدە» ناملىق ئەسىرىدە، «ماركسىزمچە پەلسەپە، قارىمۇ-قارشىلىق بىرلىك قانۇنى-
نى ئالەمنىڭ تۈپ قانۇنى، دەپ ھېسابلايدۇ. بۇ قانۇن، تەبىئەت دۇنياسىدا بولسۇن،
ئىنسانلار جەمئىيىتىدە ۋە كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىدە بولسۇن، ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت.
بىر-بىرىگە زىت بولغان قارىمۇ-قارشى تەرەپلەر ئوتتۇرىسىدا ھەم بىرلىك، ھەم
كۈرەش بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن شەيئىلەرنىڭ ھەرىكىتى ۋە ئۆزگىرىشى ئالغا سۈرۈلىدۇ.
زىددىيەت ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت، لېكىن شەيئىلەرنىڭ خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان-
لىقتىن، زىددىيەتلەرنىڭ خاراكتېرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. ھەر قانداق بىر كونكرېت
شەيئىدىن ئېيتقاندا، قارىمۇ-قارشىلىقنىڭ بىرلىكى شەرتلىك، ۋاقىتلىق ۋە ئۆتكۈنچى
بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ نىسپىي بولىدۇ، قارىمۇ-قارشىلىقنىڭ كۈرىشى بولسا مۇت-
لەق بولىدۇ»② دەپ كۆرسەتكەن. «قارىمۇ-قارشىلىقنىڭ بىرلىكى دېگەننىڭ مەنىسى
ھەر قانداق شەيئىي قارىمۇ-قارشى تەرەپلەردىن تەشكىل تاپقان بولىدۇ ياكى زىد-

---

① «ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن، ماۋزېدۇڭ ئەسەرلىرىدىن تاللانما» «پەلسەپە قىسمى» ئۇيغۇرچە نەشرى، 448-بەت.

② «ماۋجۇشىنىڭ بەش پارچە پەلسەپە ئەسىرى» ئۇيغۇرچە نەشرى، 267-268-بەتلەر

دىيەتتىن تەشكىل تاپقان بولىدۇ. بىرنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈشى بىلەن ئىككىنىڭ قوشۇ-لۇپ بىر بولۇشىنىڭ مەنىسى (ياكى مەنبەسى) بىر. بۇلارنىڭ ھەممىسى قارىمۇ قارشى-لىقنىڭ بىرلىكىنىڭ ئاممىباب چۈشەندۈرۈلۈشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ، قارىمۇ-قارشى تەرەپلەرنىڭ ئۆزئارا باغلىنىپ تۇرىدىغانلىقى، شۇنداقلا قارىمۇ-قارشى تەرەپلەرنىڭ ئۆزئارا كۈرىشى ۋە ئۇلارنىڭ مۇئەييەن شارائىتتا ئۆزئارا ئالمىشىدىغانلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

مانا بۇ، يولداش ياڭشيەنجېننىڭ «قارىمۇ-قارشىلىقنىڭ بىرلىكى» يەنى «ئىك-كىنىڭ قوشۇلۇپ بىر بولۇشى» توغرىسىدىكى ئومۇمىي نۇقتىئىنەزەرى. يولداش ياڭ-شيەنجېن «ئەمەلىي خىزمەتلەردە دىئالېكتىكىغا ھۆرمەت قىلايلى» دېگەن تېمىدىكى دوكلاتىدا قارىمۇ قارشى تەرەپلەرنىڭ ئۆزئارا باغلىنىشىدىن ئىبارەت ئوخشاشلىق ئار-قىلىق ئەمەلىي مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلغان. نۇرغۇن ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق قارىمۇ-قارشىلىقنىڭ بىرلىكى قانۇنىيىتىنى ئەمەلىي خىزمەتلەرگە قانداق يېتەكچىلىك قىلىش مەسى-لىسىنى شەرھلەپ ئۆتكەن. شەرھلەشتە، ئەمەلىي خىزمەتلەردە ساقلىنىپ كەلگەن بىر تەرەپلىمىلىك خاتالىقلىرىنى كۆزدە تۇتۇپ، مۇھىم نۇقتىنى قارىمۇ قارشى تەرەپلەرنىڭ ئۆزئارا باغلىنىپ تۇرىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئوخشاشلىق (بىرلىك) ئۈستىگە قويغان.

ئۇزۇن ئۆتمەي، يەنى 1964-يىلى 5-ئاينىڭ 29-كۈنى يولداش ياڭشيەن-جېننىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرىنى قوللىغۇچىلار يازغان «بىرنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈشى بىلەن ئىككىنىڭ قوشۇلۇپ بىر بولۇشى» ناملىق ماقالە «نۇر گېزىتى» گە بېسىلدى. يۇقىرىقى ماقالە ئېلان قىلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، «نۇر گېزىتى» دە، كاڭشېڭنىڭ يولىيورۇقى بويىچە يېزىلغان «ئىككىنىڭ قوشۇلۇپ بىر بولۇشى-دىئالېكتىكا ئەمەس» دېگەن تېمىدىكى ماقالە ئېلان قىلىندى. بۇ ماقالىنى كاڭشېڭ شۇ كۈنلا جىياڭچىڭ ئارقىلىق ماۋجۇشىنىڭ كۆرىشىگە بەرگەن. «مەركىزىي ئالىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ چوڭ ئىشلار خاتىرىسى» دە، خاتىرلىنىشىچە، يولداش ماۋزېدۇڭ بۇ ماقالىنى كۆرگەندىن كېيىن، 1964-يىلى 6-ئاينىڭ 8-كۈنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىدا: «بىرنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈشى-دىئالېكتىكا، ئىككىنىڭ قوشۇلۇپ بىر بولۇشى، شيۇۋجىڭجۇيى، ئىككىنىڭ قوشۇلۇپ بىر بولۇشىنى پىپەن قىلىش كېرەك» دەپ كۆرسەتكەن. شۇنىڭدىن كېيىنلا، كاڭشېڭ ماۋجۇشىنىڭ بايرىقىنى كۆتۈرۈۋالغان بولۇپ، تۆۋەننى باستى، يۇقىرىنى ئالدىدى، «ئىككىنىڭ قوشۇلۇپ بىر بولۇشى» دىن ئىبارەت ئىلمىي مۇھاكىمە دائىرىسىدىكى مەسىلە بىلەن سىياسىي مەسىلىنى ئارىلاشتۇرۇ-ۋەتتى. نەتىجىدە، يولداش ياڭشيەنجېننىڭ نۇقتىئىنەزەرىگە ئاڭلىق ياكى ئەگىشىپ قارشى تۇرغۇچى كىشىلەر: «ئىككىنىڭ قوشۇلۇپ بىر بولۇشى» — زىددىيەتنى، كۈرەش-نى چەتكە قاقىدىغان پەلسەپە، بۇ خىل پەلسەپە-ئاخىرى سىنىپىي مۇرەسسەچىلىك نەزەرىيىسىگە ئېلىپ بارىدۇ، «ئىككىنىڭ قوشۇلۇپ بىر بولۇشى» دىن ئىبارەت مېتافى-

زىكىلىق، ئىدىيىۋالىزىملىق پەلسەپىنى چىقىش قىلغاندا، سىنىپىي چەك ئارىلىشىپ كېتىدۇ،
دوست - دۈشمەن ئارىلىشىپ كېتىدۇ، ئۇنداقتا ھەقىقىي دۈشمەنلەرگە زەربە بېرىپ، ھەقى-
قىي دوستلار بىلەن ئىتتىپاقلاشقىلى بولمايدۇ. بۇ خىل پەلسەپە - بۇرژۇئازىيە ئۈچۈن
كەتمەن چېپىشنى تەرغىپ قىلىدۇ، دەپ بۇرمىلاپ، تۈرك - ۋەلەپ تەھلىلىي ماقالىلارنى
يازدى ھەمدە، «بىرنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈشى» ئىنقىلابىي دىئالېكتىكا، ياڭشيەنجېن
ئوتتۇرىغا قويغان «ئىككىنىڭ قوشۇلۇپ بىر بولۇشى» سىپى ئۆزىدىن بولغان مىتافىزى-
كا، يولداش ماۋزېدۇڭ «بىرنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈشى» نى ئوتتۇرىغا قويسا، ياڭشيەن-
جېننىڭ «ئىككىنىڭ قوشۇلۇپ بىر بولۇشى» نى ئوتتۇرىغا قويغانلىقى ماۋزېدۇڭ
ئىدىيىسىگە قارشى تۇرغانلىق، دەپ پىپەن قىلدى. مانا بۇ «ئىككىنىڭ قوشۇلۇپ بىر
بولۇشى» مەسىلىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى، بۇرمىلىنىشى ۋە پىپەن قىلىنىشىنىڭ ئومۇ-
مىي جەريانى.

× × ×

مېنىڭچە «ئىككىنىڭ قوشۇلۇپ بىر بولۇشى» بىلەن «بىرنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈ-
شى» قارىمۇ قارشىلىقنىڭ بىرلىكى قانۇنىيىتىنى چۈشىنىش ۋە چۈشەندۈرۈش مەسىلى-
سى. بۇ قانۇنىيەتنى قانداق چۈشىنىش ۋە چۈشەندۈرۈش مەسىلىسىنى «ھەممە ئېقىم-
لار بەس - بەستە سايراش» فاڭجېنى بويىچە دېموكراتىيە ئاساسىدا مۇھاكىمە قىلىشقا
بولىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا «ئىككىنىڭ قوشۇلۇپ بىر بولۇشى» نۇقتىئىنەزىرىنى ئوتتۇرىغا
قويغۇچىلار قىلچە ئاساسسىزلا ئوتتۇرىغا قويغان ئەمەس. ئەمما، كاڭشېڭ ئېقىمىدىكى-
لەر ئۇلارنىڭ ئىلمىي پاكىتلىرىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ ئىلىم - پەن مىللىتارىستلى-
رى ئەلپازى بىلەن سەھنىگە چىقىپ سىياسىي قالپاق تەڭلەپ، ئۇلارنى قورقۇتۇشقا
ئۇرۇندى. مۇھاكىمە قىلىشقا يول قويمىدى. مۇھاكىمە قىلىشقا يول قويمىغاندىن كېيىن
كىشىلەردە، خۇددى «بىرنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈشى» لا توغرا، «ئىككىنىڭ قوشۇلۇپ
بىر بولۇشى» خاتادەك بىر خىل ئىجتىمائىي تۇيغۇ پەيدا بولدى. «بىرنىڭ ئىككىگە
بۆلۈنۈشى» بىلەن «ئىككىنىڭ قوشۇلۇپ بىر بولۇشى» دىن ئىبارەت بۇ ئىككى خىل
ئاتالغۇ - كاڭشېڭ ئېيتقاندەك - قىلچە چىقىشالمايدىغان، ئەشەددىي رەقىبلەر ئەمەس. بۇ
بىر ئاتالغۇنى تىلغا ئالغانلىق - ئۇ بىر ئاتالغۇنى يوققا چىقىرىدۇ دېگەنلىك ئەمەس.
بۇ ئىككى ئاتالغۇنىڭ ھەر ئىككىلىسىنىڭلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئاساسى بار، جۇڭ-
گو ۋە چەتئەل پەلسەپە تارىخىدا «بىرنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈشى» بىلەن «ئىككىنىڭ
قوشۇلۇپ بىر بولۇشى» غا ئوخشاش ياكى يېقىن كېلىدىغان قاراشلارمۇ بولغان.
ماركس، ئېنگېلس شەيئىلەرگە قاراشتا - ئوخشاشلىقنىڭ پەرقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى-
نى كۆرسەتمىسىنى، شەيئىلەرنىڭ مۇئەييەنلىكىنى چۈشەنگەندە، ئۇنىڭ ئىنكار قىلىش
تەرىپىنىمۇ چۈشىنىشىمىزنى كۆپ قېتىم تەكىتلىگەن. بۇ — «بىرنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈشى»
بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. لېكىن ماركس يەنە: «بىر - بىرىگە زىت ئىككى تەرەپنىڭ بىللە

مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، بىر-بىرى بىلەن كۈرەش قىلىشى ۋە يۇغۇرۇلۇپ بىر يېڭى كاتېگورىيە بولۇشى-دىئالېكتىك ھەرىكەتنىڭ ماھىيىتى»① دېگەنىدى. ماركسنىڭ بۇ سۆزىنى «ئىككىنىڭ قوشۇلۇپ بىر بولۇشى» دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ. «بىرنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈشى» نى تەشەببۇس قىلىپ، «ئىككىنىڭ قوشۇلۇپ بىر بولۇشى» غا قارشى تۇرغۇچىلارنىڭ دەستەك قىلىپ ئەڭ كۆپ نەقىل كەلتۈرىدىغىنى لېنىننىڭ «بىر پۈتۈن نەرسىنىڭ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈشى ۋە ئۇنىڭ بىر-بىرىگە زىت قىسىملىرىنى بىلىش، دىئالېكتىكىنىڭ ماھىيىتى»② دېگەن سۆزى. قارىمۇ قارشىلىقنىڭ بىرلىكى توغرىسىدىكى لېنىننىڭ بۇ سۆزىنى قىسقارتىپ «بىرنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈشى» دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ. لېنىن يەنە مۇنداق دەيدۇ: «چۈنكى، بىر پۈتۈن نەرسە بىر-بىرىگە قارىمۇ-قارشى بولغان ئىككى تەرەپتىن تەشكىل تاپقان بولىدۇ. شۇڭا ئۇنى ئىككىگە بۆلگەندە، بۇ ئىككى قارىمۇ قارشى تەرەپ ئاشكارلىنىپ چىقىدۇ.»③ لېنىننىڭ بۇ سۆزى ھەم «بىرنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈشى» نى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ھەم «ئىككىنىڭ قوشۇلۇپ بىر بولۇشى» نى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇنىڭدىن باشقا، لېنىن يەنە «شەيئىي (ھادىسە ۋە باشقىلار) قارىمۇ-قارشى تەرەپلەرنىڭ يىغىندىسى ۋە بىرلىكى»④ دېگەنىدى. لېنىننىڭ بۇ سۆزىنى «ئىككىنىڭ قوشۇلۇپ بىر بولۇشى» دەپ چۈشىنىش مۇمكىن. ئەمما ئەينى يىللاردا «ئىككىنىڭ قوشۇلۇپ بىر بولۇشى» نەزەرىيىسىگە قارشى تۇرغۇچىلار لېنىننىڭ سۆزىنى بىر تەرەپلىمە چۈشەنگەن. ئۇلار لېنىننىڭ سۆزىدىكى «بىرنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈشى» نى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىكى «ئىككىنىڭ قوشۇلۇپ بىر بولۇشى» توغرىسىدىكى ئىدىيىنى كۆرمىگەن.

قىسقىسى، مەيلى «بىرنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈشى» بولسۇن ياكى «ئىككىنىڭ قوشۇلۇپ بىر بولۇشى» بولسۇن، بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىگە ماركسىزم، لېنىنىزم ئىجادچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئاساس تاپقىلى بولىدۇ. ئەمما، بۇ يەردىكى گەپ ئۇلارنىڭ بۇ ئاتالغۇنى ياكى بۇ خىل ئىدىيىنى ئوتتۇرىغا قويغان، قويمىغانلىقىدا ئەمەس. بىز ئىلمىي تەتقىقات ۋە مۇھاكىمىلەردە نەقىل كەلتۈرۈشكىلا تايىنىپ ياشىساق بولمايدۇ. بۇ يەردىكى مۇھىم مەسىلە «بىرنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈشى» بىلەن «ئىككىنىڭ قوشۇلۇپ بىر بولۇشى» ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان پاكىتمۇ-يوق؟ دېگەننى ئېتىراپ قىلىش ياكى ئېتىراپ قىلماسلىق مەسىلىسىدۇر. مەسىلەن، كاپىتالىزم جەمئىيىتى پرولېتارىيات بىلەن بۇرژۇئازىيىدىن ئىبارەت ئىككى سىنىپقا بۆلۈنىدۇ، دېسەك، بۇ «بىرنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈشى» بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بىز يەنە كاپىتالىزم

① «ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» 1-توم، ئۇيغۇرچە يېڭى يېزىق نەشرى، 190-بەت

② «لېنىن ئەسەرلىرى» خەنزۇچە نەشرى، 38-توم، 396-بەت.

③ » // // ، // // // //

④ «ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن، ماۋزېدۇڭ ئەسەرلىرىدىن تاللانما» پەلسەپە قىسمى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 445-446-بەتلەر.

جەمئىيەتتە پرولېتارىيات بىلەن بۇرژۇئازىيەدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ سىنىپتىن تەشكىل تاپقان، ھەر قانداق شەيئى ئۆز ئارا قارىمۇ-قارشى بولغان ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ، ھەر قانداق شەيئى بىر-بىرىگە قارىمۇ قارشى بولغان ئىككى تەرەپنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسىدىن ئىبارەت، دەيمىز. مۇشۇ ئىككى خىل ئاتاشتا، شەيئىلەرگە بىر نەرسە قوشۇلۇپ قالمايدۇ، شەيئىلەر ئازىيىپمۇ كەتمەيدۇ، شەيئىلەرنىڭ خاراكتېرىمۇ ئۆزگىرىپ كەتمەيدۇ. ئەمما بىز گايى چاغلاردا، مۇھىم نۇقتىنى بىرلىك (ئوخشاشلىق) ئىچىدىن قارىمۇ-قارشىلىقنى ئىگىللەشكە قويىمىز، بۇ-«بىرنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈشى» دۇر. گايى چاغلاردا، مۇھىم نۇقتىنى قارىمۇ-قارشىلىق ئىچىدىن بىرلىكنى ئىگىللەشكە قويىمىز، بۇ-ئىككىنىڭ قوشۇلۇپ بىر بولۇشى» دۇر. ئەينى يىللاردىكىدەك «بىرنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈشى» نى دىئالېكتىكا، «ئىككىنىڭ قوشۇلۇپ بىر بولۇشى» نى مېتافىزىكا دەپلا، ئوخشىمىغان پىكىرلەرنى بېسىشنىڭ ئۆزى بىر خىل نادانلىقنىڭ ئىپادىسىدۇر.

بىزگە مەلۇمكى، دۇنيادىكى شەيئىلەر تۈرلۈك-تۈمەن خىل بولىدۇ. شەيئىلەرنىڭ زىددىيەتلىرى خىلمۇ-خىل پەرقلىق بولىدۇ. زىددىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي يۈزلىنىشىدىن قارىغاندا، بەزى شەيئىلەرنىڭ ئىچكى زىددىيەتلىرىنىڭ تەرەققىياتى بۆلۈنۈشكە يۈز تۇتىدۇ. مەسىلەن، پرولېتارىيات بىلەن بۇرژۇئازىيىنىڭ قارىمۇ-قارشىلىقى زىددىيەتلەرنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن بۆلۈنۈشكە يۈز تۇتىدۇ، ئەمما بۇمۇ مۇتلەق ئەمەس. بۇ خىل ئەھۋالنى «بىرنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈشى» دېيىشكە بولىدۇ. بەزى شەيئىلەر زىددىيەتلىرىنىڭ تەرەققىياتى بىر-بىرىگە قارىمۇ-قارشى بولغان ئىككى تەرەپنى بىرلەشتۈرىدۇ، ھەتتا تەرەققىيات داۋامىدا پەيدىنپەي قارىمۇ قارشى ئىككى تەرەپ قوشۇلۇپ سىڭىشىپ كېتىدۇ. مەسىلەن، ئىشچىلار بىلەن دېھقانلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت، شەھەر بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت، ئەقلىي ئەمگەك بىلەن جىسمانىي ئەمگەك ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت قاتارلىقلار. بۇ خىل ئەھۋالنى «ئىككىنىڭ قوشۇلۇپ بىر بولۇشى» دېيىشكە بولىدۇ. بۇ يەردە شۇ نەرسىنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، مەيلى قايسى خىل زىددىيەت بولۇشتىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ پۈتكۈل تەرەققىيات جەريانىدا باشتىن-ئاخىر كۈرەش بولىدۇ. بۇنىڭدىن گۇمانلىنىشقا بولمايدۇ. «ئىككىنىڭ قوشۇلۇپ بىر بولۇشى» نى تىلغا ئالغانلىق-كۈرەشنى ئىنكار قىلغانلىق-دېيىش داۋلىسىزلىق ياكى ئۆكتەملىك بولىدۇ.

«بىرنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈشى» بىلەن «ئىككىنىڭ قوشۇلۇپ بىر بولۇشى» دىن ئىبارەت ئەھۋال ئوبيېكتىپ شەيئىلەردە مەۋجۇت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى كىشىلەرنىڭ تەپەككۇرىدىمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، بىزنىڭ شەيئىلەرنى بىلىشىمىز باشتا بىر قەدەر تۇتۇق، تومتاق، يەنى ئابستراكت بولىدۇ. بىزنىڭ بۇ چاغدىكى شەيئىلەرگە بولغان بىلىشىمىز چوڭقۇر بولمايدۇ. شەيئىلەرنىڭ ئىچكى قىسمىغا ئىچكىر-

لەپ كىرىپ، زىددىيەتلەرنى ئاشكارىلاپ، تەتقىق قىلغاندىلا، ئاندىن شەيئىلەرنىڭ ئومۇمىيىتىنى ھەقىقىي بىلەلەيمىز. مانا مۇشۇنداق ئابستراكت، يۈزەكى بىلىشتىن-كونكرېت، چوڭقۇر بىلىشكە ئۆتۈش جەريانى - «بىرنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈشى» جەريانى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بەزىدە بىزنىڭ بىلىشىمىزدە ئىككىنچى بىر خىل ئەھۋالمۇ بولىدۇ. يەنى باشتا كۆپىنچە يەككە-يىگانە ھالدا شەيئىلەرنىڭ مەلۇم بىر تەرىپىنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ باغلىنىشىنى كۆرمەسلىك ئەمما بىلىشنىڭ قەدەممۇ-قەدەم چوڭقۇرلاپ بېرىشىغا ئەگىشىپ، شەيئىلەرنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىنىڭ باغلىنىشىنى كۆرۈپ، شەيئىلەرنى ئەتراپلىق چۈشىنىپ يېتەلەيمىز. بۇ خىل بىلىش «ئىككىنىڭ قوشۇلۇپ بىر بولۇشى». ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، تەھلىل قىلىشتىن ئومۇملاشتۇرۇشقا ئۆتۈش ئومۇملاشتۇرۇشتىن تەھلىل قىلىشقا ئۆتۈشتەك ئىككى خىل ئەھۋال بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ ئىككى خىل ئەھۋال ئۆزئارا بىرلىشىپ تۇرىدۇ. تەھلىل قىلىش بىلەن ئومۇملاشتۇرۇش شەيئىلەرنى بىلىشىمىزدە كەم بولسا بولمايدۇ. تەھلىل قىلىش بولسا، ئومۇملاشتۇرۇش بولىدۇ. تەھلىل قىلىشنىلا تەكىتلەپ، ئومۇملاشتۇرۇشنى چەتكە قېقىشقا بولمايدۇ. تەھلىل قىلىش بىلەن ئومۇملاشتۇرۇشنى جانلىق، زىچ بىرلەشتۈرگەندە، (بۇمۇ «ئىككىنىڭ قوشۇلۇپ بىر بولۇشى») ئاندىن شەيئىلەر زىددىيەتلىرىنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىنى كۆرۈۋالغىلى، شەيئىلەرنىڭ ئۆزئارا باغلىنىشىنىڭ ئومۇمىيىتىدىن شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتى، تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى ھەقىقىي بىلىپ يەتكىلى بولىدۇ.

دېمەك، قارىمۇ قارشىلىقنىڭ بىرلىكى قانۇنىيىتى - «بىرنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈشى» نى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماستىن، بەلكى «ئىككىنىڭ قوشۇلۇپ بىر بولۇشى» نىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قارىمۇ قارشىلىقنىڭ بىرلىكى قانۇنىيىتىنى ئىپادىلەپ بېرىشتە «بىرنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈشى» بىلەن «ئىككىنىڭ قوشۇلۇپ بىر بولۇشى» نى بىرلەشتۈرۈپ قارىساق، ئاندىن بىر قەدەر مۇكەممەل، توغرا بولغان بولىدۇ. بۇ ئىككى تەرەپنى بىرلەشتۈرۈپ قارىغاندىلا ئاندىن بۆلۈنۈش ئىچىدىن قوشۇلۇشنى، قوشۇلۇش ئىچىدىن بۆلۈنۈشنى كۆرگىلى بولىدۇ. قارىمۇ قارشىلىقنىڭ بىرلىكى قانۇنىيىتى نۇقۇل ھالدا «بىرنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈشى» ياكى «ئىككىنىڭ قوشۇلۇپ بىر بولۇشى» دېگەن بىر تەرەپلىمە قاراشقىلا تاقاپ قويۇلسا سوبيېكتىپ، بىر تەرەپلىمىلىك بولىدۇ. بىر پۈتۈنلۈكتە ئىككى تەرەپنى كۆرسەك، ئاندىن مەسىلىلەرگە بولغان بىلىشىمىز بىر تەرەپلىمىلىك ئىللەتلەردىن خالى بولغان توغرا بىلىش بولىدۇ.

# ئۇيغۇر فولكلورىدىكى تەبىئەت قاراشلىرى توغرىسىدا

ئابدۇكېرىم راخمان

كىشىلەرنىڭ تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ھەققىدىكى ئوي پىكىرلىرى ئادەتتە پەلسەپىۋىلىك قاراشلار دېيىلىدۇ. بۇنداق پەلسەپىۋىلىك قاراشلار ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ قەدىمكى زاماندىكى مىفولوگىيىلىرىدە، ئاجايىپ-غارايىپ ھېكايە-چۆچەكلىرىدە، تۇرمۇشتىن يەكۈنلەنگەن ماقال-تەمسىل ۋە شېئىرىي-قوشاقلىرىدا ئۆز ئەكسىنى تاپقان ھەمدە بۇنداق قاراشلار كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغىمۇ چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن. مەسىلەن: ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي چۈشەنچىلىرىدە — پۈتۈن دۇنيا ئوت، ھاۋا، سۇ، تۇپراقتىن ئىبارەت تۆت زاتتىن يارالغان. ئۇلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇققا مۇناسىۋەتلىك. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، يورۇقلۇق: ھاياتلىقنىڭ، ياخشىلىقنىڭ، بەختنىڭ، خۇشاللىقنىڭ نىشانى، ئەكسىنچە قاراڭغۇلۇق: سوغۇقنىڭ، ئۆلۈمنىڭ يامانلىقنىڭ، مالامەتنىڭ نىشانى، بۇلار بىر-بىرىگە قارمۇ-قارشى كۈچلەر دەپ ھېسابلانغان. ئۇيغۇرلارنىڭ «ئادەم زاتنىڭ يارىلىشى» ھەققىدىكى ئەپسانىلىرىدە دۇنيانى ياراتقان ئادەم زاتىنى كۆككە، ھاۋا ئانىنى يەرگە تەگلەشتۈرۈپ ھاۋا ئانا بىلەن ئادەم ئاتىدىن ئادەم زات پەيدا بولغان دەپ ھېكايە قىلىنىدۇ. يەنە شۇ مەزمۇندىكى باشقا ئەپسانىلەردىمۇ «بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا پۈتكۈل ئالەمنى قارا تۇتەك (تۇمان) قاپلىغان ئىكەن، كېيىن ئۇزاق زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن يەر بىلەن ئاسمان ئاستا-ئاستا ئايرىلىپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن كۈن ۋە ئاي تۇغۇلۇپتۇ، شۇنىڭدىن كېيىن قاراڭغۇلۇق بىلەن يورۇقلۇق پەيدا بولۇپ ئادەم زات، جان-جانىۋارلارنىڭ تىرىكچىلىكى پەيدا بولغان ئىكەن①» دەپ ھېكايە قىلىنىدۇ. دەرۋەقە، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ساددا چۈشەنچىسى بويىچە، يەر-ئادەم زات، جان-جانىۋار، دەل-دەرەخ، ئوت-چۆپلەرنىڭ ئانىسى، ئاسمان بولسا يورۇقلۇق، ئىسسىق، ھۆل يېغىننىڭ ئاتىسى ھېسابلانغان. شۇ سەۋەبتىن قەدىمكى ئۇيغۇرلار كۆك ئاتىغا ۋە يەر ئانىغا چوقۇنغان. شۇنىڭدەك يەرنى ئانىغا تەگلەشتۈرۈش ئۇيغۇرلارنىڭ بەدىئىي تەپەككۇرىدا تا ھازىرغىچە ئىزچىل داۋاملى-

① نىغمەت مىڭجان ئوغلى: «قازاقنىڭ قىسقىچە تارىخى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1987 - يىل قازاقچە 594 - بەت

شىپ كەلمەكتە. ئۇيغۇرلار ئاسماننى بارلىق ئىنسانلارنىڭ ھاياتىغا پاناھ بولغۇچى «كۆك گۈمبەز» دەپ تەسەۋۋۇر قىلغان ۋە ئۇنىڭغا بولغان ئېتىقادىنى بېشىغا كىيىدىغان دوپپىلىرى ۋە چېدىر ئۆيلىرى شەكلىدە ئىپادىلىگەن. ئۇلارنىڭ تونۇشىچە، كۆكتە جىمىرلاپ تۇرغان يۇلتۇزلار ئەشۇ كۆك گۈمبەزگە يېقىلغان چىراغلار بولۇپ، ئۇنىڭ ئىنساننىڭ ھاياتى بىلەن مەھكەم باغلىنىشى بار، ھەر بىر ئادەمنىڭ يارىلىشى ۋە تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان بىردىن يۇلتۇزى بولىدۇ. كىمنىڭ يۇلتۇزى يۇقىرى ئۆرلىسە، ئۇنىڭ ئۆمرى ئۇزىرايدۇ. كىمنىڭ يۇلتۇزى تۆۋەنلىسە، ئۇنىڭ ئۆمرى شۇنچە قىسقىرايدۇ. يۇلتۇزى ئوگدىن تۇغسا، بارلىق ئىشى ئوڭۇشلۇق بولىدۇ، سولدىن تۇغسا، پالاكەت باسىدۇ. ئەگەر يۇلتۇزى ئېقىپ كەتسە، شۇ ئادەم ئۆلىدۇ-دە، ئۇنىڭ جېنى (روھى) ئاسمانغا چىقىپ كېتىدۇ، دەپ قارايدۇ. مۇشۇ سەۋەبتىن، ئۇلار ئارىسىدا ئاسمانغا قاراپ تولۇرمەسلىك، ئاسماندا ئاققان يۇلتۇزنى كۆرگەندە «مېنىڭ يۇلتۇزۇم يۇقىرى!»، «خۇدا ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن!» دەپ ئىلتىجا قىلىپ دۇئا قىلىش ئادەتلىرى ھازىرغىچە ساقلانغان. بەزى ئۇلۇغلاشمۇ خۇددى كۆككە سېغىنىشتەك ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قەدىمدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى ئادەتلەرنىڭ بىرى. دۇنيادىكى كۆپچىلىك مىللەتلەرنىڭ جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەپسانىلىرىدىمۇ ئادەمزاتنىڭ تۇپراقتىن يارالغانلىقى ھېكايە قىلىنىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇلار تۇپراقنى ھەممىدىن چوڭ دەپ قارايدۇ. مېيىتنى يەرگە دەپنە قىلىش ئادىتىگىمۇ تۇپراقنى ئۇلۇغلاش ئەقىدىسى سىڭگەن دېيىش مۇمكىن. قىسقىسى، بۇ ئەقىدىلەرنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇ تۆت زات قارىشىدىن كېلىپ چىققان.

مەلۇمكى، «تۆت زات» كۆز قارىشى ئارىستوتىل ۋە ئۇنىڭ شاگىرتى ئەلفارابى پەلسەپە سىستېمىسىنىڭ يادروسى ھېسابلىنىدۇ. لېكىن بۇ «تۆت زات» كۆز قارىشى ئارىستوتىل ياكى قانداقتۇ بىر پەيلاسوپ ياراتقان نەرسە ئەمەس. «تۆت زات» ھەققىدىكى باشلانغۇچ كۆز قاراشلار يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك ئوتتۇرا ئاسىيا ئارىيان ۋە تۇران خەلقلەرنىڭ ئانىمىزملىق ①ۋە دېئىزملىق ② ئەڭ ساددا كۆز قاراشلىرىدا كېسەللەرنى داۋالاشتىكى «ئەم» ئەرەم قائىدىلىرىدە ساقلانغان ئىدى. بۇ ئىپتىدائىي كۆز قاراشلار، قەدىمكى جۇڭگونىڭ بەش ئېلېمېنت (سۇ، توپا، ئوت، مېتال، ياغاچ) كۆز قاراشلىرى ۋە قەدىمكى ھىندىستاننىڭ لوكاباتا تەلىماتىدىكى «ئوت، شامال، سۇ، يەر» كۆز قاراشلىرى بىلەن بىللە ئەڭ قەدىمكى دۇنيا قاراشلارنىڭ ساددا ماتېرىيالىستىك ئۇندۇرمىلىرىدىن بىرىنى تەشكىل قىلغان ئىدى، خەلق ئارىسىدىكى مۇنداق پەلسەپىۋىلىك

---

① ئانىمىزم — تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ قانۇنىيەتلىكىنى چۈشەنمىگەنلىكتىن يۈز بەرگەن ئىپتىدائىي تەبىئەت كۆز قارىشى

② دېئىزم — قەدىمكى تەبىئەت ئىلاھىيەتچىلىك كۆز قارىشى، ئۇنىڭ ئىپتىدائىي شەكلى ئانىمىزم بولۇپ بۇ خىل كۆز قاراش شەرقتە ۋە غەربتە ئوخشاشمىغان دەۋرلەردە ئوخشاشمىغان شەكىلدە ئىپادىلەنگەن. دېئىزم - تەبىئەتنىڭ ئۆزى تەڭرى دېگەن ئاساسىي نۇقتىنەزەرگە ئاساسلانغان.

ئۇي-پىكىرلەر ئۇلارنىڭ ئاسترونومىيىلىك قاراشلىرىغا چوڭقۇر سىڭگەن. كەڭ كائىناتنىڭ ئۈستىدىكى بۇ «كۆك گۈمبەزگە ئورنىتىلغان سانسىز چىراغلار» كىشىلەرنى قەدىمكى زامانلاردىلا ئۆزىگە كۈچلۈك جەلپ قىلغان. كۈندۈزلىرى كەڭ تەبىئەت قوينىدىكى ئېتىز-ئېرىق، قىرلاردا، كېچىلىرىنى يۇلتۇزلۇق كۆك ئاسمان ئاستىدىكى خامانلاردا خامان تېپىش، يايلاقلاردا مال كۆزىتىش بىلەن ئۆتكۈزگەن كەڭ ئەمگەكچان ئۇيغۇر خەلقى ئۆزلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى جەريانىدىكى ئۇزۇن يىللىق تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، ئاسمان جىسىملىرى توغرىسىدا كۆپلىگەن ئاسترونومىيىلىك چۈشەنچە ۋە بىلىملىرىنى توپلىغان، شۇنداقلا ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن ئىجادىي بولغان ئاجايىپ قىزىقارلىق قاراشلار ۋە پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنى كۈچلۈك ئىدىيەۋى ئىشەنچ ۋە ئېتىقاد مەزمۇنىغا ئايلاندۇرغان.

ئاسترونومىيىلىك قاراشلار تەبىئەت پەلسەپىسىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى بولۇپ ئۇ كۆزىتىش، تەجرىبە قىلىش ۋە تەكرار-تەكرار ئەمەلىيەت سىنىقىدىن ئۆتكۈزۈش قاتارلىق ۋاسىتىلارغا تايىنىدۇ.

ھېچقانداق ئاسترونومىيىلىك كۆزىتىش ئەسۋابلىرى بولمىغان قەدىمكى زامانلاردا ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆز ئەمەلىيىتىگە تايىنىپ، ئاسمان جىسىملىرى ھەققىدە ياراتقان خىلمۇ-خىل ساددا ئۇي-پىكىرلىرى ئەينى زاماندىكى ھەر خىل روھانىيەتچىل كۆز قاراشلاردىن خېلى يۈكسەك بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندىمۇ بەلگىلىك ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.

مەلۇمكى، ئىنسانلار تەبىئەت ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىشنى بىلمىگەن ئەشۇ ئىپتىدائىي دەۋرلەردە ئۆزلىرى ئۈچۈن ئەڭ چوڭ ۋەھىمە تەبىئەت دۇنياسىدىن كېلەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ساددا خىيالىدا ئاڭسىز سەنئەت شەكلى بىلەن تەبىئەت دۇنياسى، جۈملىدىن ئاسمان جىسىملىرىنى ئىلاھلاشتۇرىدىغان ئاجايىپ كوسمولوگىيىلىك مىفلار بارلىققا كېلىپ، ئۇنىڭغا بولغان سېغىنىش ھېسسىياتىنى كۈچەيتتى. شۇنىڭ بىلەن تەدرىجىي ھالدا كىشىلەر قەلبىدە تەبىئەتنىڭ سىرىنى بىلىشكە بولغان قىزىقىش بارلىققا كەلدى. ئۇلار كۈن بىلەن تۈننىڭ، يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇقنىڭ، يىل، ئاي، پەسىللەرنىڭ دەۋرىي ھالدا ئالمىشىپ تۇرۇش سەۋەبلىرىنى ئاسمان جىسىملىرى (قۇياش ئاي، يۇلتۇز...) دىكى ئۆزگىرىشلەرگە باغلاپ چۈشەندۈرۈشكە تىرىشتى. قۇياشنىڭ شەرقتىن كۆتۈرۈلۈپ غەربكە پېتىپ كېتىشى، ئاينىڭ تۇغۇلۇشى، زورىيىشى، قوتانلاش ۋە ئاخىردا يوق بولۇپ قايتىدىن يېڭىلىنىشى، پلانېتلار ۋە سانسىزلىغان يۇلتۇزلارنىڭ سىرلىق ھەرىكەتلىرى ۋە تاشقى كۆرۈنۈشتىكى ئۆزگىرىش قاتارلىقلارنى ئۇزاق ئەسىرلىك ئەمەلىيەت جەريانىدا ئاددىي كۆزلەر بىلەن تەكرار كۆزىتىپ، پلانېتلارنىڭ بۇرج ۋاقتىنى (يىللىق ھەرىكەت دەۋرىنى) مەلۇم ئېنىقلىق بىلەن ھېسابلاپ چىقىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى، شۇنىڭدىن كېيىن ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى يېزىقسىز ۋاقىت كالېندارى (يۇلتۇز كالېندارى) مەيدانغا كەلدى.

دېھقان چارۋىچىلا مۇشۇ كالېندار بويىچە ئۆزلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مەزگىلىنى بەلگىلەيدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن كېيىنكى زامانلاردا مىلادىيە، ھىجرىيە، قەمەرىيە، شەمسىيە كالېندارى جۈملىدىن «دېھقانلار كالېندارى» دەپ ئاتالغان، مۆچەللىك كالېندارلارنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئاساس يارىتىلدى.

قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ئېھتىياجىغا ئاساسەن ھاۋارايىنىڭ خىلمۇ-خىل مۇرەككەپ ئۆزگىرىشلىرىنى كۆزىتىپ بۇ ھەقتىكى ياخشى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلىگەن. بۇ ئەمەلىي تەجرىبىلەر ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا داۋاملىشىپ مۇئەييەن قانۇنىيەتلىك ھۆكۈمگە ئايلانغان. ئۇنىڭغا ئاساسلىنىپ يەرلەرنى ئوسا قىلىش، ئۇرۇق سېلىش قاتارلىق پەسىل خاراكتېرى كۈچلۈك بولغان ئەمگەك تۈرلىرىنىڭ ۋاقىت كۈن ھېساباتىنى بەلگىلىگەن.

ئۇلار يازدىكى ئىسسىقنىڭ ئورنىغا قىشتا قاتتىق سوغۇق بولىدۇ، يازدىكى يامغۇرنىڭ ئورنىغا قىشتا قار ياغىدۇ، تومۇز مەزگىلىدە (ئىيۇلنىڭ ئوتتۇرىسىدا) قاتتىق ئىسسىق بولسا شۇ يىلى قىشنىڭ ئوتتۇرىسىمۇ (يانۋارنىڭ ئوتتۇرىسى) قاتتىق سوغۇق بولۇپ ئۇنىڭدىن كېيىن كۈن ئىسسىشقا باشلايدۇ، قىراۋ ئەسلى مەزگىلىدىن كېچىكىپ چۈشسە، باھار كېچىكىپ كېلىدۇ، جانلىقلارمۇ كېيىنرەك ئويغىنىدۇ دەپ ھېسابلىدى. ھەر ئايدىكى ھاۋارايىنىڭ مۇشۇنداق ئۆزگىرىدىغان مەزگىللىرىنى ئالدىن ھېسابلاپ يۇرتداشلىرىنى خەۋەرلەندۈرۈش، شۇ ئاساستا تېرىقچىلىق پەيتىنى بەلگىلەش ۋە تەڭشەش ئۇزاقتىن بۇيان خەلق ئارىسىدا ئەنئەنە بولۇپ كېلىۋاتقان مۇھىم ئادەتلەرنىڭ بىرى. «ھۇت-كەتمەن سېپى تۇت»، «قەشقەرنىڭ سوغۇقى ئاز، قىشى ئەتىياز»، «ئاي قوتانلىسا ئايدا ياغار، كۈن قوتانلىسا كۈندە ياغار»، «كۈندىن قالساڭ يىلدىن قالىسەن»، «كۆيدۈرسىمۇ كۈن ياخشى»، «ئاينىڭ بېشىدىن قورققىچە، بەشىدىن قورق» دېگەنگە ئوخشاش ھېكمەتلىك ماقال-تەمسىللەر ئەنە شۇ ھاۋارايىنى كۆزىتىپ خۇلاسىلانغان، ئامىباپ يەكۈنلەردۇر.

ئەجدادلىرىمىز ۋاھا رايىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى كۆكتىكى پىلانىتلارنىڭ ھەرىكىتى ئارقىلىق كۆزەتتى. بۇ جەرياندا ئۇلارغا ئاساسىي پىلانىتلارنىڭ خاراكتېرىنى بىلىش ئىمكانىيىتىگىمۇ ئىگە بولدى. ئۇلار كۆك تەڭرىگە ئېتىقاد قىلىش ئەقىدىسىگە ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي كۆزىتىشلىرىدىن ھاسىل بولغان ئاسترونومىيىلىك بىلىم تەجرىبىلىرىنى سىڭدۈرۈپ، قۇياشنى مەركەز قىلغان پىلانىتلارنىڭ سۈپەتلىرىنى پەرقلىق ھالدا تەرىپلىدى ۋە ئۇلارنى ئۆزىگە خاس مىللىي ناملار بىلەن ئاتىدى. ھەم ئاسترونومىيىلىك ھەم مېتېئورولوگىيىلىك مەنىگە ئىگە بولغان ھۆكەر يۇلتۇزىنى «تۆمۈر قوزۇق» دەپ ئاتاپ، ئۇنىڭدىن كېچىدە يول يۈرگەندە نىشان كۆرسىتىپ بېرىدىغان كومپاس سۈپىتىدە پايدىلاندى. يىل كالېندارىنىڭ ئۆزگىرىشىمۇ ئەنە شۇ «تۆمۈر قوزۇق» قا قاراپ بەلگىلەندى. خەلقىمىز «تۆمۈر قوزۇق» نىڭ كۆپىيىشى بىلەن ھاۋا رايى ئۆزگىرىدۇ،

دەپ قارىدى. ئەگەر ھۆكەر يەرگە يېقىنلاشسا بۇ كۆكلەم (باھار) نىڭ يېتىپ كەلگەنلىكنىڭ بەلگىسى، ئەگەر ھۆكەر سۇغا يېقىنلاشسا، يامغۇر كۆپ بولىدۇ، قۇرغاق يەرگە يېقىنلاشسا، قۇرغاقچىلىق بولۇپ بورانشامال كۆپ بولىدۇ، ھۆكەر تاغۇ - تاشلارغا يېقىنلاشسا، پىژ - پىژ ئىسسىق بولىدۇ، دەپ قارىدى. ئۇلارنىڭ ھېسابىچە، ماينىڭ ئاخىرى بىلەن ئىيۇننىڭ بېشىدا ھۆكەر كۆرۈنمەيدۇ. مانا شۇ چاغنى «ھۆكەر يەرگە چۈشتى» دەپ قارايدۇ. ھۆكەر مۇشۇنىڭ بىلەن يەردە 40 كۈن ياتىدۇ، بۇ يىلنىڭ ئەڭ ئىسسىق مەزگىلى بولۇپ ئۇنى «40 كۈن چىللە كىردى» دەپ قارايدۇ. مۇشۇ 40 كۈن ئۆتۈپ ھۆكەر قايتا كۆرۈنگەندىن كېيىن ئۆسۈملۈكلەر دان تۇتۇشقا باشلايدۇ، «ھۆكەر يانغا ئۆتسە يازغا تەۋە، تۇماق گەدەنگە چۈشسە تازغا تەۋە» دېگەن تەمسىل ئەنە شۇ ھۆكەر يۇلتۇزىنىڭ مەلۇم ھەرىكىتى ئاساسىدا كۆزىتىش نەتىجىلىرىدىن بارلىققا كەلگەن.

«تۆمۈر قوزۇق» نىڭ يېنىدىكى ئىككى يۇلتۇزنى ئۇيغۇرلار «بېلىق يۇلتۇز» ۋە «قوزا يۇلتۇز» (قازاق خەلقى «ئاق بوز ئات» ۋە «كۆك بوز ئات» دەپ ئاتايدۇ) دەپ ئاتاپ، «بېلىق» قىشنىڭ ئاخىرقى ئېيى، «قوزا» يازنىڭ ئاخىرقى ئېيى دەپ چۈشەندۈرىدۇ. ئۆزىنىڭ رەڭگى بىلەن بىر تامچە قانغا ئوخشايدىغان قىزغۇچ مارس يۇلتۇز تۈركۈمىگە «يىتتىكەن» (يەتتە ئىگەن) ياكى «قارا قۇش» دەپ نام بېرىپ، ئۇ كۆرۈنگەندە بالايىئاپەت ياغىدۇ دەپ ھېسابلىدى. ھەممىدىن روشەن ھەم چىرايلىق ۋېنېرا پىلانېتىنى «چولپان يۇلتۇزى» دەپ ئاتاپ ئۇنى خۇشاللىق، بەخت خاراكتېرىستىكىسى بىلەن گەۋدىلەندۈردى. ئەڭ ئۈستىدە تۇرىدىغان زۇھەل (ساتورىن) يۇلتۇزى تۈركۈملىرىنى «ئارقار يۇلتۇز»، «تارازا يۇلتۇز» دەپ ئاتاپ ئۇنىڭغا باشقىچە ئەھمىيەت بەردى. تومۇز (ئىيۇل) نىڭ ئاخىرى «تارازا يۇلتۇز» نىڭ كۆزىتىش مەزگىلى بولۇپ، ئۇ ياز ئىسسىقىنىڭ قايتىشقا باشلىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. مۇنەججىملەر بۇ يۇلتۇزنىڭ كۆرۈنگەن ۋاقتىغا قاراپ «تارازا تۇغسا تاڭ سالقىنى، بۇغداي، ئارپا پىشىدۇ» دەپ ھۆكۈم قىلىشتى. ئۇلار يەنە ئاتارۇت (مېركۇرى) يۇلتۇز تۈركۈمىنى «سۇمبۇلە» (بۇغداي بېشى) دەپ ئاتاپ «سۇمبۇلە» تۇغقاندىن كېيىن ياز ئاياقلىشىدۇ دەپ قارايدۇ. خەلق ئارىسىدىكى «سۇمبۇلە يىمى، قىشنىڭ غېمى» دېگەن تەمسىلنىڭ مەنىسى، سۇمبۇلە تۇغقان مەزگىلدە دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى يىغىپ ئېلىنىدۇ ۋە قىشنىڭ تەييارلىقى باشلىنىدۇ دېگەنلىكتۇر.

ئۇيغۇرلار يەنە مۇشتەرى (يۇپىتېر) يۇلتۇزىنى ئوت يۇلتۇز دەپ ئاتاپ، ئۇنى ياخشىلىق ۋە بەخت سائادەتكە سىمۋول قىلغان.

مېرىخنى «شامال يۇلتۇزى» دەپ ئاتاپ، ئۇنى پالاكەت ۋەمالامەتكە سىمۋول قىلغان. زوھەلنى «تۇپراق يۇلتۇز» دەپ ئاتاپ ئۇنى نىسپىي ياخشىلىق، نىسپىي خۇشاللىققا تەقلىد قىلدى.

ئاتاروتنى «سۇ يۇلتۇز» دەپ ئاتاپ ئۇنى ئىقبال پاراغەتكە سىمۋول قىلدى ۋە باشقىلار.

سېھىرگەرلىك سەنئىتىنىڭ بىر خىلى بولغان پالچىلىق ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئىلىم-پەن كۈچىنى نامايەن قىلىدىغان، ھازىرقى زامان ئىلىم-پېنى ۋە دىنىدىن بۇرۇنقى ساددا ئىلمىي ھادىسە بولۇپ، ئۇمۇ يۇلتۇزلار تەرىپىنى غەيرى رېئال ھادىسىلەرگە تەدبىقلاش ئۇسۇلىغا تايانغان

خەلق ئارىسىدىكى مۇنەججىملەر يىلنىڭ ئايلىرىنى توغرا ھېسابلاش ئۈچۈن ئاينىڭ قوزغىلىش ھەرىكىتىنى ئاساس قىلدى. ئۇلار بىر يىلنى 12 ئايغا، ئاينىڭ توغۇلۇپ تولۇپ بولۇشى ۋە يەنە يوقىلىشىغا قاراپ بىر ئاينى ئىككى مەۋسۇم (مەزگىل) گە بۆلدى. ھەمدە بۇ ھالەتنى «ئاينىڭ ئون بەشى يورۇق، ئون بەشى قاراڭغۇ» دېگەن تەمسىل ئارقىلىق ئىپادىلىدى. تۆت تەرەپنى بەلگىلەشتە، چىڭقى چۈش مەزگىلىدىكى قۇياشنىڭ ئورنىغا قاراپ «كۈن چىقىش»، «كۈن پېتىش»، «ئوڭ تەرەپ»، «سول تەرەپ» دەپ ئاتىدى.

ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان تۈركىي مۆچەل يىلى ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتىدا ناھايىتى چوڭ رول ئوينىدى. ئۇلار ۋاقىت ھېسابىنى ئەنە شۇ مۆچەل يىلى بويىچە ھېسابلىدى. مۆچەل ھېسابى بويىچە 22-مارتتىكى «نەۋرۇز بايرىمى» يېڭى يىلنىڭ 1-كۈنى بولدى. مۆچەل كالېندارىدا 12 ئاي بىر يىلغا، ئۈچ ئاي بىر توقسانغا (بىر پەسىلگە)، يەتتە كۈن بىر ھەپتىگە، بىر كۈن بىر تۈن بىر سوتكىغا تەڭ بولدى. ئايلارنىڭ ئىسمىنى ئاسماندىكى 12 بۇرۇج نامى بىلەن ئاتىدى. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بىر ھەپتە ئىچىدىكى 7 كۈننىڭ خاس مىللىي ئىسمى بولمىغان، چۈنكى «ھەپتە» دېگەن ئۇقۇم ئىسلامىيەتتىن كېيىن مەلۇم بولدى.

ئومۇمەن ئالغاندا، قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئاسترونومىيە قاراشلىرىدا يەر مەركەزلىك چۈشەنچىسى ئالغا سۈرۈلگەن. ئاسماندىكى بارلىق جىسىملار (قۇياش، ئاينى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا) ئوخشاشمىغان ئوربىتىلارنى بويلاپ، يەرنى ئەگىپ ھەرىكەت قىلىپ تۇرغانلىقى سەۋەبلىك ھاۋارايىدا ئۆزگىرىش بولىدىغانلىقىنى، قۇياش بارلىق پىلانېتلار ئىچىدە ئۆزىدىن يورۇقلۇق چىقىرىدىغان بىردىن-بىر ئاسمان جىسمى بولۇپ، يورۇقلۇق ۋە ئىسسىقلىقنىڭ مەنبىيى ئىكەنلىكىنى ۋە بۇ مەنبەسىز يەردە ھاياتلىقنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئەمەلىي تەجرىبىلىرىدىن ئۆتكۈزگەن.

خەلق ئارىسىدىكى ساددا خاراكتېرلىق ئاسترونومىيىلىك قاراشلارنى ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ تېخىمۇ مەركەزلەشتۈرۈپ ۋە ئىجادىي بېيىتىپ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنىڭ «يەتتە يۇلتۇز ۋە 12 بۇرۇج بايانى» دا شېئىرىي تىل بىلەن ئوبرازلىق قىلىپ ئەكس ئەتتۈرگەن.

131. بۇلاردىن ئەڭ ئۈستۈن سەكەنتىر تۇرۇر،
ئىككى يىل سەككىز ئاي بىر بۇرجدا قالور.

132. ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ ئوڭاي،
قالور بىر بۇرجدا ئۇ دەل ئون ئىككى ئاي.

133. ئۈچىنچى كۈرۈتتۇر غەزەپتە يۈرۈر،
قايان بارسا بارلىق ياشارغان قۇرۇر.

134 تۆتىنچى قۇياشتۇر يورىتار جاھان،
يېقىن ھەم ئۇدۇل كەلگەننى ھامان.

135. بەشىنچى سەۋىتتۇر سۆيۈملۈك ئۆزى،
ئۇ باقسا كۆرەرسەن خۇشاللىق يۈزى.

136. ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئارۇز كېلەر،
ئۇ كىمگە يوقۇشسا تىلەككە يېتەر.

137. بۇلاردىن تۆۋەنرەكتە يالچىق تۇرار،
قۇياشقا ئۇدۇل باقسا تولۇن بولار،

يۇقىرىقى مىسرالاردا يەتتە پىلانېتنىڭ نامى ۋە ھەر بىرىنىڭ خاسىيىتى تەرىپلەنگەن. يەنى:

1. سەكەنتىر — زوھەل (ساتورون) يۇلتۇزى
2. ئوڭاي — مۇشتۇرى (يوپىتېر) يۇلتۇزى
3. كۈرۈد — مىررىخ (مارىس) يۇلتۇزى
4. قۇياش — (پىلانېت نامىدا تىلغا ئېلىنغان)
5. سەۋىت — زوھرا، چولپان (ۋېنىرا) يۇلتۇزى
6. ئارزۇ — ئاتارۇت (مىركورى) يۇلتۇزى
7. يالچىق — ئاي (بىر پىلانېت سانالغان)

يۈسۈپ خاس ھاجىپ يەنە خەلق ئارىسىدىكى چۈشەنچىلەرگە ئاساسلىنىپ يىلنىڭ ھەرقايسى پەسىللىرىدە ئاددىي كۆز بىلەن كۆرۈشكە بولىدىغان ئاسمان بوشلۇقىدىكى يۇلتۇز تۈركۈملىرىنى 12 بۇرۇچقا يەنى زودىياك يۇلتۇزى تۈركىمىگە بۆلۈپ كۆرسەتكەن.

138. ئون ئىككى بۇرۇچ باردۇر بۇلاردىن بىلەك،
جۈپ ئويلۇك بەزىسى ۋە بەزىسى يەك.

139. قوزى يازغى يۇلتۇز كېيىن ئۇي كېلۇر
جەۋزا بىلەن سەرتان تۇرتۇشۇپ يۈرۈر.

140. ئېرور خوشنا بۇغداي بېشى ئارسلان،
كېلەر ئارقىدىن قەۋس، ئەقراپ، مىزات.

141. كېلەر ئاندىن ئوغلاق، سۇغا ھەم بېلىق،
تۇغۇلسا بۇلار كۆك بولىسغۇ يورۇق.

يۇقىرىقى مىسرالاردا بۇ ئون ئىككى بۇرچنىڭ يۇلتۇزلۇق ئاسماندا بىر-بىرى بىلەن قوشنا يۇلتۇز تۈركۈملىكى ۋە يىل ئىچىدە ئۇلارنىڭ يۇلتۇزلۇق ئاسماندىكى پەسىللىك كۆرۈنۈشلەرنىڭ ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىپ، تەكرارلىنىپ تۇرىدىغانلىقى ھەمدە ھەر بىر بۇرچنىڭ بەلگىلىك پەسىللەرگە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقى ئوچۇق كۆرسىتىلگەن.

142. ئۈچ يۇلتۇر باھارنىڭ ئۈچى يازغىدۇر،
قىشنىڭدۇر ئۈچىسى ئۈچى كۈزگىدۇر.

143. ئۈچى سۇ، ئۈچى يەل، ئۈچى بولدى ئوت،
ئۈچى تۇپراق بۇلاردىن دۇنيا ۋۇجۇت.

مانا بۇ باياندا قوزا (ھەمەل)، ئۇي (سەۋر)، بېلىق (ھوت) يۇلتۇز تۈركۈمىنى باھار بۇرچىغا، قوش كېزەك (جەۋزا)، يۇلۋارس (ئەسەد)، تىمساخ (سەرەتان) يۇلتۇز تۈركۈمىنى ياز بۇرچىغا، بۇغداي بېشى (سۇمبۇل)، تارازا (مىزان)، چايان (ئەقرەپ) يۇلتۇزلىرى تۈركۈمىنى كۈز بۇرچىغا، ياچاق (قەۋس)، ئوغلاق (جەدى)، كۆنەك (دەلۋە) يۇلتۇز تۈركۈمىنى قىش بۇرچىغا بۆلۈپ تۆت پەسىلنى ئايرىغان.

بۇ 12 بۇرۇج ئەمەلىيەتتە ئاسترونومىيىدە زودىياك دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان قۇياشنىڭ يۇلتۇزلار ئارىسىدىكى يىللىق كۆرۈنمە ھەرىكەت يولى يەنى ئېكلىپتىكا ئىچىدىكى ئون ئىككى يۇلتۇز تۈركىمى بولۇپ، ئەينى زاماندا بۇ يۇلتۇز تۈركۈملىرىنىڭ نۇرغۇنلىرىغا ئوخشىتىش ئۇسۇلى بىلەن ئۇيغۇرچە نام قويۇلغان، شۇنداقلا ئەينى مەزگىلدە ئۇ يەنە ھەربىر ئاينىڭ نامى سۈپىتىدىمۇ قوللىنىلغان.

دېمەك يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، خەلقىمىزنىڭ ئۇزاق يىللىق ئەمەلىي تەجرىبىلىرىدىن يەكۈنلەنگەن ئاسترونومىيىلىك قاراشلىرى دەۋرى شارائىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا غايەت زور پەلسەپىلىك ئەھمىيەتكە ۋە ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.

كىتابخانلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن تۆۋەندە مۇشۇ تېمىغا مۇناسىۋەتلىك ئىككى پارچە سېخىما قوشۇمچە قىلىندى.

I ئون ئىككى بۇرچ نامىنىڭ سېلىشتۇرما سىخېمىسى

| ھەر بىر بۇرجىنىڭ ئاتىلىشى | | | بۇرۇجلارنىڭ ھازىرقى كالىندارى (مىلادىيە) ئايلىرىغا سۇندۇرۇلىشى |
|---|---|---|---|
| ئۇيغۇرچە | قازاقچە | ئەرەپچە | |
| قوزا | ناۋرۇز (توقتى) | ھەمەل | مارت (3 - ئاي) |
| ئۇد (ئۇي) | كوكەك (تورپاق) | سەۋر | ئاپرېل (4 - ئاي) |
| قوش كېزەك | ماسىر (ئەگىزدەر) | جەۋزا | ماي (5 - ئاي) |
| يولۋاس | ماۋسىم | ئەسەد | ئىيون (6 - ئاي) |
| تىمساخ | چىللە (ئارىستان) | سەرەتان | ئىيول (7 - ئاي) |
| بۇغداي بېشى | تامىز (بىكەش) | سۈنبۈل | ئاۋغۇست (8 - ئاي) |
| تارازا | قىر كۆيەك (مىزام) | مىزان | سېنتەبىر (9 - ئاي) |
| چايان | قازان (سارى چايان) | ئەقرەپ | ئۆكتەبىر (10 - ئاي) |
| ياچاق | قاراشا (مەرگەن) | قەۋس | نويابىر (11 - ئاي) |
| ئوغلاق | يەلتوقسان (ئەشكە موڭگۈزى) | جەدى | دېكابىر (12 - ئاي) |
| كۆنەك (سوغا) | قاڭتار (سۇچى) | دەلۋە | يانۋار (1 - ئاي) |
| بېلىق | ئاقپان (بالىق) | ھۇت | فېۋرال (2 - ئاي) |

دېمەك، بېلىق قىشنىڭ ئاخىرقى ئېيى، قوزا باھارنىڭ دەسلەپكى ئېيى. شۇڭا شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قىش كېتىپ باھار كەلدى» دېگەن ئۇقۇمنى شائىرانە تىلدا «بېلىق قۇيرۇغىدىن قوزى بۇرنىغا»① دەپ كىنايە سەنئىتى بىلەن ئىپادىلىگەن.

① «قۇتادغۇ بىلىك» مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 - يىل، ئۇيغۇرچە 53 - بەت

## مىلادىيە، ھىجرىيە ۋە دىھقانلار كالىندارلىرىنىڭ سېلىشتۇرما جەدۋىلى II

| مىلادىيە كالىندارىدىكى ئايلارنىڭ نامى ۋە كۈن سانى | | | ھىجرىيە كالىندارىدىكى ئايلارنىڭ نامى ۋە كۈن سانى | | دىھقانلار كالىندارىدىكى ئايلارنىڭ① نامى ۋە يىل نامى (مۇچەل) | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئاي نامى | | كۈن سانى | ئاي نامى | كۈن سانى | ئاي نامى | | مۇچەللىك يىل نامى |
| 1 - ئاي | يانۋار | 31 | مۇھەررەم | 30 | قارا سوغاق | قاپاق ياردى | چاشقان |
| 2 - ئاي | فېۋرال | 29،28 | سەپەر | 29 | باش باھار | تەگىز سۈيى | ئۇي (ھۆكۈر) |
| 3 - ئاي | مارت | 31 | رەبىئۇل ئەۋۋەل | 30 | ئويغىنىش | كۈن - تۈن تەڭ | يولۋاس |
| 4 - ئاي | ئاپرېل | 30 | رەبىئۇل ئاخىر | 29 | چوكانتال | قىزىل كۈس | توشقان |
| 5 - ئاي | ماي | 31 | جامادىيەل ئەۋۋەل | 30 | باش ياز | سەرەتان | ئەجدىھا |
| 6 - ئاي | ئىيۇن | 30 | جامادىيەل ئاخىر | 29 | ئورام | كۈن - تۈن تەڭ | ئىلان |
| 7 - ئاي | ئىيۇل | 31 | رەجەپ | 30 | باش تومۇز | تىرمۇر | ئات |
| 8 - ئاي | ئاۋغۇست | 31 | شەئبان | 29 | باش كۈز | كۈزگى تېرىم | قوي |
| 9 - ئاي | سېنتەبىر | 30 | رامازان | 30 | ئاق شەبنەم | كۈن - تۈن تەڭ | مايمۇن |
| 10 - ئاي | ئۆكتەبىر | 31 | شەۋۋال | 29 | سوغاق شەبنەم | قىرو چۈشۈكى | توخۇ |
| 11 - ئاي | نويابىر | 30 | زۇلقەئدە | 30 | باش قىش | سىرىق قار | ئىت |
| 12 - ئاي | دېكابىر | 31 | زۇلھەججە | 29 | ئاق قار | كۈن - تۈن تەڭ | تۇڭگۇز |

ئىزاھات①. دىھقانلار كالىندارى قەمەرىيە كالىندارى ۋە شەمسىيە كالىندارلىرى ۋاقىت ھېسابلاش قائىدىسىگە ئەمەل قىلىنغان كالىندار بولۇپ، بىر يىل 354 كۈن بولۇپ، 12 ئايغا بۆلۈنگەن، ئادەتتە چوڭ ئايلار 30 كۈن، كىچىك ئايلار 29 كۈن ھېسابلانغان. (قايسى ئايلارنىڭ چوڭ ئاي، قايسى ئايلارنىڭ كىچىك ئاي بولۇشى تۇراقسىز بولۇپ، ھەر يىلى ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ) دىھقانلار كالىندارى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ مۇچەللىك يىل ھېسابىنى ئاساس قىلغان بولۇپ، بىر ئاي ئىككى مەۋسۇمگە، بىر پەسىل ئالتە مەۋسۇمگە، بىر يىل 24 مەۋسۇمگە بۆلۈنگەن شۇڭا ئاينىڭ نامى ئورنىغا شۇ ۋاقىت مەزگىلى (مەۋسۇم) غا ۋەكىللىك قىلىدىغان تەبىئەت ئالاھىدىلىكى ئىشارە قىلىنغان. مۇچەللىك كالىندار (دىھقانلار كالىندارى) مەملىكىتىمىز ئاھالىسىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىنى تەشكىل قىلغان خەنزۇلار قوللىنىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى كالىندار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

# بالىلار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدىكى پسىخىك تەسۋىر ۋە پېرسوناژ ئوبرازىنىڭ گۈزەللىكى

تۇرسۇن قۇربان

1

بالىلار ئەدەبىياتى — بىر خىل پەۋقۇلئاددە ئوبرازلىق تەربىيە شەكلى بولۇپ، ئۇ ئەدەبىياتنىڭ بىر مۇستەقىل تەركىبىي قىسمى، ھەم بالىلار تەربىيىسىگە مۇناسىۋەتلىك بىر ساھە. شۇڭا ئۇنىڭدا ئەدەبىياتتا بولۇشقا تېگىشلىك ئالاھىدىلىك بولۇش بىلەن بىللە، يەنە بالىلار تەربىيىسى خىزمەتلىرىدە چوقۇم گەۋدىلەندۈرۈشكە تېگىشلىك ئالاھىدىلىكلەرمۇ بولىدۇ. بۇ ئالاھىدىلىك — ياش ئالاھىدىلىكىگە ۋە روشەن كۈچلۈك مائارىپ يۈنىلىشچانلىقى، سوتسىيالىستىك تەربىيىچانلىققا ئىگە بولۇشتىن ئىبارەت. ياش ئالاھىدىلىك، مائارىپ يۈنىلىشچانلىق ۋە سوتسىيالىستىك تەربىيىچانلىق — بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىكى خاس ئالاھىدىلىكلىرىنى شەكىللەندۈرىدىغان ۋە راۋاجلاندۇرىدىغان تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي ئامىللاردۇر. بولۇپمۇ ياش ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇش — بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ چوڭلار ئەدەبىياتىدىن ئايرىلىپ تۇرىدىغان ماھىيەتلىك بەلگىسى. شۇڭا بالىلار ئۈچۈن يېزىلغان ئەسەرلەردە مۇشۇ ماھىيەتلىك بەلگە ئېنىق گەۋدىلەندۈرۈلمىسە، ئۇنداق ئەسەرلەر بالىلار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى بولالماي قالىدۇ. ئۇلۇغ يازغۇچى ماۋدۇن: «بالىلار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى يېزىش قىيىن»★ دەپ كۆرسەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ قىيىنلىقى — بالىلارغا قارىتىلغان ئەسەرلەردە — بالىلارنىڭ ياش ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئەسەرنى بالىلارنىڭ ئۆسۈش تەرەققىياتىدىكى قانۇنىيەتلەرگە، بالىلارنىڭ تەلەپ-ئېھتىياجىغا، قىزىقىشىغا، چۈشىنىش ئىقتىدارىغا ۋە بىلىم سەۋىيىسىگە لايىقلاشتۇرۇشتا ئىپادىلىنىدۇ. چۈنكى، بالىلارنىڭ ياش جەھەتتىكى تەرەققىياتى ئۈزلۈكسىز، ئەمما باسقۇچلۇق بولىدىغان ھادىسە بولۇپ، ئۇ ئىرسىيەتچانلىققا، ئىجتىمائىيلىققا ۋە دەۋرچانلىققا ئىگە. بالىلار پۈتكۈل ياش تەرەققىياتىدا ۋە بۇ تەرەققىياتتىكى فىزىئولوگىيىلىك ۋە پسىخىكىلىق ئۆزگىرىش جەريانلىرىدا، ئەجدادلاردىن كېلىۋاتقان ئىرسىيەتلىك ئامىللارمۇ مۇھىم رول ئوينايدۇ. لېكىن ئەڭ مۇھىمى بەلگىلىك

★ «بالىلار ئەدەبىياتى ئىجادىيىتى ھەققىدە سۆھبەت»، (خەنزۇچە) جۇڭگو ياش - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1979 - يىلى نەشرى، 1 - بەت.

سىياسى - ئىقتىسادىي تۈزۈم شارائىتىدىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش بىلەن پىسخىكىلىق، سىس-
تېمىلىق، مەقسەتلىك ئېلىپ بېرىلىدىغان تەلىم - تەربىيە (مائارىپ) ھەل قىلغۇچ رول
ئوينايدۇ. بولۇپمۇ بۇ تەلەپلەر بالىلارنىڭ پىسخىكىلىق ئۆزگىرىش تەرەققىياتىدا مۇھىم
ئورۇن تۇتىدۇ.

بالىلار ئەدەبىياتى يازغۇچىسى بالىلار ئەدەبىياتى ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللان-
غاندا، بالىلارنىڭ ياش جەھەتتىكى ئۆسۈش تەرەققىياتىدىكى بىئولوگىيىلىك تەبىئىي
ئامىل، فىزىئولوگىيىلىك ئۆزگىرىش خۇسۇسىيەتلىرىنىمۇ ئىگىلەش لازىم، ئەگەر ئۇنى
ئىگىلىمىسە، ئۆزى تەسۋىرلەۋاتقان ئوبرازنىڭ جىسمانىي سۈپىتىنى ياخشى تەسۋىرلەپ
بېرەلمەيدۇ. بالىلار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدە ھالقىلىق تەسۋىرلىنىدىغىنى — پىسخىكىلىق
ئالاھىدىلىكلەردىن ئىبارەت. چۈنكى، پىسخىكىلىق ھەرىكەت — ئادەم روھىي دۇنياسىنىڭ
روشەن ئىپادىسى بولۇپ، خاراكتېرنىڭ نامايان بولۇشىدۇر. شۇڭا ئېنگىلس ئادەم پىس-
خىكىسىنى (روھىي ھالىتىنى) «يەر شارىدىكى ئەڭ بۈيۈك گۈل»★ دېگەن ئىدى. ئەشۇ
بۈيۈك گۈلنى تەسۋىرلەش ئومۇمىي ئەدەبىيات ئۈچۈن ئورتاق قانۇنىيەت. ئەمما، بالى-
لارنىڭ پۈتكۈل ئۆسۈش تەرەققىياتىدا ئۇلارنىڭ پىسخىكىلىق ئۆزگىرىشلىرى ئۈزلۈكسىز،
باسقۇچلۇق، روشەن ئىپادىلىنىپ تۇرغانلىقى، بولۇپمۇ پىسخىكىلىق ھەرىكەتنىڭ تەرەققىياتى
تېز ئۆزگىرىپ تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن، بالىلار ئەدەبىياتىدا پىسخىكىلىق خۇسۇسىيەتلەرنى
گەۋدىلەندۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. بۇ خىل پىسخىكىلىق خۇسۇسىيەت بالىلار
ئەدەبىياتىدىكى ئوبراز سەنئىتىنىڭ يادروسى بولغان پېرسوناژ ئوبرازىدا مۇجەسسەم
ھالدا گەۋدىلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئەسەرنىڭ گۈزەللىك قىممىتى — پېرسوناژ ئوبرازىدا
نامايان بولىدۇ. شۇڭا يازغۇچى ئەسەردە پىسخىك تەسۋىرنىڭ نازۇكلۇقلىقىغا، پېرسوناژ
ئوبرازىنىڭ گۈزەللىكىگە ئەھمىيەت بېرىشى لازىم، ئەلۋەتتە.

2

بالىلار ئەدەبىياتى ئوبرازىنى يارقىنلاشتۇرۇپ تەبىئىي خاراكتېرنى تولۇق ئېچىش
ئۈچۈن پۈتكۈل تەسۋىرنىڭ ئاساسىي قىسمى ئىنچىكە پىسخىكا تەسۋىرى بولۇشى زۆرۈر.
چۈنكى، بالىلار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدە ئاساسىي ئورۇنغا قويۇپ تەسۋىرلىنىدىغىنى،
بالىلارنىڭ پىسخىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىدىن ئىبارەت. بۇ يەردىكى پىسخىكىلىق خۇسۇسى-
يەت — بالىلارنىڭ پىسخىكىلىق ھەرىكەت ۋە پىسخىكىلىق ئۆزگىرىش جەھەتتىكى ناھايى-
تى تېز، روشەن ئىپادىلىنىدىغان خۇسۇسىيەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ. دەرۋەقە، بالىلارنىڭ
بوي - تۇرقى، ئېغىرلىقى، ئۇستىخىنى، موسكۇلى، يۈرىكى، نېرۋا سىستېمىسى، نەپەس ئې-
لىش سىستېمىسى قاتارلىق فىزىئولوگىيىلىك ئورگانلىرىنىڭ ئۆزگىرىش — تەرەققىيات خۇسۇ-
سىيەتلىرى، بالىلارنىڭ پىسخىكىلىق ئۆزگىرىش تەرەققىياتىدىكى خۇسۇسىيەتلەرنىڭ

★ «مائارىپ ئىلمىي تەتقىقاتى ماتېرىياللىرى»، شىنجاڭ مائارىپ ئىلمىي جەمئىيىتى نەشرى، 1982 - يىل
1 - سان.

تەبىئىي ئالدىنقى شەرتى، ماددىي ئاساسىدۇر. بالىلارنىڭ فىزىئولوگىيىلىك جەھەتتىكى ئۆزگىرىشچانلىقى، ئۇلارنىڭ پسىخىكىلىق ئۇسۇش تەرەققىياتىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭا بالىلار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدىكى پېرسوناژلار ئوبرازى تەسۋىرىدە بالىلارنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ئۇسۇش جەھەتتىكى ئۆزگىرىشلىرىنى ۋە مۇشۇ ئۆزگىرىشلەردە ئىپادىلىنىدىغان خۇسۇسىيەتلەرنى ئىنچىكە تەسۋىرلەش مۇھىم. لېكىن، ئۇ ئاساسىي ئورۇندىكى خىزمەت ئەمەس. پېرسوناژ تەسۋىرىدىكى ئەڭ مۇھىم خىزمەت، پېرسوناژلارنىڭ پسىخىكىلىق تەسۋىرىدۇر. گەرچە بالىلارنىڭ بوي-تۇرقى، ئېغىرلىقى، ئۇستىخىنى موسكۇلى، يۈرىكى، نېرۋا سىستېمىسى، نەپەس ئېلىش سىستېمىسى قاتارلىق فىزىئولوگىيىلىك ئامىللار ماددىي ئاساس بولسىمۇ، لېكىن ئۇ جەھەتتىكى ئۆزگىرىش بالىلارنىڭ روھىي ھالەتلىرىدە ناھايىتى يارقىن ئىپادىلىنىدۇ. بۇنداق پسىخىكىلىق ئۆزگىرىش باسقۇچلۇق بولۇپ، بالىلارنىڭ سېزىمچانلىقىدا، ئىدراكىدا، دىققەتلىرىدە، خاتىرە، تىل، تەپەككۇرىدا، ھېسسىياتىدا ۋە ئىرادىسىدە گەۋدىلەنگەن بولىدۇ. شۇڭا بالىلار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدە پېرسوناژلارنى تەسۋىرلەپ، ئۇلارنىڭ خاراكتېرىنى ئېچىشتا، يازغۇچى ئۆزىنىڭ دىققەت ئېتىۋارىنى، كونكرېت پېرسوناژنىڭ فىزىئولوگىيىلىك خۇسۇسىيەتلىرىنى تەسۋىرلەشكە ئەمەس، بەلكى پسىخىكىلىق ئۆزگىرىش ۋە ھەرىكەتلىرىدىكى خۇسۇسىيەتلەرنى تەسۋىرلەشكە قارىتىدۇ. م. ر. يارقىننىڭ «گۈل-چېچەككە پۈركەنگەن قەۋرە»★ ناملىق ھېكايىسىدا ئىككى مۇھىم پېرسوناژ بار. بىرى، قوڭغىراقچى بوۋاي، يەنە بىرى «مەن» (باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى). يازغۇچى ئۇلارنىڭ بوي-تۇرقىنى، ئۇستىخىنىنى ۋە باشقا فىزىئولوگىيىلىك تەرەپلىرىنى، پېرسوناژ ئوبرازىنى جانلىق گۈزەل قىلىپ يارىتىشتا بۇلارنىڭ ئىرادە ۋە ھېسسىيات جەھەتتىكى خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىنچىكە تەسۋىرلەيدۇ. بۇ يەردىكى ئىنچىكە خىزمەت قوڭغىراقچى بوۋاينىڭ پارتىيىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا سادىقلىقى، خىزمەتنى ئاداققىچە داۋاملاشتۇرۇشىدىكى قەتئىي ئىرادىسى ۋە «مەن» گە قارىتا قىزغىن ھېسسىياتى. شۇنداقلا، «مەن»نىڭ قوڭغىراقچى بوۋايغا نىسبەتەن بولغان ھېسسىياتىدىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ تەسۋىرىدىن ئىبارەت، «مەن» قوڭغىراقچىبوۋاينى بوزەك ئەتكەندە، «مەن» نىڭ دادىسى، ئوغلىنى تۇتىۋېلىپ قۇلىقىنى چوجۇيدۇ، بالا (مەن) قورقۇپ كېتىدۇ. لېكىن بىر ئەھۋالنى كۆرگەن بوۋاي، «مەن» نىڭ دادىسىغا كىنايىدۇ: «نېمە قىلماقچىسىز؟ — توساتتىن بوۋاينىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى — كىچىك بالىنىڭ قۇلىقىنى شۇنداقمۇ سوزغان بارمۇ؟

بوۋاينىڭ كۆزلىرىدىكى غەزەپ دادامنىڭ كۆزلىرىدىكى غەزەپتىنمۇ كۈچلۈك ئىدى، ئۇنىڭ پۇشقاقلىرى تىزىغىچە تۈرۈلگەن بىلەن پۇتلىرى لايغا مىلەنگەن ئىدى.

— بوۋا، كەچۈرۈڭ! ھارامزادىلەر سىزنى بەك بوزەك قىلىپتۇ، مەن ئۇنىڭ ئەدۋىنى....

★ «خاسىيەتلىك نەي» (ھېكايە ۋە چۆچەكلەر)، 11 - بەت، شىنجاڭ ياشلار نەشرىياتى 1983 - يىلى نەشرى.

— سىز بالىنىڭ دادىسىمۇ؟ — دەپ دادامنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى بوۋاي.

دادام بېشىنى لىڭشىتتى.

— ئۇنىڭ قىزلىقىنى قويىۋېتىڭ! كىچىك بالىغا شۇنداقمۇ قوپاللىق قىلغان بارمۇ؟»

مانا بۇ ئىنچىكە پىسخىكىلىق تەسۋىرلەردىن مائارىپ سېپىدە ئۇزۇن يىل ئىشلىگەن قوڭغىراقچى بوۋاينىڭ ئوقۇغۇچىلارغا بولغان پاك، سەممىي ھېسسىياتىنى بىلىپ ئالغىلى بولىدۇ. بۇ ئىنچىكە پىسخىكىلىق تەسۋىر ۋە دىئالوگلاردىن بوۋاينىڭ «مەن» گە بولغان ھېسسىياتىنىڭ ئۇنىڭ دادىسىدىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ. ئا. ئەبەينىڭ «مۇستاپا»★ ناملىق بالىلار ھېكايىسىدا بىرلا پېرسوناژ — باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ تۆۋەن يىللىق ئوقۇغۇچىسى مۇستاپا تەسۋىرلەنگەن. مۇستاپانىڭ دوستلىرى ياخشى ئىش قىلىپ تەقدىرلىنىدۇ. لېكىن «مۇستاپا مۇشۇ كۈنگە قەدەر بىرەر قېتىممۇ تەقدىرلىنىپ باقمىدى. ئۇ چوڭراق بىر نەرسىنى تېپىۋېلىپ ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىشنى ئويلاپ يوللارغا شۇنچە قارىسىمۇ ھېچنەرسە ئۇچرىمايتتى، يا ئۇنىڭغا ئېغىر يۈكى بار بوۋاي - مومايلارمۇ يولۇقمايتتى» مۇستاپا ئاخىرى بىر ياخشى ئىشنى — دادىسىغا كۆۋرۈك ياسىشىپ بېرىشنى تاپتى. ئۇ دادىسىنىڭ كۆۋرۈك ياسىشىغا، كۆچەتلەرنى سۇغۇرىشىغا ياردەملەشتى. «دەرۋەقە، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، مۇستاپا باشقا دوستلىرىنىڭ قاتارىدا تەقدىرلىنىپ، مۇرادىغا يەتتى». يازغۇچى بۇ يەردە مۇستاپانىڭ كۆڭلىدىكى سەممىي پاك ھېسسىياتنى — ياخشى ئىش قىلىشقا بولغان ھېسسىياتنى ئۇنىڭ خىيالىدىكى ئۆزگىرىشلەر ئارقىلىق يارقىن ئىپادىلىگەن. ھېكايىدا مۇستاپانىڭ مۇنداق ئۈچ خىل خىيالى تەسۋىرلەنگەن، بىرىنچى: «بىر كىچىك بالا سۇغا چۈشۈپ كەتسە، مەن دەرھال دەرياغا سەكرەپ چۈشۈپ ئۇنى قۇتقۇزۇۋالسام...»، ئىككىنچى: «ئاتلار هارۋىنى ئەپچىقىپ كەتسە، مەن قىلچە ئىككىلەنمەي، ئاتلارنى تۇتۇۋېلىپ دۆلەتنىڭ مال - مۈلكىنى ئاسراپ قالسام، كوچىدا ئويناۋاتقان بالىلارمۇ خەتەردىن قۇتۇلسا...»، ئۈچىنچى: «بىر ئاخشامدىلا ھەممە نەرسىلەرنى بىلىپ كەتسەم، ساۋاقداشلارنىڭ ھېچقايسىسى ماڭا يېتىشەلمىسە...». مانا بۇ مۇستاپانىڭ پىسخىكىلىق ھەرىكىتى. يازغۇچى ھەربىر خىيالنى بىر ھەرىكەت ئارقىلىق ئېچىپ بەرگەن. بولۇپمۇ پىسخىكىلىق جەريانىنى ئېنىق تەسۋىرلىگەن. يازغۇچى خىيالنى دادىسىنىڭ سۆزى ئارقىلىق ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇپ، مۇستاپا پىسخىكىسىدىكى يېڭى ئۆزگىرىشنى — ئۇنىڭ ئىرادىسىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئە. ئىبراھىممۇ «ئۈچ بولكا»★★ ناملىق بالىلار ھېكايىلىرى توپلىمىدىكى ھېكايىلەردا، پېرسوناژلارنىڭ پىسخىكىلىق ھەرىكىتى ۋە پىسخىكىلىق ئۆزگىرىشى توغرىسىدىكى نازۇك تەسۋىرلەرگە كۈچ چىقارغان. بۇ جەھەتتە م. شانىيازنىڭ «ئويۇنچۇق» ناملىق

★ «مۇستاپا» (ھېكايە ۋە چۆچەكلەر) 9 - بەت، شىنجاڭ ياشلار نەشرىياتى، 1983 - يىل نەشرى.

★★ «ئۈچ بولكا» (بالىلار ئۈچۈن ھېكايىلار) 14 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 - يىل نەشرى.

ھېكايىسى، ئادىل ئابدۇراخماننىڭ بىرقانچە ئىلمىي ھېكايىلىرى، ئەخمەت ئىمىننىڭ «يېتىم بالىنىڭ ئاتىسىغا»، «قەلب ساداسى» ناملىق نەسىرلىرى خاراكتېرلىكتۇر.

نادىر باللار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنىڭ تەسىرلىرىمۇ دەل پېرسوناژلارنىڭ نازۇك پسىخىكىلىق تەسۋىرىنىڭ چىن-ھەقىقىي، تەبىئىي، جانلىق بولغانلىقىدىن ئايرىلمايدۇ. چۈنكى، ئادەمنىڭ سۈپىتى — ئەڭ مۇھىمى ئۇنىڭ مەنىۋى جەھەتتىكى سۈپىتىدۇر. مەلۇم بىر ئەدىب ئېيتقاندەك، چىرايلىقنىڭ چىرايلىق بولۇپ كۆرۈنۈشى، ئۇنىڭ چىرايلىقلىقىدا بولماستىن، بەلكى ئۇنى ياخشى كۆرگۈچىگە چىرايلىق بولۇپ كۆرۈنۈشىدە، مەنىۋى سۈپەت — ئەڭ مۇھىمى سەزگۈ، ئىدراك، دىققەت، خاتىرە، تىل-تەپەككۇر، ھېسسىيات ۋە ئىرادە جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكنى كۆرسىتىدۇ. ئادەمنىڭ پسىخىكىسى «يەر شارىدىكى ئەڭ بۈيۈك گۈل» دىن ئىبارەت. يازغۇچىنىڭ بەدىئىي ماھارىتى — دەل ئەشۇ بۈيۈك گۈلنى ئۆز ئەينى بويىچە تەسۋىرلەپ، كىتابخانلارنىڭ پسىخىكىسىنى تەربىيىلەشتىن ئىبارەت. شۇڭا يازغۇچىلار پېرسوناژلارنى تەسۋىرلەپ، ئەبەدىي تەسىر پەيدا قىلغۇچى بەدىئىي خاراكتېرلار يارىتىشتا — پېرسوناژنىڭ پسىخىكىلىق تەسۋىرىگە ئەھمىيەت بېرىدۇ. بۇ ئومۇمىي ئەدەبىيات ئۈچۈن بىردەك مۇھىم خىزمەت. لېكىن بۇ باللار ئەدەبىياتى ئۈچۈن تېخىمۇ مۇھىم خىزمەت. چۈنكى، باللار ئەدەبىياتى ناھايىتى كۈچلۈك، روشەن ياش ئالاھىدىلىكىنى ۋە مائارىپ يۆنىلىشچانلىقىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان ئەدەبىيات. بۇ خىل ياش ئالاھىدىلىك ۋە مائارىپ يۆنىلىشچانلىق باسقۇچلۇق بولىدۇ. ھەربىر ياش باسقۇچىدىكى فىزىئولوگىيىلىك ۋە پسىخىكىلىق خۇسۇسىيەتلەر ناھايىتى زور روشەنلىككە ئىگە. شۇنداقلا باللارغا ئەقلىي، ئەخلاقىي، جىسمانىي، ئېستېتىك، پولتېخنىكا تەربىيىسى بېرىشتە ھەم باللارنىڭ ھەرقايسى ياش باسقۇچلىرىدىكى خۇسۇسىيەتلەر ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. بۇ يەردىكى ئەڭ ئاۋۋال ئېتىبارغا ئېلىنىدىغىنى — دەل باللارنىڭ ھەرقايسى ياش باسقۇچلىرىدا روشەن ئىپادىلىنىدىغان سەزگۈ خۇسۇسىيىتى، ئىدراك خۇسۇسىيىتى، دىققەت خۇسۇسىيىتى، خاتىرە خۇسۇسىيىتى، تىل-تەپەككۇر خۇسۇسىيىتى، ھېسسىيات خۇسۇسىيىتى، ئىرادە خۇسۇسىيىتى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. يازغۇچى پېرسوناژ ئوبرازىنى ياراتقاندا دەل مۇشۇ خۇسۇسىيەتلەرنى گەۋدىلەندۈرىدىغان پسىخىكىلىق ئۆزگىرىش ۋە پسىخىكىلىق ھەرىكەتلەرنى تەسۋىرلەش زۆرۈر.

بۇنىڭدا بىرىنچىدىن، پېرسوناژلارنىڭ پسىخىكىلىق جەريانىنى تەسۋىرلەش لازىم. پسىخىكىلىق جەريان تەسۋىرىدە پېرسوناژلارنىڭ، بولۇپمۇ كىچىك پېرسوناژلارنىڭ ئۆز ئەتراپىدىكى ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ ماھىيىتىنى بىلىش جەريانىنى، ئۇلارغا قارىتا مەلۇم ھېسسىياتتا ۋە ئەمەلىي ئىرادىگە كېلىش جەريانىنى تەسۋىرلەشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش كېرەك بولىدۇ. «گۈل چېچەككە پۈركەنگەن قەۋرە» دە «مەن» نىڭ قوغىراقچى بوۋايىنى چۈشىنىش جەريانى، ئۇنىڭغا بولغان ھېسسىياتىنىڭ ئۆزگىرىش جەريانى ۋە ئۇنىڭ بوۋايدەك ياخشى ئادەم بولۇشقا ئىرادە باغلىغانلىق جەريانى نا-

ھايىتى نەپىس تەسۋىرلەنگەن. شىۋىتسىيە يازغۇچىسى سىلما لاگىرلۆفنىڭ «نىلسنىڭ غازغا مىنىپ ساياھەت قىلىشى» دىكى نىلسنىڭ ئوبرازى دەل ئۇنىڭ ئىنسانلارنى ۋە تەبىئەتنى بىلىش جەريانى، ئىنسانلارغا ۋە تەبىئەتكە ھەقىقىي ھېسسىيات باغلاش جەريانى ۋە ياخشى ئىش قىلىشقا قەتئىي ئىرادە باغلاش جەريانىدۇر. «ئۈچ بولكا» ھېكايىسىدىكى يولۇچى ئايالنىڭ ئوبرازى دەل ئۇنىڭ ئاقكۆڭۈل بالىنىڭ ئېسىل ئەخلاقىنى، پاك ھېسسىياتىنى، كۈچلۈك ئىرادىسىنى بىلىش جەريانىدىن ئىبارەت.

ئىككىنچى، يازغۇچى پېرسوناژلارنىڭ، بولۇپمۇ كىچىك پېرسوناژلارنىڭ مەنىۋى دۇنياسىغا مۇجەسسەملەشكەن پسىخىكىلىق ئومۇمىيلىقنى ئىنچىكە تەسۋىرلەش لازىم. بۇ خىل ئۇقۇم شۇ پېرسوناژنىڭ مەنىۋى قىياپىتىدە ئىپادىلەنگەن ئومۇمىي ئىنسانىي خۇسۇسىيىتىنى، ئومۇمىي مىللىي خۇسۇسىيىتىنى ۋە ئومۇمىي دەۋر خۇسۇسىيىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يازغۇچى پېرسوناژنى يۇقىرى ئومۇمىيلىققا ئىگە خاراكتېر قىلىپ يارىتىشتا پسىخىكىلىق تىپىكلەشتۈرۈشكە ئالاھىدە دىققەت قىلىدۇ. مۇستاپادىكى سەبىي خىياللار، شۇ ياشتىكى بالىلارغا ئورتاق بولسا، قوڭغىراقچى بوۋاينىڭ مەنىۋى دۇنياسىدىكى ئېسىل سۈپەتلەرمۇ مائارىپ ئىشچىلىرىغا ئومۇمىيدۇر. دېمەك، بالىلار ئەدەبىياتى يازغۇچىلىرى پسىخىكىلىق ئومۇمىيلىقنى تەسۋىرلىگەندە مەلۇم ياش باسقۇچىدىكى بالىلارنىڭ پسىخىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىدىكى ئومۇمىي تەرەپلەرنى ئۆگىنىشى، شۇنداقلا بىر مىللەتكە تەۋە بولغان شۇ ياشتىكى بالىلارنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكلىرىدىكى ئومۇمىيلىقنى ھەم شۇ ياشتىكى بىر دەۋر بالىلىرىنىڭ ئومۇمىي ئورتاقلىقىنى ئۆگىنىشى ۋە ئۇنى پېرسوناژ ئوبرازى تەسۋىرىدە يارقىن ئىپادىلىشى زۆرۈر.

ئۈچىنچى، پسىخىكىلىق خاسلىقنى تەسۋىرلەش زۆرۈر. چۈنكى، ھەرقانداق پسىخىكىلىق جەريان، پسىخىكىلىق ئومۇمىيلىق، ھامان پسىخىكىلىق خاسلىق ئىچىدە مەۋجۇت بولىدۇ ۋە شۇ خاسلىقتا ئىپادىلىنىدۇ. بەدىئىي خاراكتېر يارىتىشمۇ دەل — پېرسوناژ خاراكتېرىدىكى خاسلىقنى، «يەر شارىدىكى ئەڭ بۈيۈك گۈل» نىڭ يېگانىلىقىنى، ئۆزگىچىلىكىنى يارقىن گەۋدىلەندۈرۈشتۇر. بالىلار ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر پېرسوناژلار دەل مۇشۇ جەھەتتە كامالەتكە يەتكەن. بالىلار ئەدەبىياتى يازغۇچىسى پسىخىكىلىق خاسلىقنى تەسۋىرلىگەندە، ئەڭ مۇھىمى پېرسوناژلارنىڭ، بولۇپمۇ كىچىك پېرسوناژلارنىڭ قىزىقىش، ئۆز-ئۆزىنى ئىدارە قىلىشى (تېمپېرامېنتى)، قابىلىيىتى (ئىقتىدارى) ۋە خاراكتېرى جەھەتتىكى خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىنچىكە، مۇپەسسەل تەسۋىرلەش زۆرۈر. يازغۇچى ئەسىرىدە كىچىك پېرسوناژلارنىڭ مۇشۇ تۆت پسىخىكىلىق تەرەپتىكى خاسلىقىنى تەسۋىرلىگەندە، ئاندىن پېرسوناژنىڭ بەدىئىي كارتىنىسى روشەنلىشىدۇ.

3

بالىلار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى — بىر خىل بالىلار ئوقۇشلۇقى بولۇپ، بالىلارنىڭ «ئىككىنچى دەرسخانا» پائالىيىتىدىكى ئەڭ مۇھىم قورال. لېكىن، بۇ ئادەتتىكى بالى-

لار ئوقۇشلۇقى بولماستىن، بەلكى بىر خىل پەۋقۇلئاددە ئوقۇشلۇقتىن ئىبارەت. ئۇنىڭ «پەۋقۇلئاددە» لىقى — دەل ئۇنىڭ بەدىئىي ئەدەبىيات پرىنسىپلىرى بويىچە يارىتىلغان، ئادەم ھاياتىنى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى دۇنيانى گۈزەللىك ئۆلچىمى بويىچە تەسۋىرلەپ بەرگەنلىكى، بۇنىڭ بىلەن كىچىك كىتابخانغا كۈچلۈك ئىستېتىك لەززەت بەخش ئېتىپ، ئۇنى تەربىيىلىگەنلىكى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

باللار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدە كىچىك كىتابخاننى مەھلىيا قىلىدىغان ئاساسى بەدىئىي ئامىل — دەل پېرسوناژ ئوبرازى، بولۇپمۇ پېرسوناژنىڭ پىسخىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى ۋە بۇ ئالاھىدىلىكلەردە ئىپادىلەنگەن گۈزەللىك — كىچىك كىتابخاننى تەسىرلەندۈرىدىغان ئاساسى تەرەپتىن ئىبارەت. شۇڭا باللار ئەدەبىياتىدا مەيلى چوڭلار پېرسوناژ قىلىنسۇن، مەيلى باللار پېرسوناژ قىلىنسۇن ئۇلارنىڭ ئوبرازى — كىتابخانغا بىر خىل گۈزەللىك ھېسسىياتىنى ۋە گۈزەللىك قارىشىنى بەخش ئېتىشى لازىم.

ئەمە ئۇچۇن باللار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدىكى پېرسوناژ ئوبرازى يۇقىرى گۈزەللىك قىممىتىگە ئىگە بولىدۇ؟ بىرىنچىدىن، بۇنداق بولۇشنى ئادەمنىڭ ئۆز ماھىيىتى بەلگىلىگەن. گۈزەللىك ئادەمدىكى ئاساسىي ماھىيەت ۋە ئادەمنى باشقا مەخلۇقلاردىن ئايرىپ تۇرىدىغان بەلگە. ئادەمنىڭ ئادەم بولۇشىمۇ دەل ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىنىڭ گۈزەل بولىشىدۇر. رەزىللىك، ۋەھشىلىك گەرچە ئادەم ۋۇجۇدىدىكى بىر خىل مەرەز بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ماھىيەت ئېتىبارى بىلەن ھايۋانلارغا خاس نەرسىدۇر. شۇڭا پېرسوناژ ئوبرازى ئادەمنىڭ گۈزەللىكىنى نامايەن قىلىشى زۆرۈر. رەزىللىكنى، سەتلىكنى تەنقىدلەشنىڭ ئۆزىمۇ گۈزەللىكنى ئېتىراپ قىلىش، گۈزەللىكنى مەدھىيىلەشتۇر. ئىككىنچىدىن، پېرسوناژلارنىڭ گۈزەللىك قىممىتىگە ئىگە بولۇشىنى ئىنساننىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى دۇنيانى بىلىش ۋە ئىگىلەش جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى ۋە مەقسىتى بەلگىلىگەن. ماركسىزملىق بىلىش تەلىماتى بويىچە قارىغاندا، ئىنسانلارنىڭ ماددىي دۇنيا ۋە مەنىۋى دۇنيانى بىلىشى، چۈشىنىشى ۋە ئىگىلىشى — گۈزەللىكنى چىقىش قىلىدۇ. چۈنكى ئادەملەر دۇنيانى گۈزەللىك نۇقتىسىدىن تۇرۇپ چۈشىنىدۇ، ئىگىلەيدۇ، تەبىئەتنى ۋە جەمئىيەتنى گۈزەللىك قارىشىدىن، گۈزەللىك غايىسىدىن تۇرۇپ ئۆزگەرتىدۇ. يەنى ئادەملەر گۈزەللىككە تەلپۈنگەچكە ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتنى، ئۆز ئەتراپىدىكى تەبىئەتنى گۈزەل قىلىپ يارىتىشقا ئىنتىلىدۇ. چۈنكى، خۇددى قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپى سوقرات ئېيتقاندەك: «گۈزەللىك كىشىگە ئىقتىدار ئاتا قىلالايدۇ، ئىقتىدارنى ئەڭ ئېسىل ۋە سۆيۈملۈك قىلالايدۇ» («تارىم» 1986 - يىل 10 - سان، 136 - بەت)، يەنە خۇددى شىللېر ئېيتقاندەك: «گۈزەللىك ھەۋەسلىرىلا جەمئىيەتنى ئىناقلاشتۇرالايدۇ. چۈنكى ئۇ ئالدى بىلەن شەخسىدە ئىناقلىق ئاساسىنى تۇرغۇزىدۇ.»، «گۈزەللىكنى ئالماشتۇرۇشلا جەمئىيەتنى ئىتتىپاقلاشتۇرالايدۇ. چۈنكى ئۇ بارلىق ئادەملەردە ئورتاق مەۋجۇت نەرسىگە باغلىنىشلىقتۇر» («تارىم» 1986 - يىل 10 - سان 136 - بەت). ئۈچىنچىدىن، با-

لىلار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدىكى پېرسوناژلارنىڭ گۈزەللىك قىممىتىگە ئىگە بولۇشىنى ئەدەبىياتنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتى بەلگىلىگەن. چۈنكى، ئەدەبىي ئەسەرلەر گۈزەللىكنى تەسۋىرلەشنى، گۈزەللىكنى مەدھىيىلەشنى، گۈزەللىكنى ئادەملەر قەلبىگە سىڭدۈرۈشنى ئۆز مەقسىتى ۋە ۋەزىپىسى قىلغان. شۇڭا ئەدەبىياتنىڭ ئىجتىمائىي رولىمۇ ئۇنىڭ ئېستېتىكىلىق رولى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئېستېتىكىلىق قىممىتى يۇقىرى بولمىغان ھەرقانداق ئەسەرنىڭ ھېچقانداق رولى ۋە ئۈنۈمى بولمايدۇ. شۇڭا ئەزەلدىن يازغۇچىلار ئۆز ئەسىرىدە گۈزەللىك قىممىتىگە بەك دىققەت قىلغان. لېۋ. تولستوي: «مەن سەنئەتكارمەن، مېنىڭ پۈتۈن ئۆمرۈم گۈزەللىكنى ئىزدەش بىلەن ئۆتتى» (يۇقىرىدىكى ژۇرنالغا قارالسۇن) دېگەن ئىدى. گۈزەللىككە ئىنتىلىش، گۈزەللىككە يېتىش، گۈزەللىكنى ئىزدەش، گۈزەللىكنى مەدھىيىلەش ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قانۇنىيىتى. پېرسوناژ ئوبرازى — پۈتكۈل ئوبراز سىستېمىسىنىڭ يادروسى بولغاچقا، ئەدەبىي ئەسەردىكى گۈزەللىك ئۇنىڭغا مۇجەسسەملىشىدۇ. — ئەلۋەتتە. تۆتىنچىدىن، بالىلار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدىكى پېرسوناژ ئوبرازىنىڭ گۈزەللىك قىممىتىگە ئىگە بولۇشىنى — بالىلار مائارىپىنىڭ يۆنىلىشى، تەرەققىياتى بەلگىلىگەن. چۈنكى، بالىلارنى ئېستېتىك جەھەتتە تەربىيىلەش — مائارىپنىڭ بىر مەزمۇنى. مائارىپ تەربىيىلەنگۈچىلەرنى ئالدى بىلەن ئەخلاقىي جەھەتتە گۈزەل قىلىپ تەربىيىلەيدۇ. بالىلار ئەدەبىياتى — بىر خىل ئوبرازلىق تەربىيە شەكلى بولۇپ، ئۇ مائارىپنىڭ مەزمۇنى، ۋەزىپىسى، يۆنىلىشىگە زىچ ماسلىشىدۇ. شۇڭا ئۇمۇ كىچىك كىتابخانلارنى گۈزەللىك جەھەتتە تەربىيىلەشنى ئۆزىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى قىلىدۇ. شۇنداق بولغاچقا بالىلار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدىكى پېرسوناژلارنىڭ گۈزەللىك قىممىتىگە ئىگە بولۇشى تولىمۇ زۆرۈر نەرسە بولۇپ قالىدۇ. بەشىنچىدىن، بالىلار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدىكى پېرسوناژ ئوبرازىنىڭ گۈزەللىك قىممىتىگە ئىگە بولۇشىنى — يازغۇچى سەنئەتكارنىڭ بەدىئىي خىزمىتىنىڭ مەقسىتى ۋە ئاخىرقى نەتىجىسى بەلگىلىگەن. چۈنكى، ئەدەبىي ئەسەردە يارىتىلغان بەدىئىي ئوبراز — يازغۇچىنىڭ «بىرىنچى تەبىئەت» نى (تۇرمۇشنى) غايىۋىلاشتۇرۇشى بولۇپ، ئۇ «ئىككىنچى تەبىئەت» (بېلىنسكى). گەرچە گۈزەللىك ئىنسان ۋۇجۇدىدا ۋە تەبىئەت دۇنياسىمۇ تەبىئىي مەۋجۇت بولسىمۇ، ئەمما يازغۇچى — سەنئەتكار شۇ تەبىئىي گۈزەللىكنى شۇ بويىچىلا ئەمەس، بەلكى يۇقىرى دەرىجىدە غايىۋىلاشتۇرۇش ئاساسىدا تەسۋىرلەيدۇ. شۇڭا ئەدەبىي ئەسەردىكى گۈزەللىك تەبىئىي گۈزەللىكتىن يۇقىرى تۇرىدۇ. «ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا — دېگەن ئىدى بېلىنسكى — گۈزەللىك ئىنسان روھىي دۇنياسىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرىدە پەيدا بولىدۇ. چۈنكى تەبىئەت مەنزىرىلىرى مۇتلەق گۈزەل بولۇپ كەتمەيدۇ. بۇ گۈزەللىك ئۇنى يارىتقۇچى ۋە كۆزەتكۈچىنىڭ قەلبىدە بولىدۇ. سەنئەت، رېئاللىقنىڭ كۆچۈرمىسى. شۇڭا سەنئەتنىڭ ۋەزىپىسى تۇرمۇشنى ئۆزگەرتىش، گۈزەللەشتۈرۈش ئەمەس، بەلكى تۇرمۇشتىكى رېئال مەۋجۇدىيەتنى نامايان قىلىشتۇر» («تارىم»

1986 - يىل 10 سان، 134 - بەت). بېلىنىسكى ئېيتىۋاتقان يارىتىقۇچى ۋە كۆ-
زەتكۈچى — دەل يازغۇچى - سەنئەتكاردۇر. يازغۇچى - سەنئەتكارنىڭ بەدىئىي ماھارى-
تىمۇ دەل ئىنساننىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرىدىكى گۈزەللىكنى ۋە ئۆز غايىسىدىكى دۇنيانىڭ
گۈزەللىكىنى نامايان قىلىشىدۇر. بۇ گۈزەللىكنى ئۆزى ياراتقان پېرسوناژ ئوبرازىغا
سىڭدۈرۈشىدۇر. ئۆزى ياراتقان پېرسوناژلارنى كىتابخانلارنىڭ ئەبەدىي سۆيىدىغان كىشى-
سىگە ئايلاندۇرۇشتۇر. بۇ بالىلار ئەدەبىياتى ئۈچۈنمۇ ئورتاق قانۇنىيەت. بالىلار ئەدەبى-
ياتىنىڭ گۈزەللىك قىممىتى جەھەتتە، تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويۇلىدۇ، چۈنكى
م. گوركى ئېيتقاندەك: بالىلار ئۆز ئاتا-ئانىلىرىغا قارىغاندا مەدەنىيەتلىكرەك بولۇشى
لازىم، ئەلۋەتتە. مەدەنىيەتلىك بولۇش — ئىنسانىي گۈزەللىك سۈپىتىگە قارىتىلغان. قاي-
سى خىلدىكى بالىلار ئەدەبىياتى ئەسىرى بولسۇن، ئۇنىڭدا يارىتىلغان پېرسوناژ ئوب-
رازى گۈزەل بولۇشى، بالىلارغا سۆيۈملۈك ئادەم بولۇپ ھېس قىلىنىشى لازىم. بالىلار
ئەدەبىياتى تارىخىدىكى ئەلى بابا ۋە مارجانە («ئەلى بابا ۋە قىرىق قاراقچى ھەق-
قىدە ھېكايە»)، تۈلكەرىنارت («تۈلكەرىنارت»)، چىن تۆمۈر باتۇر («چىن تۆمۈر باتۇر»،
نەسىردىن ئەپەندى («نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى» — بالىلار قىسمى)، ئىزوپ
(«ئىزوپ مەسەللىرى»)، گاۋروش («زۇلمەتلىك دۇنيا»)، سەرەڭگە ساتقۇچى قىز
(«سەرەڭگە ساتقۇچى قىز»)، دېڭىز قىزى («دېڭىز قىزى»)، ۋانكا («ۋانكا»)، تۆمۈر
(«تۆمۈر ۋە ئۇنىڭ ئەترىتى»)، خەيۋا («قاناتلىق خەت»)، دۇڭزى («نۇرلۇق قىزىل
يۇلتۇز»)، نىلس («نىلسنىڭ غازغا مىنىپ ساياھەت قىلىشى») قاتارلىق پېرسوناژلار-
نىڭ بالىلارنىڭ سۆيۈملۈك كىشىسى ۋە مەنىۋى ھەمراھى بولۇپ قالغانلىقى دەل ئۇلار-
نىڭ ئوبرازىدا ھەقىقىي، چىن، تەبىئىي، ساپ، يۇقىرى گۈزەللىكنىڭ تەسۋىرلىنىپ
نامايان بولغانلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. «ئۈچ بولكا»، «گۈل-چېچەككە پۈر-
كەنگەن قەۋرە»، «مۇستاپا»، «سېغىزخان بىلەن بۆدۈنە»، «قەلب ساداسى»، «تۇنجى
قەدەم»، «ئىناق دوستلار» قاتارلىق بالىلار ئەدەبىي كىتابلىرىدىكى شېئىرىي، نەسرىي
ۋە دراماتىك پېرسوناژلارنىڭمۇ تەسىرلىك بولۇپ قېلىشى، دەل ئۇلاردا ئۇيغۇر با-
لىلىرىغا خاس گۈزەللىكنىڭ قىزغىن تەسۋىرلىنىپ، قىزغىن مەدھىيىلەنگەنلىكىدىن ئايرىل-
مايدۇ. يۇقىرىدىكى پېرسوناژلارنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇنى ئېنىق چۈشەندۈرىدىكى ھەقىقە-
تەن خۇددى رودىن ئېيتقاندەك: «سەنئەتتىكى پۈتكۈل گۈزەللىك ئىدىيە ۋە مەقسەتتىن،
ئاپتورنىڭ ئالەمدىن ئالغان تەسىراتىدىن كېلىدۇ» («تارىم» 1986 - يىل 6 - سان،
135 - بەت).

بالىلار ئەدەبىياتى يازغۇچىسى پېرسوناژلارنى تەسۋىرلىگەندە، ئۆز دىققىتىنى
پېرسوناژلارنىڭ سۆز ۋە ھەرىكەت (قىلىق) جەھەتتىكى گۈزەللىكىگە قارىتىشى لازىم.
ئەلۋەتتە يازغۇچى ئۆز پېرسوناژلىرىنىڭ فىزىئولوگىيىلىك قۇرۇلۇش جەھەتتە، بولۇپمۇ
چىراي جەھەتتە گۈزەل بولۇشىنى ئويلايدۇ. لېكىن بەدىئىي تەسۋىردە بۇ بەك مۇھىم

# ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى توغرىسىدا بەزى چۈشەنچىلىرىم

ئوسمان ئۆمەر

جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولغان ئۇيغۇر خەلقى ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى جاپالىق ئەمگىكى، ئەقىل - پاراستى بىلەن سانسىزلىغان گۈزەل خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى بارلىققا كەلتۈردى، ھەمدە بۇ تارىخىي ۋە بەدىئىي جەھەتتىن رېئال تۇرمۇش ھەقىقىتىگە ئاساسلانغان جاراڭلىق ناخشا، قوشاق، داستان، بېيىتلىرى، ئۆتكۈر پىكىرلىك تېپىشماق، ماقال - تەمسىللىرى، فانتازىيىگە باي بولغان ھېكايە - چۆچەكلىرى، ئاچچىق مەسخىرە خاراكتېرلىك كۈلكىلىك لەتىپە، مەسەللىرى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئۇلۇغۋار غايىسىنى، ئىرادىسىنى، يۈكسەك ئارزۇ - ئارمانلىرىنى، يارقىن ھېس - تۇيغۇلىرىنى توغرىدىن - توغرا ئىپادىلەپ، نەسلىدىن - نەسلىگە مىراس قالدۇرۇپ كەلدى. غايەت زور دەرىجىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ بۇ قىممەتلىك يادىكارلىقلىرى ئەدەبىيات تارىخىمىزغا نۇر چېچىپ، ئۆز نۆۋىتىدە يازما

---

ئەمەس. بالىلار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدىكى پېرسوناژ تەسۋىرى مەسىلىسىدە، پېرسوناژ-نىڭ سۆز ۋە ھەرىكەت (قىلىق) جەھەتتىكى گۈزەللىكىنى، يەنى پېرسوناژلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرى، ئەخلاقىي - پەزىلەتلىرى، مېڭىش - تۇرۇشلىرى، ئىرادە - مەقسەتلىرى، ئارزۇ - خىياللىرى، دۇنيا قارىشى، تۇرمۇش قارىشى ۋەھاكازالار جەھەتلەردىكى گۈزەل تەرەپلىرىدىكى گۈزەللىكلىرىنى ئىنچىكە ئىشىنەرلىك قىلىپ تەسۋىرلەش ناھايىتى مۇھىم. چۈنكى، ئادەمنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ گۈزەللىكى ياكى رەزىللىكى ھامان ئۇنىڭ سۆز ۋە ھەرىكەتلىرى (قىلىقلىرى) دە ئىپادىلىنىدۇ. سۆز ۋە ھەرىكەت — گۈزەل-لىكنى نامايان قىلىدىغان دىئالېكتىكىلىق بىرلىكتۇر. ئەڭ مۇھىمى، ئىنساننىڭ ماھىيەت گۈزەللىكى ئۇنىڭ سۆزىدىلا ئەمەس، قىلىقلىرىدا ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا بالىلار ئەدەبىياتى يازغۇچىلىرى پېرسوناژلارنى، بولۇپمۇ بالىلارنى پېرسوناژ قىلىپ تەسۋىرلىگەندە بارلىق كۈچىنى، پېرسوناژنىڭ چىراي ھەرىكىتىگە ئەمەس، بەلكى قىلىق ھەرىكىتىگە مەركەزلەش-تۈرىدۇ. شۇنداق قىلغاندا پېرسوناژنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى گۈزەللىك، بۇ ئەسەرنىڭ گۈزەللىكى، يازغۇچىنىڭ ئېستېتىك قارىشى بىلەن ئېستېتىك غايىسى ئوچۇق نامايان بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئەسەر ھەقىقىي ۋە ئەبەدىيلىك گۈزەللىك قىممىتىگە ئىگە بولىدۇ.

ئەدەبىياتىمىزغا تەسىر كۆرسىتىپ، يازما ئەدەبىياتىمىزدىكى ئاتاقلىق ئەدىبلەرنىڭ ئىجادىي پائالىيەتلىرىدە تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يېزىق مەدەنىيىتى تېخى باشلانمىغان، ئەڭ قەدىمكى ئىپتىدائىي دەۋر تۇرمۇشىنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان مەزگىللىرىدە بارلىققا كەلگەن تۇنجى ئەدەبىيات شەكلىدىن ئىبارەت.

ئۇزاق ئەسىرلىك ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدىن قارىغاندا، خەلق ئاممىسى ياراتقان تىل گۆھەرلىرىنى ئەڭ گۈزەل مىسرالارغا تىزىپ، ئۇنى يازغۇچى-شائىرلارغا تەقدىم قىلدى. خەلق ئىجاد قىلغان ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ھەرخىل ژانىرلىرى بىلەن يازما ئەدەبىياتقا جانلىق ئىجادىيەت شەكىللىرىنى تەييارلاپ بەردى. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ كۆپ خىل تېمىلىرى ۋە مول ئىدىيىۋى مەزمۇنلىرى يازغۇچىلارنى چەكسىز كەڭ تېما ھەم ۋەقەلىكلەر بىلەن تەمىن ئەتتى. مۇھىمى خەلقنىڭ بېسىپ ئۆتكەن ئۇزاق ئەسىرلىك سەپىرىگە ماسلىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئېغىز ئىجادىيىتىدە گۈزەل قەھرىمان ئوبرازلارنى يارىتىش ئارقىلىق يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيىتىدە داڭلىق، دۇنياۋى تىپىك ئوبرازلارنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە ئاساس سېلىپ بەردى. خەلق ئۆز ئىجادىيەتلىرىدە نامايەن قىلغان كەڭ تەسەۋۋۇر، چوڭقۇر تەپەككۇر ئىقتىدارى بىلەن يازغۇچىلارنىڭ، ئەدەبىياتنىڭ تەسەۋۋۇر كۈچىنى قاناتلاندۇردى.

قىسقىسى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە، بىر خىللىقتىن كۆپ خىللىققا، تېيىزلىقتىن چوڭقۇرلۇققا، قوپاللىقتىن نەپىسلىككە قاراپ تەرەققىي قىلغان. ئۇنىڭ تارىخىي ئۇزۇن بولۇپ، ئۆزىنىڭ قەدىمىيلىكى، شەكلىنىڭ كۆپلىكى، تېماتىك مەزمۇنىنىڭ كەڭلىكى، بەدىئىي قۇرۇلمىسىنىڭ مۇكەممەل ۋە گۈزەللىكى، بەدىئىي ۋاستىلىرىنىڭ باي ۋە خىلمۇ-خىللىقى، سېيۇژىتلىرىنىڭ ئىخچام ۋە ھەرىكەتچانلىقى، ئۆزىگە خاس مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەنلىكى قاتارلىق خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن ۋەتەن ئەدەبىيات خەزىنىسىدە يۇلتۇزدەك چاقناپ تۇرىدۇ، ئەنە شۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولغان ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى ئۈستىدە كىشىلەر تەرىپىدىن خېلى ئىلمىي مۇھاكىمىلەر ئېلىپ بېرىلغانلىقىغا قارىماي، مەنمۇ بۇ ماقالەمدە ئۆز كۆز قارىشىمنى قويۇپ يولداشلار بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن.

× × ×

مەسەل توغرىسىدا «ئۆزبېك تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» دا مۇنداق تەبىر بېرىلگەن: «مەسەل - ئەرەبچە سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككى خىل مەنىسى بار. بىرى، كىشىلەرگە ئۈگۈت بولىدىغان (يولىيورۇق كۆرسىتىپ ئېيتىلغان گەپ، نەسىھەت دېگەن مەنىدە) ياكى كىشىلەرگە ئىبرەت بولىدىغان خۇلاسىلىق كىچىك مەجازى (سۆز ئىبارىنىڭ كۆچمە مەنىدە ئىشلىتىلىشى، ئىستىئارا [بەدىئىي ئوخشىتىش]، مىتافورا)، ھېكايە دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. يەنە بىرى، «əCK» ئەسكەرتىلگەن سۆز، ئىبارە دېگەن

مەنىنى بېرىدۇ، مەتال (بۇمۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ، بۇنىڭمۇ ئىككى خىل مەنىسى بار: I - تۈگەل مەنە ئىپادىلەيدىغان ئوبرازلىق ئىبارە، ھېكمەتلىك سۆز دېيىلىدۇ، II - قىسسە، مەسەل دېگەنلىك بولىدۇ)، بەزىدە ماقال دەپمۇ ئاتىلىدۇ. (ماقال ئەرەبچە سۆز بولۇپ، ھاياتىي تەجرىبە ئاساسىدا خەلق تەرىپىدىن يارىتىلغان، ئادەتتە پەندى - نەسىھەت مەزمۇنىغا ئىگە بولغان ئىخچام ئوبرازلىق ۋە ھېكمەتلىك ئىبارە، گەپ دېگەن مەنىلەردە قوللىنىلىدۇ.) مەسىلەن، «ئالتۇننىڭ قەدرىنى زەرگەر بىلىدۇ»① دېگەندەك.

مەسەل توغرىسىدا «تۈركچە قامۇس» تا مۇنداق تەبىر بېرىلگەن: «مەسەل — ‹مىسىل› دېگەن تۈپ سۆزدىن ياسالغان، ئۇ ئەسلى ئەرەبچە سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ يىلتىزى بىر بوغۇملۇق سۆز (كىبى، بىگىزە - ئوخشاشلىق دېيىلىدۇ)، ئۆلگە، ئۆرنەك بولىدىغان قىسسە، ئەخلاقىي كىچىك ھېكايە، ‹مىسىل› سۆزى ‹مىسال مەسىلەن، تەمسىل، مەسەل› دەپمۇ ئىشلىتىلىدۇ.»②

مەسەل توغرىسىدا «ئوكيانۇس» تا مۇنداق تەبىر بېرىلگەن: ‹مەسەل - ئەرەبچە سۆز بولۇپ، ‹مىسىل› دېگەن بىر بوغۇملۇق تۈپ سۆزدىن ياسالغان. ‹مىسال، مەسىلەن، تەمسىل› دېگەن مەنىنى بېرىدۇ. بۇ ئەدەبىياتنىڭ بىر ژانىرى بولۇپ، نەرسىلەرنى جانلاندۇرۇش، ھايۋانلارنى سۆزلىتىش يوللىرى بىلەن كىشىنىڭ دىققىتىنى جەلب قىلىدىغان قىسقا ھېكايە③.»

مەسەل توغرىسىدا «پارسچە - خەنزۇچە لۇغەت» تە مۇنداق تەبىر بېرىلگەن: «مەسەل سۆزى پارسچە ‹ماسال› دېيىلىدۇ. خەنزۇچە ‹مەسەل 寓言› ھەم ‹ھېكمەتلىك سۆز 格言› ۋە ‹تەمسىل 谚语› دېيىلىدۇ④.»

مەسەل توغرىسىدا «رەسىملىك تۈركچە سۆزلۈك» تە مۇنداق تەبىر ئېرىلگەن: «ئومۇمەن خەلق ئۆزى ئىجاد قىلغان، ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ كەلگەن، كىشىلەرنىڭ بېشىدىن كەچۈرگەن سەرگۈزەشتىلىك ھادىسىلارنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان چۆچەكنىڭ بىرى.⑤»

مەسەل توغرىسىدا «خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە لۇغەت» تە مۇنداق تەبىر بېرىلگەن: «寓言 — مەسەل، كىنايە، ئىستىھزا، ھېكمەتلىك سۆز، ئىبرەتلىك سۆز، ئاتىلار سۆزى⑥.»

---

① «ئۆزبېك تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» 1 - قىسىم 441 - بەت. موسكۋا «رۇس تىلى» نەشرىياتى 1981 - يىلى نەشرى.

② «تۈركچە قامۇس» 1928 - يىلى ئىستانبول نەشرى.

③ «ئوكيانۇس» 1971 - يىلى ئىستانبول نەشرى 2 - قىسىم 1800 - بەت.

④ «پارسچە - خەنزۇچە لۇغەت» 1981 - يىلى بېيجىڭ نەشرى 2115 - بەت.

⑤ «رەسىملىك تۈركچە سۆزلۈك» 1977 - يىلى، ئەنقەرە نەشرى.

⑥ «خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە لۇغەت» 1974 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مەسەل توغرىسىدا بەزىلەر: «مەسەلنى جانلىق تىلدا (تەمسىل) دەيدۇ①» دەپ ئىزاھلايدۇ.

تەمسىل دېگىنىمىز — تۇرمۇشتىكى تۈرلۈك ھادىسىلارنى، كىشىلەرنىڭ ياخشى-يامان خۇسۇسىيەتلىرىنى ھايۋان ۋە نەرسىلەرنىڭ قىلىقلىرى، تەبىئىتى ۋە ھالىتى بىلەن سېلىشتۇرۇلغان ھېكمەتلىك سۆزلەردىن ئىبارەت. مەسىلەن، «پايپاقلا ناھال قاقاقلاندەك»، «چاققا چورۇق ئاسقاندەك»، «تۆشۈك يىرتىقتىن كۈلەر» دېگەندەك. ماقال بىلەن تەمسىل ئوخشىشىپ كېتىدۇ. تەمسىلدە ماقالغا ئوخشاش ساۋاق، ئۆلگە، ئىبرەت مەنىسى يوق، ئۇ بىرەر ھادىسىنى تەسۋىرى رەۋىشتە ئىپادىلەپ، كۆپرەكى كۆچمە مەنىدە قوللىنىلىدۇ. ماقالدا ئىپادىلەنگەن پىكىر ئەڭ ئاخىرقى نەتىجىسى بىلەن تولۇق بېرىلسە، تەمسىلدە، ئۇنىڭ ئىشارىسى بېرىلىدۇ، يەنى ئوخشىتىش، سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق دېمەكچى بولغان پىكىر ئىشارە قىلىنىدۇ. ماقال-تەمسىل پەقەت بىر ياكى ئىككى جۈملە چوڭقۇر مەنىلىك قىسقا قىياپەتتە، ئىبارە ياكى شېئىرى شەكىل بولۇپ، ئۇنىڭدا يارىتىلغان ئوبراز مەسەلگە قارىغاندا قىسقا بولىدۇ. مەسىلەن، «تۆمۈرنى قىزىقىدا سوق» دېگەن ماقالنى ئالساق، بۇ سەندەل ئۈستىدە تۇرغان قىپ-قىزىل چوغدەك تۆمۈرنىڭ ئوبرازىنى بېرىدۇ، لېكىن بۇ ماقالنىڭ ئاساسىي قىممىتى ئوبراز بېرىشتە ئەمەس، بەلكى ھەرئىشنى ئۆز ۋاقتىدا، كېچىكتۈرمەستىن ئىشلەش لازىملىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. مەسەلدە بولسا ھايۋانات چۆچەكلىرى ۋە لەتىپىلەرگە ئوخشاش بىر قاتار ۋەقەلىكلەرنى ئاساس قىلغان ھالدا ماقال-تەمسىلدىكىدىن كەڭرەك بولغان ئوبراز يارىتىلىدۇ. بۇ مەسەلنىڭ ماقال-تەمسىللەردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان روشەن بەلگىسى. مەسەلنىڭ نەسرى شەكلى ۋە نەزم شەكىللىرىنىڭ ھەممىسىدە شۇنداق.

خۇلاسە قىلغاندا، مەسەل ئەدەبىياتنىڭ مەخسۇس بىر ژانىرى، ئوخشىتىش، سېلىشتۇرۇش، سىمۋول، كىنايە، مېتافورا، قاتارلىق ئىستىلىستىك ۋاسىتىلار ئارقىلىق بىرەر ئىبرەتلىك مەزمۇنغا ئىگە بولغان لەتىپە خۇسۇسىيەتلىك ئىخچام ھېكايىلار مەسەل دېيىلىدۇ.

مەسەلنىڭ ئىجادكارى خەلق بولۇپ، كىشىلەر بىۋاستە ئوتتۇرىغا چىقىرىشقا پېتىنالمىغان پىكىرلىرىنى ئادەمدىن باشقا بارلىق جانلىق ۋە جانسىز نەرسىلەر تىلىدىن بېرىپ، شۇ ئارقىلىق زومىگەرلىك ۋە ئاچكۆزلۈك، ۋەھشىلىك ۋە ئالدامچىلىقلارنى پاش قىلىدۇ، جەمئىيەتتىكى سەلبىي ھادىسىلارنى، ۋەقەلىكلەرنى، ئۇلارنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشلىرىنى ئېچىپ تاشلايدۇ. كىشىلەردە يېڭىچە ئەخلاق-پەزىلەت تۇرغۇزۇشنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇ دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ دىلىدىكى ئەڭ نازۇك ئوي-پىكىرلىرىنى ئىنچىكىلەپ تەھلىل قىلىدىغان روشەن خاھىشقا ئىگە ئەڭ مۇھىم ئەدەبىي ژانىرلارنىڭ بىرى.

① نەرشىدىن تاتلىق: «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە ئۇنىڭ تارىخى ھەققىدە»، «بۇلاق» 1981-يىل 2-سان.

ئەجدادلىرىمىز ئۆزىنىڭ قەدىمكى يېزىقى پەيدا بولۇشتىن خېلى ئىلگىرىلا تىلىنىڭ ياردىمى بىلەن گەۋدىلەنگەن، ساددا خىيالىي تەسەۋۋۇرلاردا تۈرلۈك - تۈمەن ھادىسىلار ۋە ۋەقەلەردىن ئىجاد قىلغان ھەر خىل مەسەل خاراكتېرلىك پىكىرلىرىنى تەدرىجى ئومۇملاشتۇرۇپ خەلقىنىڭ مەنىۋى بايلىقىغا ئايلاندۇردى.

دۇنيادا تۇنجى بولۇپ تونۇلغىنى «ئىزوپ مەسەللىرى» بولۇپ، ئۇ قەدىمكى گرېتسىيىنىڭ «مەسەل - تەمسىللەر توپلىمى» ئىدى. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا بۇ توپلامنى مىلادىدىن ئىلگىرى 6 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئىزوپ دېگەن يازغۇچى تۈزۈپ چىققان، رىۋايەتتىكى ئىزوپ ساستىلقلارنىڭ ئۆي قۇلى بولۇپ، ھۆرلۈك ۋە ئەركىنلىككە ئېرىشكەندىن كېيىن، لوتىيا دېگەن جاينىڭ پادىشاھى لويى شۇۋنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن. ئۇ «خۇدانىڭ تەقدىرىگە بىھۆرمەتلىك قىلىپ» نوپۇزلۇق ئاقسۆڭەكلەرگە قارشى چىققانلىقتىن ھاڭغا تاشلاپ ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن.

قەدىمكى گرېتسىيە مەسەللىرىنىڭ قايسىسىنى ئىزوپنىڭ يازغانلىقى تېخى تەكشۈرۈپ چىقىلغىنى يوق. ھازىر ساقلىنىپ كەلگەن ئۈچ خىل نەزمى ئەسەرلىرى 1 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن 4 - ئەسىرگىچە بولغان ۋاقىت ئىچىدە يېزىلغانلىقى مەلۇم. ئىزوپنىڭ ئىسمى ئەڭ دەسلەپ مىلادىدىن ئىلگىرىكى 5 - ئەسىر ئەتراپىدا گرېتسىيىنىڭ ئاتاقلىق تارىخچىسى ھېرودوتنىڭ «تارىخ» ناملىق ئەسىرىدە كۆرۈلىدۇ. ئەمما ھەقىقەتەن ئىزوپ دېگەن كىشىنىڭ ئۆتكەن - ئۆتمىگەنلىكى ھازىرغىچە ئېنىق ئەمەس. ۋاھالەنكى، بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئىزوپ مەسەللىرى كېيىنكى كىشىلەر تەرىپىدىن ئۆزگەرتىۋېتىلگەن، ئىزوپ مەسەللىرىنىڭ كۆپ قىسمى ھايۋانلار توغرىسىدىكى ھېكايىلەر بولۇپ، تۆۋەن قاتلامدىكى پۇقرالار ۋە قۇللارنىڭ ھېسسىياتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلارنىڭ پەسكەشلىكىنى، ئادەمخور - زوراۋانلىقىنى پاش قىلغان. ئۇ، كىشىلەرنى دۈشمەنگە رەھىم قىلماسلىققا ئاگاھلاندۇرىدۇ. ئەمگەك مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈپ، ئىتتىپاقلىق مەدھىيىلىنىدۇ. بىراق، ئاپتور ئاقسۆڭەكلەرگە قارشى كۈرەش قىلىشنى تەشەببۇس قىلالمىغان. تەقدىرچىلىك كۆزقارشىنى ئىپادىلەپ قويغان. «ئىزوپ مەسەللىرى» ياۋروپا ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسىتىپلا قالماي، بەلكى مەسەلچىلىك ئىجادىنىڭ ئاساسىنىمۇ ياراتقان.

«تۇنجى مەسەللەر توپلىمى» «ئىزوپ مەسەللىرى» نى ئېلىمىزگە تونۇشتۇرۇش ئىشى مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە باشلانغان بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا كۇۋاڭ يى (况义) دەپ تەرجىمە قىلىنغان، چىڭ سۇلالىسىغا كەلگەندە ئۇنىڭ «意拾蒙引» ناملىق ئىنگلىزچە - خەنزۇچە سېلىشتۇرما نۇسخىسى، كېيىنچە لىن چەننىڭ تەرجىمىسىدە ‹ئىزوپ مەسەللىرى› بولغان.①

دۇنيادا مەسەل 17 -، 18 - ئەسىرلەردە كەڭ تەرەققىي قىلغان. بۇ چاغلاردا

① «ئەدەبىيات - سەنئەت قامۇسى» ئىلىم نەشرىياتى 1982 - يىل خەنزۇچە نەشرى 140 - 141 - بەتلەر.

كونا - قالاق تۈزۈمگە قارشى ئاشكارا تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش ۋە ئۇلارنى توغرىدىن-توغرا پاش قىلىش قىيىن بولغاچقا، تەرەققىيپەرۋەر شائىرلار، يازغۇچىلار ئۆز پىكىر - كۆز قاراشلىرىنى بىر خىل پەردە ئاستىغا ئېلىپ بايان قىلىشقا مەجبۇر ئىدى. ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ مەسەل دېگەن تۈرىنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى سەۋەب ئەنە شۇ. ئۇلار مەسەلدە بايان قىلىنغان ۋەقەلەر ئارقىلىق زومىگەرلىك، ياۋۇزلۇق، ھىيلىگەرلىك ۋە قۇۋلۇق - شۇملۇقلارنى، خەلققە بالايى - ئاپەت كەلتۈرگەن زالىم پەلەك، رەھىمسىز زامانىنى، بۇ زۇلۇمنى خەلققە يۈكلىگەن زالىم شاھلارنى، قارانىيەت ساراي ئەمەلدارلىرىنى رەھىمسىز پاش قىلىپ، قاتتىق مەسخىرە قىلىدۇ. ئاقكۆڭۈللۈك — سەمىمىيلىكنى، ئاجىزلارنى ياقلايدۇ، ئۇلارغا خەيرخاھلىق قىلىدۇ ھەم ئېزىلگۈچى، خارلانغۇچى خەلقلەرنى ھۆكۈمران سىنىپلارغا قارشى كۈرەش قىلىشقا دەۋەت قىلىدۇ. شۇڭا تارىختا مەسەللەر «ئەخلاق ئۆگەتكۈچى ئەسەر» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

بۇنىڭدىن بىر ئەسىر ئىلگىرى ئۆتكەن داڭلىق چۆچەكچى، مەسەلچىلەر دانىيەلىك ئاندىرسون، ئىتالىيىلىك د. كوللودي، روسىيىلىك كىرىلوۋ، شىدىرىنلەر يازغان مول مەزمۇنلۇق، يۇقىرى بەدىئىي قىممەتكە ئىگە بولغان قىزىقارلىق، يۇمۇرىستىك خاراكتېردىكى چۆچەك، مەسەللەرنى جامائەتچىلىكنىڭ ھېلىمۇ سۆيۈپ ئوقۇپ، ئۇنىڭدىن روھىي ئوزۇق ئېلىپ كېلىۋاتقانلىقى بۇنىڭ تىپىك مىسالى.

مەملىكىتىمىزنىڭ ھازىرقى زامان مەشھۇر يازغۇچىلىرىدىن جاڭ تيەنيى، يې شىڭتاۋ، يۋەن ۋىجىڭ، جىڭ جىڭ قاتارلىقلارنىڭ مۇنەۋۋەر چۆچەك، مەسەللىرىمۇ مەملىكىتىمىز ئىچىدىلا ئەمەس، بەلكى خەلقئارادىمۇ جامائەتچىلىكنىڭ سۆيۈپ ئوقۇيدىغان ئەسەرلىرىدىن بولۇپ قالدى.

ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، مەسەللەر ئالاھىدە مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەپ كەلگەن، يەنى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بىر پۈتۈن مىللىي مەدەنىيىتىگە ئوخشاش ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرىمۇ بىر دەۋردە، بىر رايوندا، مەلۇم شەخسنىڭ سۇبيېكتىپ دۇنياسىدا تاسادىپەن ئىجاد قىلىنغان بولماستىن، بەلكى ئۇ ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەردىن بۇيان كەڭ ئەمگەكچى ئۇيغۇر خەلقى تەرىپىدىن يارىتىلغان ئېغىز ئەدەبىياتىدىن ئىبارەت بۇ مۇقەددەس ئانىنىڭ سۈتىدىن ئوزۇقلىنىش ئارقىلىق ئۆسۈپ يېتىلىپ، تەدرىجىي ھالدا، يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، خېلى تەرەققىي قىلغان بىر ژانىرغا ئايلاندى.

«18 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 19 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان قەشقەرلىك ئۇيغۇر شائىر خىسلەتنىڭ 416 مىسرا شېئىر، 208 بېيىتتىن تەركىب تاپقان، مەسنەۋىي شەكلى بىلەن يېزىلغان «چاشقان بىلەن مۈشۈكنىڭ ئېلىشىشى» («بەھسە مۇش - گۇربە») ناملىق شېئىرىي مەسەلى ئۆزىدە ئىپادىلەنگەن ئىجابىي مەزمۇن ۋە بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەت بىلەن ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىدىكى ئۈلگىلىك مە-

سەللەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشقا تېگىشلىكتۇر»①. شائىر بۇ مەسىلىدە قىلىقلاندۇرۇش ۋاستىسىنى قوللىنىپ، دارتىملاش ئۇسۇلى بىلەن تىلى شېكەر، دىلى زەھەر، ياماند - لىقتىن ئەسلا قول تارتمايدىغان ساختىپەز، ياۋۇز كۆچەلەرنى قاتتىق مەسخىرە قىلىدۇ، ئىرادىسىزلىك ۋە ئىنتىپاقسىزلىقنىڭ كىشىلىك ھاياتقا كەلتۈرىدىغان پاجىئەلىرىنى ئۆزى سۈرەتلىگەن سىمۋولىستىك ئوبرازلار ئارقىلىق ئېنىق چۈشەندۈرۈپ ئۆتىدۇ. شۇنداقلا، ساختىپەزلىك ۋە ھىيلىگەرلىك بىلەن ئۆزىنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى يېپىشقا ئۇرۇنغان ياۋۇز زوراۋانلاردىن ھوشيار تۇرۇشنىڭ زۆرۈرلىكىنى تەكىتلەيدۇ، جۈملىدىن بۇ ياۋۇز - لارغا نىسبەتەن خام خىيالدا بولۇپ، ئىزگۈ ۋە شەپقەت تەلەپ قىلغۇچىلارنىڭ ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگۈچى ئەخمەقلار ئىكەنلىكىنى چاشقانلار پاجىئەسى ئارقىلىق ئوب - رازلىق چۈشەندۈرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ياۋۇز زوراۋانلار ئۆزىنى قانداق پەرداز - لىمىسۇن، ئۆز ماھىيىتىنى يوشۇرۇپ كېتەلمەيدۇ، ئۇلارنىڭ يامان نىيىتى ۋە قەبىھلىكى جەزمەن ئاشكارا بولىدۇ، دېگەن كۈچلۈك مەنتىقىي خۇلاسىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ؛ مەسەلنىڭ ئاخىرىدا بولسا مۈشۈكلەر بىلەن چاشقانلارنىڭ ئېلىشىشىنى سۈرەتلەپ ئىت - تىپاقسىزلىق مەغلۇبىيەت دېمەكتۇر، ئىتتىپاق بولۇپ ئۈمىدۋارلىق بىلەن كۈرەش قىلا - غاندىلا ئاجىزلارمۇ كۈچلۈك دۈشمەننى يېڭەلەيدۇ، دېگەن ھەقىقەتنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ.

كېيىنكى كۈنلەردە ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرىنى توپلاش ۋە رەتلەپ چىقىشتا پېشقەدەم يازغۇچى زۇنۇن قادىر ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلدى. ئۇنىڭ «چۈجە بىلەن سېغىزخان»، «قوشچى بىلەن چاشقان» قاتارلىق مەسەللىرى مەسەلچىلىكنى راۋاج - لاندۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئاساسىدا يارىتىلغان.

ئازادلىقتىن كېيىن بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن خەلقىمىز ئۆز ئەدەبىيات - سەنئىتىنى گۈللەندۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىمىز ۋە ھەۋەسكارلىرىمىز تىرىشىپ جاپالىق ئىزدىنىشلەر ئارقىلىق ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مەسەللەر ژانىرىنى توپلاپ، رەتلەپ ۋە يېڭىدىن ئىجاد قىلىپ كەڭ كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردى، بۇ ژانىر يەنىلا ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئاسمىنىدا خۇددى يۇلتۇزدەك چاقناپ كىشى قەلبىنى خۇشال قىلىشقا باشلىدى. ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ مەسەللەرنىڭ مەزمۇنى، شەكلىدىمۇ يېڭىلىقلار بارلىققا كەلمەكتە. نۆۋەتتە مەيدانغا كېلىۋاتقان مەسەللەر كىشىلەرنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە ئىلھام بېرىدىغان بۇرغا، دەۋرنىڭ كېسەللىرىنى داۋالايدىغان ئوپېراتسىيە پىچىقى بولماقتا. بۇ جەھەتتە خېلى كۆپ كۈچ سەرپ قىلغان يولداشلاردىن ئەخەت ھاشىم، ۋاھىتجان غوپۇر قاتارلىقلار - نىمۇ ئۆز نۆۋىتىدە نەزەردىن ساقىت قىلالمايمىز. چۈنكى ئەخەت ھاشىمنىڭ 70 پار - چىغا يېقىن چۆچەك ۋە مەسەلنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىككى پارچە مەسەللەر توپلىمى،

① «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى» 799 - بەت.

ۋاھىتجان غوپۇرنىڭ «كېچىكىپ كەلگەن ئەقىل» ناملىق نەزم شەكلىدە يېزىلغان مەسەللەر توپلىمى نەشىردىن چىقىپ كەڭ جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى. ھازىر مەسەلدىن ئىبارەت بۇ ژانىر تېخىمۇ راۋاجلىنىپ، تەرەققىي قىلىپ، گېزىت - ژۇرناللاردا كەڭ تۈردە ئېلان قىلىنىپ، خەلقنى تەربىيىلەش ۋەزىپىسىنى ئۈنۈملۈك ھالدا ئورۇنداپ كەلمەكتە.

× × ×

ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرىنىڭ خۇسۇسىيىتى جەھەتتىن قارىغاندا، ئۇ تۈزۈلۈش جەھەتتىن ھايۋاناتلار توغرىسىدىكى چۆچەكلەر بىلەن خەلق لەتىپىلىرىگە ئوخشاپراق كېتىدۇ. لېكىن ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ، مۇلاھىزە قىلساق، مەسەللەرنىڭ ئۆزىگە خاس بەلگىلىك خۇسۇسىيىتى ۋە ئالاھىدىلىكى بارلىقىنى چۈشىنىۋالالايمىز.

مەسەللەردە ئۆي ھايۋانلىرى، يىرتقۇچ ھايۋانلار، ئۇچار قۇشلار، دەل - دەرەخلەر، ھاشاراتلەر، جوزا - بەندىڭ ۋە باشقا نەرسە كېرەكلەر خۇددى ئادەمدەك سۆزلەيدۇ، ئويلايدۇ، خۇشال بولىدۇ ھەم خاپا بولىدۇ. ئۇلار ھاياتلىق ئۈچۈن بىر - بىرى بىلەن كۈرەش قىلىدۇ، لېكىن بىز كىشىلەر ئاغزىدىن مەسەللەرنى ئاڭلىغىنىمىزدا ياكى كىتاب، ژۇرنال، گېزىتلەردىن ئوقۇغىنىمىزدا قارىماققا ھايۋانات، قۇش، ئۆسۈملۈك، ھاشارات ۋە باشقا مەۋجۇداتلار ئۈستىدە پاراڭ بولۇۋاتقاندەك تۇرسىمۇ، ئەمەلىيەتتە گەپ ئۇلار ئۈستىدە ئەمەس، بەلكى ئادەملەر ئۈستىدە بولۇۋاتقانلىقىنى، بىزگە رېئاللىقنى، تۇرمۇشنى كۆرسىتىپ بېرىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىۋالالايمىز.

مەسەللەردە يارىتىلغان ئوبراز ھايۋانات، دەل - دەرەخ، گۈل - گىياھ ۋە باشقا نەرسىلەر ئۈستىدە يارىتىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدا بىر پۈتۈن ئىجتىمائىي گۇرۇھ، شۇ ئىجتىمائىي گۇرۇھنىڭ ئەزالىرى ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەت مەركەزلىك ھالدا تەسۋىرلىنىدۇ، ئەمما مەسەللەردە تەسۋىرلەنگەن ئىجتىمائىي تۇرمۇش ھايۋانات چۆچەكلىرىدىكىگە ئوخشاش كەڭ دائىرىلىك سۈرەتلەنمەستىن، پەقەت بىرەر ھايۋان ياكى ئۇچار - قۇشلارنىڭ بىرەر ئالاھىدىلىكى ئارقىلىق تۇرمۇشتا تەجرىبە - ساۋاق قىلىشقا ئەرزىيدىغان تەمسىل خاراكتېرلىك ئىبرەتلىك مەنە، ئەخلاققا دائىر نەسىھەت مەسەلنىڭ بېشىدا ياكى ئاخىرىدا خۇلاسە تېرىقىسىدە ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. بۇ خۇلاسىنى كۆپ ھاللاردا ئاپتور ئەمەس، بەلكى مەسەلنىڭ ئۆزى چىقىرىدۇ. مەسىلەن: «تۆگە بىلەن ئېشەك» دېگەن مەسەلدە كارۋان يول ئۈستىدە ھېرىپ قالغان تۆگىسى بىلەن ئېشىكىنى يايلاقتا قالدۇرۇپ كېتىپ قالىدۇ. بۇلارنى كۆرگەن تۈلكە ئېشەك بىلەن تۆگىنى يېيىش نىيىتىگە كېلىدۇ ھەمدە يالغۇز ئۆزىنىڭ كۈچى يەتمەيدىغانلىقىنى بىلىپ، يايلاق تالىشىش ھىيلىسىنى ئىشلەتمەكچى بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنى گۇۋاھچى، بۆرىنى بولسا يەر ئىگىسى قىلىپ باشلاپ كېلىدۇ، بۆرە: «مېنىڭ يايلىقىمدا نىمىشقا ئوتلايسەن» دەپ ئۆكتەملىك قىلىپ، ئورۇنسىز جېدەل چىقىرىدۇ ۋە «تىلىڭنى چىقار پۇراپ باقىمەن»

دەپ تەھدىت سالىدۇ، بۆرىنىڭ يامان نىيىتى— تىلىنى چىقارسا چىشلەپ ئۈزۈۋېلىش، ئۆت يېيەلمەس قىلىپ قويۇپ، ھالسىزلاندۇرۇپ ئۆلتۈرۈش ئىكەنلىكىنى بىلگەن تۆگە كۆكرىكى بىلەن بۆرىنى قاتتىق ئۇرۇپ تىك موللاق چۈشۈرۈۋېتىدۇ. بىر چەتتە تۇرغان ئېشەكمۇ بۆرىنى غەزەپ بىلەن تېپىپ ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ. بۇنى كۆرگەن تۈلكە بەدەر قاچىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ مەسەلدىن:

«‹يەر ئىگىسى› نى كۆرۈڭ ئۆلۈپ ياتقىنىنى،
‹گۇۋاھچىسى› نى كۆرۈڭ قورقۇپ قاچقىنىنى.
بۇ كۆرگىنىڭدىن ساۋاق ئالمىساڭ،
باشلاپ كەل بۆرىنىڭ يەنە باشقىسىنى.»

دېگەن شېئىرىي يەكۈن چىقىرىلغان.

ئۇندىن باشقا يەنە «قىزغانچۇق كالا» دېگەن مەسەلدە ئات، كالا، قوي قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ يايلاق تالىشىپ، بىر-بىرى بىلەن ئەپ ئۆتمىگەنلىكى، بىرى ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتكۈدەك بولسىمۇ، يەنە بىرسىنىڭ زادىلا كارى بولمىغانلىقى، ھەتتا ئىككىسىنىڭ جېدەللىشىپ بىر-بىرىنى ناكا قىلىپ قويۇشقانلىقى، پۇرسەتتىن پايدىلانغان بۆرى قىزغانچۇقلۇق قىلغان كالىنى يېمەكچى بولغانلىقى، كالا ئۆلۈم ئالدىدا ئۆز قىلمىشىغا ئىقرار قىلىپ: «ئاچكۆزلۈك قىلمىغان بولسام مەنمۇ بۇ ئاقىۋەتكە چۈشۈپ قالمىغان بولاتتىم» دەپ پۇشايمان قىلغانلىقى ھەمدە ئاچكۆزلۈك بىلەن ئىناق-ئىتتىپاق ياشىماسلىقنىڭ ئاقىۋىتى ئاخىرى ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدىغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىر ناھايىتى ئوبرازلىق ھالدا خۇلاسە قىلىنىدۇ. «ئالا مۇشۇك بىلەن بوز مۇشۇك» دېگەن مەسەلدە «ئىشلىگەننىڭ يۈزى يورۇق، ئىشلىمىگەننىڭ يۈزى چورۇق» دېگەن ماقال تەقلىد قىلىنىپ يەكۈن چىقىرىلغان.

مەسەللەردە يارىتىلغان ئوبرازلار كىشىلەر خاراكتېرىنىڭ ئىشارىلىك بەلگىسىدىن ئىبارەت. كونا جەمئىيەتتە ئاتا-بوۋىلىرىمىز ھۆكۈمران سىنىپ-خان، پادىشاھ، ئەمەلدارلارغا بولغان نارازىلىقىنى، جەمئىيەت ھەققىدىكى كۆز قاراش، پىكىرلىرىنى، كەلگۈسىگە بولغان يۈكسەك ئارزۇ-ئارمانلىرىنى توغرىدىن-توغرا ئېيتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولمىغانلىقتىن، ئۇنى بىرخىل پەردە ئاستىغا ئېلىپ بايان قىلىشقا مەجبۇر بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆپىنچە مەسەللەردە ئۆزىگە خاس ئىشارىلىك ئوبرازلار ياردىمى بىلەن كىشىلىك ھايات ھەققىدىكى ئابستراكت ئۇقۇملار كونكرېتلاشتۇرۇلغان.

مەسەللەردە ھايۋانلارنىڭ خاراكتېرى، مىجەز-خۇلقىغا قاراپ ئۆزىگە خاس ئوبراز يارىتىلغان. مەسىلەن: ئاتا-بوۋىلىرىمىز خان، پادىشاھ، قارا نىيەت ئەمەلدار-زالىم قازىلارغا بولغان نارازىلىقىنى ئىپادىلەش يۈزىسىدىن يولۋاس، شىر، بۆرىگە ئوخشاش يىرتقۇچ ھايۋانلارنى ئۇلارغا سىمۋول قىلغان. ئالدامچى، ساختىپەز، ئىككى يۈزلىمچى، ھىيلىگەر يالاقچىلارغا بولسا تۈلكە، ئىت، قاغا-قۇزغۇن، چاشقانلارنى سىمۋول

قىلغان. ئەمگەكچى خەلق ئۆزلىرىگە ۋە ئۆزلىرى ئارزۇسىدىكى ۋاپادار، ئەقىل-پاراسەتلىك باتۇرلارغا بولسا بۈركۈت، قاراغۇجا، قارلىغاچ، كاككۇك، كەپتەر، كېيىك، ئات، كالا، قوي قاتارلىق كىشىلەرگە پايدا يەتكۈزىدىغان قۇشلار ۋە يۇۋاش ھايۋانلارنى سىمۋول قىلغان. مەسەللەردىكى يولۋاس، بۆرە، تۈلكە، ئىتلار بولسا، ئەلۋەتتە ئادەملەر ئىچىدىكى «ئىت، تۈلكە، بۆرە، يولۋاس» لاردىن ئىبارەت. مەسىلەن: «تۈلكىنىڭ تەقسىماتى»، «تۈلكە بىلەن شىر»، «ئاچكۆز ئىشت» قاتارلىق مەسەللەر ئادەملەر ئىچىدىكى ياۋۇزلۇق، ئاچكۆزلۈك، ھىيلىگەرلىك قىلغۇچى زالىم ھۆكۈمرانلارنىڭ قارانىيەت. ھىيلىگەرلىكىنىڭ سىمۋولىغا مىسال بولالايدۇ.

مەسەللەر قۇرۇلۇش جەھەتتىن كىچىك كىنايە ۋە يۇمۇرلۇققا ئىگە بولۇپ، ناھايىتى ئىخچام، لېكىن مەزمۇن جەھەتتىن كەڭ ھەم چوڭقۇر بولىدۇ. شۇنداقلا لەتىپىلەرگە ئوخشاش ھەجۋىي خاراكتېرگە ئىگە بولغان بولىدۇ.

مەسەللەر بىر تەرەپتىن كىشىلەرگە ئوخشىمىغان ھايۋان، قۇشلارنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنداق مىجەزگە ۋە تاشقى ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەنلىكى توغرىسىدا قىزىقارلىق ھېكايە قىلىپ بېرىپ، ئۇنى تونۇشقا ياردەم قىلغاندەك تۇرسىمۇ ھايۋان، قۇش، ھاشارەتلەرنىڭ شۇ خىل ئالاھىدىلىكلىرى گەرچە رېئال مەۋجۇت بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا فانتازىيىلىك توقۇلمىدىن ئىبارەت. مەسەللەرنىڭ فانتازىيىۋىلىكى كۈچلۈك بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا تۇرمۇش رېئاللىقىغا باغلىنىدۇ. يەنى رومانتىك خىيال ئارقىلىق رېئاللىقنىڭ قانۇنىيەتلىرى كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدا ھايۋان ياكى قۇشلارنىڭ خاراكتېرى ئىنتايىن روشەن سۈرەتلىنىدۇ ھەمدە بۇ ھايۋان، قۇش، ھاشارەتلارنىڭ مىجەزى ۋە فىزىئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى بىلەن زىچ باغلانغان بولىدۇ.

مەسەللەردىكى ھايۋانات، ئۇچار قۇش، قۇرت، قوڭغۇز، دەل-دەرەخ، گۈل-گىياھلار ئوبرازى يەنىلا ئەمگەكچى خەلق تەرىپىدىن رېئاللىق بىلەن فانتازىيىنى بىرلەشتۈرۈشتە ھايۋانلار، قۇشلار ۋە باشقا مەۋجۇداتلارنىڭ مىجەز- خۇلقى ئومۇملاشتۇرۇلغان ھەم ئادەملەرنىڭ ئىدىيىسى سىڭدۈرۈلگەن بىر خىل بەدىئىي ئىجادىيەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭدىكى ھايۋانات، ئۇچار-قۇش، دەل-دەرەخ، تاغۇ-تاش، نەرسە-كېرەكلەر ئوبرازى ھەم شۇ نەرسىلەر، ھەم ئەمەس، ھەم ئادەم ھەم ئادەم ئەمەس. مانا بۇ ئوبرازلار ئادەملەر بىلەن شۇ نەرسىلەرنىڭ بىرلىكى، شۇنداقلا رېئاللىق بىلەن فانتازىيىنىڭ بىرلىكى. ئۇنىڭدا ئىلگىرى سۈرۈلگەن مەركىزىي ئىدىيىلەر ئوخشاشمىغان ھايۋان ۋە باشقا نەرسە-كېرەكلەرنىڭ تىپىك ئوبرازى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. ئادەتتە زوراۋانلىق قىلغۇچى ياۋۇزلارنىڭ تىپى يولۋاس، بۆرە، ئىت، يىلان، قاراقۇش...قاتارلىقلار بىلەن ئىپادىلەنسە، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى يۇۋاشلارنىڭ تىپى قوي، كالا، بوغا، توشقان، كېيىك، كەپتەر، بۇلبۇل، قاراغۇجا قاتارلىقلار بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ساۋىقەستچى، ھىيلىگەر، ئىككى يۈزلىمىچى، تەخسىكەش، خۇشامەت-

چى، تاماخورلارنىڭ تىپى تۈلكە، مايمۇن... قاتارلىقلار ئارقىلىق ئىپادىلەنسە، ساددا، ئەخمەقلارنىڭ تىپى ئات، ئېيىق قاتارلىقلار ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. ئالا كۆڭۈللەرنىڭ تىپى سېغىزغان بىلەن ئىپادىلەنسە، شۇملۇق تىلىگۈچىلەرنىڭ تىپى ھۇقۇش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. دېمەك، بۇ تىپلار ھايۋانلار ۋە قۇشلارنىڭ ئەسلى مىجەز-خۇلقى بىلەن بىر قەدەر زىچ باغلانغان. ئەمگەكچى خەلققە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئىجابىي پېرسوناژلار سۈپىتىدە گەۋدىلەنگەن تىپلار ھەممىشە زالىم، تەخسىكەشلەرنىڭ سىمۋولى بولغان تىپلارغا قارشى زېرەكلىك بىلەن كۈرەش قىلىپ، ئۇلارنى ھالاك قىلىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى يۇقىرىقىدەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ھايۋانات چۆچەكلىرى، ماقال-تەمسىل، لەتىپىلەردىن پەرقلىنىدۇ، لېكىن ئۇلار ئۆز ئارا ناھايىتى زىچ باغلانغان بولىدۇ. مەيلى مەسەل بولسۇن، مەيلى ھايۋانات چۆچەكلىرى بولسۇن، ياكى ماقال-تەمسىل، لەتىپىلەر بولسۇن بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىدىيىلىرىنى ئىپادىلەيدىغان قورال. ئۇلارنىڭ ھەر قايسىسى بەدىئىي جەھەتتىن ئوخشىمايدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە.

ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى كۆپ ھاللاردا ھايۋانات چۆچەكلىرى بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن بولىدۇ. شۇڭا ئۇ تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن خەلق ئارىسىدا ھايۋانات چۆچەكلىرى شەكلى بىلەن كۆپرەك تارالغان. بىراق مەسەللەرنىڭ تۈزۈلىشى، ۋەقەلىكى، قاتناشقۇچىلىرى، ئاپتورنىڭ كىتابخانلارغا ئۇقتۇرماقچى بولغان مەقسىتى ۋە بايان قىلىش ئۇسۇلىدىن مەسەلنىڭ ئادەتتىكى ھايۋانات چۆچەكلىرىگە ئوخشىمايدىغان ئالاھىدىلىكىنى بايقىۋالغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، ھايۋانات چۆچەكلىرى مەزمۇنى مول، داۋاملىرى چوڭقۇر بولسىمۇ، لېكىن شەكىل ئالاھىدىلىكى جەھەتتىكى چەكلىمىلىكى تۈپەيلىدىن، مەزمۇن ئىپادىلەشتە تازا بىۋاستە ۋە تولۇق بولۇپ كېتەلمەيدۇ. ئۇنىڭدا فانتازىيە ۋاستىسى ئارقىلىق بەدىئىي جەھەتتە ئەركىن بىر تەرەپ قىلىش ئىمكانىيىتى كۆپرەك بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ھايۋانلار ئاساسىي قەھرىمان بولۇشتەك چەكلىمىگە ئۇچرىماسلىقى مۇمكىن ئەمەس، گەرچە ئۇنىڭغا ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى سىڭدۈرۈپ، مۇئەييەن ئىجتىمائىي مەزمۇنغا ئىگە قىلىش ئىمكانىيىتى بولسىمۇ، لېكىن ھايۋانلارنىڭ ئۆزىگە خاس مۇناسىۋەتلىرىگە ئېتىبار بەرمەي بولمايدۇ. شۇڭا ئۇ رېئاللىقنى ئەگرى-توقاي ۋە يوشۇرۇن ھالدىلا ئەكس ئەتتۈرەلەيدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن، ئوخشاش بىر ھايۋاننىڭ ئوخشىمىغان مىللەت خەلقلىرىنىڭ ھايۋانات چۆچەكلىرىدە ئوخشىمىغان ئوبرازغا ۋەكىللىك قىلىشى شۇ خەلقلەرنىڭ مىللىي ئادىتى ۋە ئىدىيىۋى ئىشەنچىلىرىنىڭ ئوخشاشماسلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇنى بىرلىككە كەلتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس.

ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى يالغۇز ھايۋاناتلارلا ئاساسىي قەھرىمان قىلىنغان ھالدا ئىش ئېلىپ بارماي، بەلكى ئۇچار قۇش، دەل-دەرەخ، گۈل-گىياھ، تاغۇ-تاشلار،

ئومۇمەن كائىناتتىكى ئادەمدىن باشقا بارلىق جانلىق، جانسىز مەۋجۇداتلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئىجابىي، سەلبىي قەھرىمانلىرى بولالايدۇ. بۇ جەھەتتە ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرىدەك ئۇنداق كەڭ، ئەركىن ژانىر ئەدەبىياتتا كەم ئۇچرايدۇ دېيەرلىك.

مەسەللەر رېئال تۇرمۇشتىكى سەلبىي ئىش — ھەرىكەت ۋە شەيئىلەرنى پاش قىلىش ئاساسىدا يېزىلغاچقا، ئاپتور ئۆز قىزغىنلىقىنى ھەجۋىي سۆزلەرگە بېرىپ، ئەسەرنىڭ قايىل قىلىش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ.

× × ×

دۇنيادىكى ۋە ئېلىمىزدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ شەكىللىنىشى، تەرەققىيات ئەھۋالى ۋە تارىخىي كەچۈرمىشلىرى ئوخشاش بولمىغانلىقى ھەمدە ئۇلار ئولتۇراقلاشقان رايونلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالى، تەبىئىي شەرت - شارائىتلىرى بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلاردا ئۆزىگە خاس مىللىي ئالاھىدىلىك شەكىللەنگەن. شۇڭلاشقا ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئوزۇقلىنىشى، كىيىنىشى، ئولتۇراقلىشىشى، ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى، ئەدەبىيات - سەنئەت، ئۆرپ - ئادەت ۋە دۇنيا قاراشلىرى، پسىخىك ھالەت ۋە ھېسسىياتلىرى ئوخشاش بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ كۈندىلىك ئىجتىمائىي ۋە مەنىۋى پائالىيەتلىرىمۇ بىر - بىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ. ھەر قانداق مىللەتنىڭ ئاغزاكى ياكى يازما ئەدەبىي ئەسەرلىرى شۇ مىللەت ئەمگەكچى خەلقىنىڭ ئۆزىگە خاس مىللىي ئالاھىدىلىكىنى ۋە يەرلىك خۇسۇسىيىتىنى روشەن ھالدا ئەكس ئەتتۈرەلىسە، شۇ ئەسەر، شۇ مىللەتنىڭ ياخشى، نادىر ئەدەبىي ئەسىرى سۈپىتىدە باشقا مىللەتنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى تېماتىك دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، ئىدىيىۋى مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلىقىدىن تاشقىرى يەنە قۇرۇلمىسىدىمۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كەچۈرمىشلىرى، ئولتۇراقلاشقان رايونلىرىنىڭ تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي شارائىتلىرىنى، ئىشلەپچىقىرىش، ئەدەبىيات - سەنئەت قاراشلىرىنى، دىنىي ۋە تۇرمۇش ئادەتلىرىنى، دۇنيا قاراش، ئىدىيىۋى ھېسسىيات ۋە ئارزۇ - ئۈمىدلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمدىن تارتىپ قوللىنىپ كېلىۋاتقان تۇرمۇش ئادەتلىرىنى گەۋدىلىك ئىپادىلىگەن.

ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرىدە بەزى ھايۋانات ھەم قۇشلار ئوخشاشمىغان شارائىتتا ئوخشاشمىغان خاراكتېرگە ئىگە بولىدۇ. مەسىلەن، مەسەللەردىكى يولۋاسنىڭ ئوبرازى كۆپ ھاللاردا زوراۋان يىرتقۇچلارنىڭ تىپى قىلىنسىمۇ، بەزى مەسەللەردە ئۇنىڭ يىۋاش، دۆت، ساددا ئىكەنلىكى، دائىم تۈلكىنىڭ ياكى توشقاننىڭ ئالدىشىغا ئۇچرىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. «ئەقىل - پاراسەتلىك توشقان»...قاتارلىق مەسەللەر بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ. بۇنداق ئوخشاشماسلىقلاردا خىلمۇ - خىل سەۋەبلەر بار. ئوخشاش بولمىغان خەلقلەر، ئوخشاش بولمىغان جايلار، ئوخشاش بولمىغان ۋاقىتلار ۋە تارىخىي تەرەققىيات باسقۇچلىرى كىشىلەرنىڭ بىر شەيئىگە ئوخشاش بولمىغان پوزىتسىيە تۇ-

تۇشغا سەۋەبچى بولغاندىن تاشقىرى بىرخىل ھايۋاننىڭ ھەرخىل مەسەلدىكى ئورنى، مۇناسىۋىتى، ھەرىكىتى ئۆزگەرگەنلىكتىن، كىشىلەرنىڭ ئۇلارغا تۇتقان پوزىتسىيىسىمۇ ئوخشاش بولمىغان. مەسىلەن، ئۇيغۇر خەلقى يولۋاسنىڭ ئوبرازى ئارقىلىق ئادەملەرنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنى ئىپادىلىگەندە ئۇنىڭدىكى مەنە مەسەللەردىكى يولۋاسنىڭ ئوبرازىغا ئوخشاش بولمايدۇ. خەلق ئارىسىدا باتۇرلۇق ۋە قەھرىمانلىقنىڭ سىمۋولى قىلىپ يولۋاسنى ئاتايدۇ. ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرىنىڭ بەزىلىرىدە يولۋاس زوراۋان، ئاچكۆز، نەپسانىيەتچى، ئىچىگە چىققان شەخسىيەتچى، زالىم پادىشاھلارغا سىمۋول قىلىنىدۇ. «تۈلكىنىڭ تەقسىماتى» بۇنىڭ تىپىك مىسالى، ئىدىيىۋى ئىشەنچ بىلەن ئېتىقادنىڭ ئوخشاشماسلىقى سەۋەبىدىن، تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەڭ قەدىمكى توتېمىزم ئېتىقادى بويىچە بۆرىنى مۇقەددەس بىلىپ ئۇنى يول باشلىغۇچى، نىجاتلىق بەرگۈچى، جەسۇرلۇقنىڭ سىمۋولى قىلىدۇ. مەسىلەن: «...كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاي قاغاننىڭ كۆزى يورۇپ، بىر ئوغۇل تۇغىدۇ، بۇ ئوغۇلنىڭ چىرايى كۆك، ئاغزى چوغدەك قىزىل، كۆزلىرى ھال، چاچلىرى، قاشلىرى قارا بولۇپ، ھۆر-پەرىلەردىنمۇ گۈزەل ئىدى، بالا ئانىسىنىڭ كۆكسىدىن ئوغۇز سۈتىنى بىر قېتىملا ئىمىپ ئىككىنچىلەپ ئەممەيدۇ. ئاش-تاماق، خام گۆش، شاراپ بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. 40 كۈندە چوڭ بولۇپ بالاغەتكە يېتىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ قىياپىتى ئاجايىپ ئايىقى ئۆكۈزنىڭ ئايىقىغا، بېلى بۆرىنىڭ بېلىگە، يەلكىسى يىلپىزنىڭ يەلكىسىگە، كۆكسى بولسا ئېيىقنىڭ كۆكسىگە ئوخشايتتى...»، «... كۈنلەرنىڭ بىرىدە قونالغۇدا ئوغۇزخاننىڭ چېدىرىغا كۈندەك بىر نۇر چۈشىدۇ. نۇر ئىچىدىن كۆك تۈكلۈك، كۆك ياياللىق بىر ئەركەك بۆرە پەيدا بولۇپ، ئۆزلىكىدىن ئوغۇزخانغا يول باشلىغۇچى بولىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئوغۇزخان بۇ بۆرىنىڭ يول باشلىشىدا ئىتىل دەرياسى بويىغا يېتىپ كېلىپ، ئورۇم خاقان بىلەن سوقۇشۇپ، ئۇنى مەغلۇپ قىلىدۇ...»① ئەينى دەۋردە ئۇيغۇرلار (جۈملىدىن باشقا تۈركىي قەۋملەرمۇ) بۆرىنى ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى توتېم بەلگىسى دەپ تونۇپ، ئۇنىڭغا چوقۇنغانىدى.

خەنزۇچە تارىخنامىلاردىمۇ تۈركىي قەۋملەرنىڭ (جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ) توتېم ئېتىقادى توغرىسىدا نۇرغۇن خاتىرىلەر يېزىپ قالدۇرۇلغان. «جۇ سۇلالىسى تارىخى» نىڭ «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» بۆلۈمىدە «تۈركلەرنىڭ بايرىقىغا ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن بۆرە بېشىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن، بۇ ئەسلىنى ئۇنتۇماسلىقنىڭ نىشانىسى، ئۇلاردا قاراۋۇللارنىمۇ بۆرە دەپ ئاتايدۇ» دەپ يېزىلغان. بۇ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا توتېمىزم ئېتىقادىنىڭ خېلى دەۋرلەرگىچە داۋاملىشىپ كەلگەنلىكى ھەمدە شۇ ئۇزۇن جەريانلاردا بۆرىنى مۇقەددەس بىلىپ كەلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئومۇمەن، دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ئىدىيىۋى ئىشەنچنىڭ ئۆزگىرىشى مەسەللەر-

① ۋە غوپۇر، ئە. ھوسەيىن: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى» 85 - 86 - 87 - بەتلەر.

دىكى ئوخشىماسلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئىنسانىيەت سىنىپىي جەمئىيەتكە قەدەم قويغاندىن كېيىن تەدرىجىي تەرەققىيات نەتىجىسىدە كىشىلەرنىڭ شەيئىلەرگە بولغان تونۇشى، چۈشەنچىسى ئۆستى، شۇنىڭ بىلەن بۆرە ئىلگىرىكى «توتېم» لىق رولىدىن قېلىپ ياۋۇز، ۋەھشىي، ئاچكۆز، بالايى-قازالارنىڭ ئوبرازىغا ئايلاندى. مەسىلەن، «بۆرىنىڭ مەخپىيىتى»، «ئەقىللىق قېرى كالا»، «قىزغانچۇق كالا» قاتارلىق مەسەللەر ئۇنىڭ مىسالى. ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرىنىڭ بەزىلىرىدە بۆرىمۇ خۇددى يولۋاسقا ئوخشاش ھىيلىگەر، مەيدانسىز، خۇشامەتچىلەرنىڭ ئوبرازى بولغان تۈلكىنىڭ ئالدىشىغا ئۇچرايدۇ .

يەنە مەسىلەن، ئۇيغۇر خەلقى قەدىمدىن تارتىپ قارلىغاچنى ياخشى كۆرىدۇ. شۇڭا ئۇيغۇر دېھقانلىرى ئۆز ئۆيلىرىدە قارلىغاچقا ئاتاپ ئۇۋا ياساپ بېرىدۇ. بۇنداق قىلىش ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قارلىغاچنى بەكمۇ ئەتىۋالاپ باققانلىقىنىڭ ئەمەلىي نەتىجىسى بولۇپ، بۇنى ئىلمىي تەھلىل قىلغاندا، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمدىن تارتىپ ئادەتلىنىپ كەلگەن ئىدىيىۋى ئىشەنچىسى ۋە ئۆرپ-ئادىتى دەپ چۈشىنىش مۇمكىن. قارلىغاچ بولسا دېھقانچىلىققا زىيان سالىدىغان پاشا، چىۋىن، ھاشاراتلار، چېكەتكە، يەر يولۋىسى، قارىغۇ چىرپاشكىلارنى يوقىتىدىغان ماھىر قىرغۇچى بولۇپ، ئىنسانىيەتكە يەتكۈزىدىغان پايدىسى كۆپ، شۇڭا تۈركىي خەلقلەر (ئۇيغۇرلار) قارلىغاچنى ئۇلۇغلاپ، ئۇنى مەدھىيىلەيدىغان «قارلىغاچنىڭ تۆھپىسى»، «قارلىغاچنىڭ قۇيرۇقى نېمە ئۈچۈن ئاچىماق بولۇپ قالغان؟»، «پاشا نېمە ئۈچۈن غىڭشىيدۇ؟» دېگەندەك مەسەللەرنى ئىجاد قىلىشقان.

ئاتا-بوۋىلىرىمىز ئۆز ئەۋلادلىرىغا (ئۆسمۈرلەرگە) «قارلىغاچنى تۇتسا يامان بولىدۇ» ياكى «قارلىغاچنى تۇتسا ئادەمنىڭ قولى تىتىرىگەك بولۇپ قالىدۇ» دەپ تەربىيە بېرىپ، باللارنىڭ ئۇقۇشماسلىقتىن قارلىغاچ باللىرىغا زىيان يەتكۈزۈپ قويۇشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ ھەمدە باللارغا قارلىغاچ بالىسىنى ئۇۋىسىدىن چۈشۈپ كەتسە ئاتايىن ئۇنى ئېلىپ ئۇۋىسىغا سېلىپ قويسا «ساۋاپ» بولىدۇ دېگەن ئاڭنى سىڭدۈرگەن بۇ ھال ئۇيغۇرلارنىڭ ناھايىتى ئۇزۇن زامانلاردىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى ئادىتى. باشقا قۇش ياكى ھاشارات يەنى زىيانلىق قاغا، تورغان، يىلانلارنىڭ تۇخۇملىرىنى چېقىپ، باللىرىنى ئۆلتۈرۈش ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كەڭ ئومۇملاشقان ئادەتتۇر.

قىسقىسى، ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزۇن يىللىق ھايات، كۈرەش تارىخىدىكى قىممەتلىك ئەمەلىي تەجرىبە-ساۋاقلىرىنىڭ يەكۈنىدۇر. بۇلار ئاساسەن ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئىلىم-مەرىپەت، ئەدەپ-ئەخلاق، ئىشچانلىق-ھۇرۇنلۇق، دېھقانچىلىق، ئىجتىمائىي ئەمگەك، تەبىئەت ھادىسىلىرى، ئۆملۈك-يەككىلىك، تەنھالىق، ئائىلە-ئۆي، تۇرمۇش، ۋاپادارلىق-ۋاپاسىزلىق، مۇھەببەت-نەپرەت، ئادەم ۋە ئۇنىڭ باشقا ياخشى-يامان خىسلەتلىرى، ئۆرپ-ئادەت، باتۇرلۇق ۋە قورقۇنچاقلىق، سىنىپ

24 تارىختىن

# «تارىخىي خاتىرىلەر» نىڭ نەشر قىلىنىشى مۇناسىۋىتى بىلەن

ھاجى ياقۇپ يۇسۇپى (ئانات)

24 تارىخ ھەققىدە سۆز ئاچقاندا، ئالدى بىلەن 24 تارىخ ئاتالغۇسى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

قەدىمكى زاماندىن تارتىپ ئالىملىرىمىز باشقا ئىلىملەرگە قارىغاندا، تارىخ ئىلمىگە ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەچكە، ئېلىمىزنىڭ تارىخ ئىلمى ئالاھىدە تەرەققىي قىلغانىدى، بۇ ئالىملار پۈتۈن ئۆمرى بويىچە تارىخ ماتېرىياللىرى توپلىدى، تارىخ يازدى. شۇڭا جۇڭگو دۇنيادا تارىخ ماتېرىياللىرى خەزىنىسى ئەڭ مول بىر دۆلەت بولۇپ قالدى.

24 تارىخ ئېلىمىزدىكى 24 قىسىملىق تارىخنىڭ ئومۇمىي نامى. تاڭ خاندانلىقى دەۋرىدە ئۈچ تارىخ، سۇڭ خاندانلىقى دەۋرىدە 17 تارىخ، مىڭ خاندانلىقى دەۋرىدە 21 تارىخ دېيىلەتتى. مىلادى 1739-يىلى چىڭ خاقانى چيەنلۇڭ دەۋرىدە «مىڭ خاندانلىقى تارىخى» بىلەن «كونا تاڭنامە»، «كونا بەش دەۋر تارىخى» قوشۇلۇپ 24 تارىخ بولغانىدى، مىنگو دەۋرىدە «يۈەن (موڭغۇل) خاندانلىقىنىڭ يېڭى تارىخى» يېزىلىپ «25 تارىخ»، «چىڭ (مانجۇ) خاندانلىقى تارىخى ئورگىنالى» قوشۇلۇپ «26 تارىخ» دېيىلىدۇ. ئەمما ھازىرغىچە مەملىكىتىمىز ئىچى ۋە سىرتىدا «24 تارىخ» ئۇقۇمى ئومۇملىشىپ قالدى.

---

ۋە تەبىقە ئايرىمىلىقلىرى قاتارلىق خىلمۇ-خىل تېما ۋە مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، كىشىلەرنىڭ بىر قەدەر ياخشى چۈشەنچىلىرى، تەجرىبە-ساۋاقلىرى ئىجابىي ۋە سەلبىي جەھەتتىن ئوبرازلىق ئىپادىلەنگەن. مەسەللەر ئۆتكۈر قاراتمىلىقا ئىگە ئەدەبىي ژانىردۇر.

بىز مىللىتىمىزنىڭ پەن-مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتىرىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى ئىچىدىكى قىممەتلىك بايلىقلارنى قېزىش ۋە ئۇنى رەتلەپ «تۆتىنچى زامانىۋىلاشتۇرۇش» قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلدۇرىشىمىز كېرەك.

24 تارىخ تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

| № | كىتاب ئىسمى | جىلدى | ئاپتورى ۋە يېزىلغان دەۋرى |
|---|---|---|---|
| 1 | تارىخىي خاتىرىلەر | 130 | سىماچيەن خەن دەۋرى |
| 2 | خەننامە | 120 | بەن گۇ خەن دەۋرى |
| 3 | كېيىنكى خەننامە | 120 | سۇڭ فەيىنى جەنۇبىي خاندانلىق دەۋرى |
| 4 | ئۈچ خانلىق قىسسىلىرى | 65 | چېن شوۋ جىن خاندانلىقى دەۋرى |
| 5 | جىننامە | 130 | فاڭ شۈەنلىڭ تاڭ دەۋرى |
| 6 | سۇڭنامە | 100 | لياڭ شېنيۆ جەنۇبىي خاندانلىق دەۋرى |
| 7 | جەنۇبىي چىنامە | 59 | شياۋزىشيەن جەنۇبىي خاندانلىقى لياڭ بەگلىكى |
| 8 | لياڭنامە | 56 | ياۋسىليەن تاڭ دەۋرى |
| 9 | چېننامە | 36 | ياۋسىليەن تاڭ دەۋرى |
| 10 | ۋېينامە | 114 | ۋېي شوۋ شىمالىي چى دەۋرى |
| 11 | شىمالىي چىنامە | 50 | لى بەيياۋ تاڭ دەۋرى |
| 12 | جوۋنامە | 50 | لىنخۇ دېفېن تاڭ دەۋرى |
| 13 | سۈينامە | 85 | ۋېي چېڭ تاڭ دەۋرى |
| 14 | جەنۇبىي خانلىقلار تارىخى | 80 | لى يەنشوۋ تاڭ دەۋرى |
| 15 | شىمالىي خانلىقلار تارىخى | 100 | لى يەنشوۋ تاڭ دەۋرى |
| 16 | كونا تاڭنامە | 200 | ليۇشۈن تاڭ دەۋرى |
| 17 | يېڭى تاڭنامە | 225 | ئوۋياڭشيۇ سۇڭ دەۋرى |
| 18 | كونا بەش دەۋر تارىخى | 152 | شۆجۈجېڭ سۇڭ دەۋرى |
| 19 | يېڭى بەش دەۋر تارىخى | 75 | ئوۋياڭشيۇ سۇڭ دەۋرى |
| 20 | سۇڭ خاندانلىقى تارىخى | 496 | توقتا يۈەن (موڭغۇل) دەۋرى |
| 21 | لياۋ (قىتانلار) تارىخى | 116 | توقتا يۈەن (موڭغۇل) دەۋرى |
| 22 | جىن (جۇرجىتلار) تارىخى | 135 | توقتا يۈەن (موڭغۇل) دەۋرى |
| 23 | يۈەن (موڭغۇل) تارىخى | 210 | سۇڭ ليەن مىڭ دەۋرى |
| 24 | مىڭ خاندانلىقى تارىخى | 336 | جاڭ يەنيۇ چىڭ (مانجۇ) دەۋرى |

هازىر ئىشلىتىلىۋاتقان 24 تارىخ ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرى ۋۇيىڭدىيەن ① نۇسخىسى، يەنى چىڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن چىقىرىلغان ئويما نۇسخا، يەنە بىرى، شاڭۋۇ كىتابخانىسىنىڭ بارلىق نۇسخىلاردىن پايدىلىنىپ تۈزىتىپ چىقارغان باسما نۇسخىسى. ئەپسۇسكى بۇ نۇسخىلارنىڭ خاتا تۈزىتىلگەن جايلىرىمۇ بار. 24 تارىخ 3259 جىلد، 79841 بەت، 47 مىليون 904 مىڭ 600 خەت (ھىروگلىف) تۇر.

ئازادلىقتىن كېيىن 1959 - يىلىكەڭ كىتابخانىلارنىڭ ئوقۇشى ۋە پايدىلىنىشىغا قولاي بولۇشى ئۈچۈن، جۇڭخۇا كىتابخانىسى تەرىپىدىن «24 تارىخ» قايتا رەتلىنىپ، ئىملا (ئورگوفرافىك) بەلگىلەر قويۇلۇپ نەشر قىلىندى. بىز مۇشۇ نۇسخىغا ئاساسەن ئىشلەۋاتىمىز.

## نېمە ئۈچۈن 24 تارىخنىڭ مۇناسىۋەتلىك قىسمىنى تەرجىمە ۋە نەشىر قىلىشقا كىرىشتۇق؟

### 1. ۋەتىنىمىز ئۇزۇن ۋە پارلاق مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە بىر مەملىكەت

ئىنسانىيەت يېزىققا ئىگە بولغىچە 500 مىڭ يىل تارىخ ئالدى دەۋرىنى ئۆز بېشىدىن كەچۈردى.

تارىخ زامانىمىزدىن ئالتە مىڭ يىللار ئىلگىرى مىسسوپوتامىيە ۋە سومبىرلەر ئېلىدە باشلاندى، كېيىن مىسىر، يېقىن شەرق ئەللىرى جۇڭگو، ھىندى ۋە باشقا ئەل-لەرمۇ تارىخ دەۋرىگە كىردى. شۇڭا تارىخ دەپ ئاتالغان ئىلىم ئىنسانىيەتنىڭ يەر شارىدا ياشىغان مۇددىتىنىڭ $\frac{1}{80}$ قىسمىنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىم بولۇپ قالدى.

ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز ئۇزۇن يىللىق پارلاق تارىخقا ئىگە بولغاچقا، شانلىق مەدەنى-يەت ئەنئەنىسىگە ۋە قىممەتلىك مەدەنىي مىراسلارغا باي.

ئېلىمىزدە يۈەنمۇ ② ئادەمسىمان مايمۇنلىرىنىڭ ياشىغىنىغا بىر مىليون 700 مىڭ يىل، بېيجىڭ مايمۇنسىمان ئادىمىگە ③ بەش - ئالتە يۈزمىڭ يىل، خېتاۋ ئادىمىگە ④ ئىككى - ئۈچ يۈزمىڭ يىل، چوققا ئۆڭكۈرلىرى ئادىمىگە⑤ يۈزمىڭ يىلدىن ئارتۇقراق بولدى. جايلاردا يېڭى تاش قورال⑨ دەۋرىگە ئائىت خارابىلەر قېزىلمىسىدىن تېپىلغان مەدەنىيەت بۇيۇملىرىنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك بەش - ئالتە مىڭ يىلدىن تارتىپ ئون مىڭ يىلدىن ئارتۇقراق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكى دۇنياغا مەلۇم.

ئارخېئولوگلارنىڭ تەتقىقاتىچە، بۇ يەر ئاستىدىن چىققان تارىخ ماتېرىياللى-رىنىڭ ھەممىسى جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئەجدادلىرىنىڭ ئەمگىكى بىلەن يارىتىلغان مە-دەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن ئىبارەت. قەدىمكى «بامبوكنامە»⑦ دە: «مىلادىدىن بۇرۇن

2698 - يىلدىن 2599 - يىلغىچە خۇڭدى⑧ يۈز يىلچە ئاقساقاللىق (ھۆكۈمدارلىق) قىلغانىدى...» دەپ خاتىرىلەنگەن. «شاگنامە»دە ⑨«جۇڭكاڭ⑩ پۈتۈن ئەلگە ھۆكۈمدار بولغانىدى» دەپ يېزىلغان. تاڭ خاندانلىقى⑪ دەۋرىدە يۈرگۈزۈلگەن دايەن تەقۋىمىدە:⑫ «شياخانى جۇڭكاڭ ھۆكۈمدار بولۇپ، بەشىنچى يىلى كۈن تۇتۇلغانىدى» دېگەن بايان بار. بۇ ۋەقە - ھادىسىلەرگە ھازىر تۆت مىڭ يىلدىن ئاشتى.

يىن خارابىسىدىن⑬ تېپىلغان سۆگەك ۋە تاشپاقا قاپلىرىغا يېزىلغان پال مەتىنلىرىگە ئاساسەن، ۋاڭ گوۋېي⑭ يىن خانلىرى ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ باردى، دۇڭزوبىن «يىن خاندانلىقى⑮ دەۋرىدىكى بەگلەر، خانلار شەجەرىسى»نى ئىشلىگەنىدى. دېمەك، «تەزكىرىلەر»، «تارىخى خاتىرىلەر»دە زىكىر قىلىنغان يىن بەگ - خانلىرىنىڭ ئىسىملىرى ئەمەلىي خاتىرىلەردىن ئېلىنغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

تەخمىنەن مىلادىيىدىن بۇرۇن 1401 - يىلى پەنگېڭ يىن⑯ خانلىقىنى كۆچۈردى. شۇندىن ئېتىبارەن، جۇڭگو تارىخى ئىشەنچلىك دەۋرگە كىردى. ۋەتىنىمىز جۇڭگو دۇنيادا مەدەنىيىتى ئەڭ بۇرۇن تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردىن بىرى بولۇپ، 4 مىڭ يىللىغا يېقىن ئىشەنچلىك يازما تارىخى بار.

## 2. ئېلىمىز خاتىرە - تارىخ يېزىشقا بۇرۇندىنلا ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن

دۆلىتىمىز ئۇزۇن تارىخ ۋە مەدەنىيەتكە ئىگە دۆلەت بولۇپلا قالماستىن، خاتىرە ۋە تارىخ يېزىشقىمۇ خېلىلا بۇرۇن ئەھمىيەت بەرگەن دۆلەتلەرنىڭ بىرى، «史» ھېروگلىفنىڭ مەنىسى — ۋەقەلەرنى خاتىرىلەش دېگەن بولىدۇ. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ساڭجېي، جۇسۇڭلار خۇاڭدىنىڭ ئوڭ قول، سول قول ۋەقەنۇۋىسلىرى⑰ ئىدى. ئەگەر بۇ رىۋايەت توغرا بولىدىغان بولسا، ئۇلار جۇڭگو تارىخىدىكى ۋەقەنۇۋىسلارنىڭ پېشۋاسى بولغان بولىدۇ. كېيىنچە، شيا، شاڭ (يىن) خاندانلىقى دەۋرلىرىدە ساراي-لاردا ۋەقەنۇۋىسلار قويۇلغانلىقى ھەققىدە پاكىتلار بار. ئەمما رەسمىي ۋەقەنۇۋىسلىك⑱ يىن (شاڭ) خاندانى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغانىدى. جوۋ خاندانلىقى⑲ دەۋرىگە كەلگەندە، ۋەقەنۇۋىسلار ساھالەرگە بۆلۈندى. خانلىقتىلا ئەمەس، بەگلىكلەر (جېڭ،⑳ چى،㉑ چۇ،㉒ چىن،㉓ جاۋ㉔) دىمۇ ۋەقەنۇۋىسلىكلەر قۇرۇلغانىدى. ۋەقەنۇۋىسلىك ئاتىدىن بالىغا مىراس قالىدىغانلىقى ئۈچۈن، نۇرغۇن ماتېرىياللىرى ساقلىنىپ قالالىدى. شۇ تۈپەيلى كۇڭزى㉕ قىممەتلىك كىتابلاردىن 120 نى، موزى㉖ 100 بەگلىكنىڭ تارىخىنى كۆرگەنىدى.

چىن㉗، خەن خاندانلىقى㉘ دەۋرىدە ۋەقەنۇۋىسلىك نام جەھەتتىن ئۆزگەرتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن تارىخ يېزىش زالى توختىماي قالمىدى. خەن خاقانى ۋۇدى㉙

مەشھۇر ۋەقەنۇۋىس سىماتيەن[30] ۋە ئوغلى سىماچيەنلەرنى ۋەقە نۇۋىسلىككە بەلگىلىگەنىدى. ۋاڭ ماڭ[31] دەۋرىدىمۇ ۋەقەنۇۋىسلىك داۋاملاشتۇرۇلدى. شەرقىي خەن[32] خانلىقىنىڭ خاقانى مىڭدى[33] ۋەقەنۇۋىسلىككە بەنگۇ[34] نى تەيىنلىدى، ۋېي خانلىقىنىڭ[35] خاقانى مىڭدى[36] دەۋرىدىمۇ ۋەقەنۇۋىسلەر تويۇلۇپ دۆلەت تارىخى يازدۇرۇلدى. ئىككى جىن خانلىقى[37] دەۋرىدە، جەنۇبىي خانلىقلاردىن[38] سۇڭ، چى، لياڭ، چېنلاردىن ئىبارەت تۆت خانلىق زامانىدىمۇ ۋەقەنۇۋىسلار قويۇلۇپ تارىخ يازدۇرۇلغانىدى.

شىمالىي ۋېي خانلىقى[39] دەۋرىدە ۋەقەنۇۋىسلىك ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، سىيانپىلار[40] دىن گۇزۇەن، سەن ۋېيلار باشلىق بولۇپ، ۋەزىرلەردىن ۋەقەنۇۋىس بولۇشنىڭ دەسلەپكى مىساللىرىنى ياراتتى. شىمالىي چى خانلىقى[41] زامانىدىمۇ باش ۋەزىرلەر ۋەقەنۇۋىسلارغا باشلىق بولغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن شىمالىي جوۋ،[42] سۈي،[43] تاڭ، بەش دەۋر،[44] لياۋ[45]، سۇڭ،[46] جىن،[47] يۈەن،[48] مىڭ،[49] چىڭ[50] تاكى جۇڭخۇا مىنگوغا قەدەر 4 مىڭ نەچچە يۈز يىلدىن بېرى ۋەقە نۇۋىسلىك تۈزۈلمىي داۋام قىلىپ كەلدى.

### 3. ماتېرىيال، ئىلمىي مەلۇماتلار كۆپ

جۇڭگونىڭ قەدىمكى زامان تارىخ كىتابلىرى بارلىق ئىلىم ساھەلىرىنى — يىپزىق، ئاسمىي نۇجۇم، تەقۋىمچىلىك، ماتېماتىكا، قۇرۇئە ئەندازلىق (پالچىلىق)، قەدىمكى قائىدە-تۈزۈملەر، كىتابلار ھەم خەت-چەكلەر ۋە دىپلوماتىكۋەزىيە قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

### 4. تارىخ كىتابلىرى يېزىلىپلا قالماي، توپلانغان ۋە ساقلانغان

شيا خانلىقى ۋەقەنۇۋىسى جۇڭگو، شياخانى جيې[51] نىڭ يولدىن چىققانلىقىنى كۆرۈپ، كىتاب-ماتېرىياللارنى ئېلىپ، جوۋ خانلىقىغا قاچقانىدى. جىن خاندانلىقىنىڭ بېگى جىن گۇڭنىڭ تەكەببۇر، پەزىلەتسىزلىكىنى كۆرگەن جىن ۋەقەنۇۋىسى تۇشۇ كىتاب-ماتېرىياللارنى ئېلىپ، جوۋ خانلىقىغا كەتكەنىدى. لاۋزەن، بەن گۇلار ئۆز دەۋرىنىڭ تارىخ ساقلىغۇچى ئەمەلدارلىرى بولغانىدى. قەدىمكى زامان تارىخ ساقلىغۇچىلىرى بولغان بۇ ئەمەلدارلارنىڭ مەدەنىيەت، تارىخ ماتېرىياللىرىنى ساقلاپ قېلىشتا تۆھپىلىرى ئىنتايىن زور.

### 5. دۆلىتىمىزنىڭ مۇكەممەل، سىستېمىلىق تارىخى بار

دۆلەت تارىخى رەسمىي تارىخ بولۇپ، خانلار تەرىپىدىن يازدۇرۇلغان ئۆز خان-

لىقىنىڭ تارىخى دۆلەت تارىخى دېيىلىدۇ. كېيىنكى ئەۋلاد تەرىپىدىن يېزىلغان ئەجدادلار تارىخى رەسمىي تارىخ دەپ ئاتىلىدۇ. يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن 24 تارىخ ئېلىمىزنىڭ سىستېمىلىق دۆلەت تارىخىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ تارىخ كىتابلىرىنىڭ بەزىلىرى ۋەقەنۇۋىسلىك ئورگانلىرىدا كوللېكتىپ تەرىپىدىن، بەزىلىرى بىرەر شەخس تەرىپىدىن يېزىلىپ، قەدىمكى رىۋايەتلەر دەۋرىدىن چىڭ خاندانلىقى يىمىرىلگەنگە قەدەر بولغان تۆت مىڭ نەچچە يۈز يىللىق تارىخىي ۋەقە - ھادىسىلەر قىسقىچە، سىستېمىلىق بايان قىلىپ يېزىلىپ، كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ ۋەتىنىمىز تارىخىنى تەتقىق قىلىشى ئۈچۈن بىباھا قىممەتلىك ئىلمىي ماتېرىياللار بولۇپ قالدى.

دۆلەت ۋەقەنۇۋىسلىك ئورگانلىرى تەرىپىدىن كوللېكتىپ يېزىلغان تارىخىي ئەسەرلەردىن باشقا، خۇسۇسىلار يازغان تارىخمۇ ئىنتايىن مول. شەخسلەر تەرىپىدىن يېزىلغان تارىخ كۇڭزىنىڭ «چۈنچيۇ»[52] (باھار - كۈز) سىدىن باشلىنىدۇ. شۇڭلاشقا كۇڭزى ۋەقەنۇۋىسلارنىڭ پېشۋاسى ھېسابلىنىدۇ. كېيىن لۇجيا[53] «چۇ، خەن دەۋرى چۈنچيۇسى» نى يازدى. سىماتەن، بەن بياۋلاردا[54] تارىخ يېزىش نىيەت - ئىرادىسى بولغان بولسىمۇ، مەقسەتلىرىنى ئورۇندىيالماي، ئوغۇللىرى كىتاب يېزىشقا مۇۋەپپەق بولۇپ، ئۇلار خۇسۇسىي تارىخچىلىققا يول ئېچىپ بەردى. شەخسلەردە تارىخ يېزىش ئىرادىسى ۋېي، جىن، جەنۇب، شىمال خانلىقلىرىدا ئەۋج ئالغانىدى. «سۈينامە» «تاڭنامە» لەردىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، 116 ئورۇننىڭ ۋەقەنۇۋىسلىرى «كېيىنكى خەن خانلىقى تارىخى»، «ئۈچ خانلىق قىسسەسى»، «جىن خاندانلىقى تارىخى»، «بەش خۇ (ھون) لار، 16 خانلىق تارىخى»، «جەنۇب شىمال خانلىقى تارىخى» لىرىنى يېزىشقانىدى.

تاڭ ۋە سۇڭ خاندانلىقلىرىدىن بۇيان خۇسۇسىي تارىخچىلىق تۈرلۈك شەكىللەردە راۋاجلىنىپ، نۇرغۇن يىرىك شانلىق ئەسەرلەر: «بەش دەۋر تارىخى»، (74 جىلد)، «شەرقىي پايتەخت ۋەقەلىرى» (130 جىلد) «مىڭ خاندانلىقى تارىخىنىڭ ئورگىنالى» (416 جىلد)، «يۈەن خاندانلىقىنىڭ يېڭى تارىخى» (257 جىلد)، «تۇڭدىيەن» (قائىدە - تۈزۈملەر تارىخى — 200 جىلد)، «تۇڭجىز» (ئومۇمىي تارىخ — 200 جىلد)، «ھۆججەتلەر تەتقىقاتى» (348 - جىلد)، «يىلنامىلىق ئومۇمىي تارىخ» (زىجىز تۇڭجىيەن 294 جىلد)، «زىجىز تۇڭجىيەن زەيلى» (520 جىلد)، «زىجىز تۇڭجىيەن زەيلى» (220 جىلد)، «تۇڭجىيەن ۋەقە - خاتىرىلىرىنىڭ ئاخىرى» (42 جىلد)، «خۇاڭسۇڭ تۇڭجىيەن ۋەقە - خاتىرىلىرىنىڭ ئاخىرى» (150 جىلد) ... ۋە باشقىلار بارلىققا كەلدى.

## 6 تارىخ كىتابلىرى رەتلەنگەن

ئېلىمىزدە تارىخ كىتابلىرى ۋە تارىخىي ماتېرىياللار بەك كۆپ بولغانلىقى

ئۈچۈن، ئۆتمۈش دەۋرلەردە ياشىغان مۇئەررىخلەر جۇڭگو تارىخىنى رەتلەش خىزمەتلىرىنىمۇ ئېلىپ بېرىپ، يالغىنىنى چىقىرىپ تاشلاپ راستىنى ئېلىپ قالدى، شاكىلىنى تاشلىۋېتىپ، مېغىزىنى قالدۇردى، تارىخ ئەسەرلىرىنىڭ ئىلمىي قىممىتىنى تېخىمۇ ئاشۇردى. بۇ جەھەتتە تۆۋەندىكى ئىشلار ئىشلەندى:

a. ئىزاھلىق ئىنقىلىملار بېرىلدى — ئەسلى كىتابنىڭ يېزىق ۋە ئىبارىلىرىنى، تۈزۈم ۋە نەرسىلەرنى ئىزاھلاپ، شەرھلىدى، بۇ ئىلمىي خىزمەت كېيىنكى ئەۋلاد كىتابخانلارغا، تەتقىقاتچىلارغا زور قولايلىق يارىتىپ بەردى. مەسىلەن: دۇيۇ[55] «زوجۇەن» ناملىق كىتابنى، ۋېيجاۋ[56] «گويۇ» ناملىق كىتابنى، يەن شىگۇ[57] «خەننامە»نى، پېيسۇڭجۇ[58] «ئۈچ خانلىق قىسسىسى»نى ئىزاھلاپ شەرھلىدى. سىماجېن[59] «تارىخىي خاتىرىلەرنىڭ سىرلىق مەزمۇنى» ناملىق شەرھىنى يازدى. خۇشەنشىڭ[60] «زىجىتۇڭجيەن» ناملىق كىتابنى ئىزاھلىدى.

b. تولۇقلاندى — ھەر قايسى دەۋردە نۇرغۇنلىغان تارىخىي ۋەقە-ھادىسىلەر بولۇپ ئۆتكەچكە، ئاپتورلارنىڭ بۇ مەزمۇنلارنى تامامەن تارىخ كىتابلىرىغا كىرگۈزۈۋېتىشلىرى ناتايىن. شۇڭلاشقا، كېيىنكى ئالىملار كەم قالغان جايلارنى تولۇقلاشتى. مەسىلەن، لىيۇجاۋ[61] «كېيىنكى خەننامە»گە، ياۋجېنزوڭ[62] «ئۈچ خانلىق قىسسىسى»گە، ۋاڭشىدۇ «جەنۇب، شىمال تارىخى»غا، جاڭيۈزىڭ «16 بەگلىك يىلنامىسى»... قاتارلىقلارغا قوشۇمچىلار قىلىپ تولۇقلىدى.

c. يوقالغان تارىخىي ماتېرىياللار قوشۇمچە قىلىنىپ تولۇقلاندى — تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قەدىمكى زامان تارىخ ماتېرىياللىرىنىڭ يوقىلىپ كەتكەنلىرىمۇ ئاز ئەمەس. بۇنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش زور ئىلمىي ئەمگەك تەلەپ قىلىدۇ. خۇاڭشى، تاڭچيۇ، ۋاڭگوۋېي، چىنجياۋمۇ، لوجېنيۇ... لەر بۇ ساھەدە زور ئىلمىي ئەمگەك سىڭدۈرگەن ئالىملاردۇر.

## 24.7 تارىختا ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە قوشنا ئەللەر تارىخلىرىغىمۇ ئەھمىيەت بېرىلگەن

جۇڭگو ۋەقە نۇۋىسلىرى (مۇئەررىخلىرى) جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە قوشنا ئەللەرنىڭ تارىخلىرىغىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. سىماچيەن ئۆز ئەسىرى «تارىخىي خاتىرىلەر»دە ھون[63]، ياۋچى[64]، ئۈيسۇن[65]، چاۋشيەن[66]، پەرغانە[67]، كانگا[68]، باكتىرىيە[69]، ئائورسى (ئالان)[70]، ئارشاك (پاتىيا)[71]، ئەنەتكەك (ھىند)، كېش[72]... قاتارلىق خانلىقلار ھەققىدە كەڭ توختالغان. كېيىنكى زامانلاردىمۇ تارىخىي كىتابلارغا چەتئەل ۋە قوشنا ئەللەر قىسسىلىرى كىرگۈزۈلگەن. «مىڭ خاندانلىقى تارىخى»دا 120 دىن ئارتۇق بەگلىك ۋە خانلىقلارغا ئورۇن بېرىلگەن. ئومۇمەن

ئاسىيا دۆلەتلىرى قەدىمكى زامان تارىخلىرىنى يېزىشتا جۇڭگو تارىخ مەنبەلىرىگە مۇراجەت قىلماي قالمايدۇ.

مۇندىن باشقا، شەخسلەرمۇ مەملىكىتىمىزدىكى ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە قوشنا ئەللەرنىڭ تارىخلىرىنى يېزىشقاندى. مەسىلەن: فاشيەن «بۇددىست دۆلەتلەر خاتىرىسى» نى، خۈيچاۋ «ھىندىستان تەزكىرىسى» نى، شۈەنجۇاڭ «بۈيۈك تاڭ غەرب ساياھەتنامىسى» نى، يىجىڭ «جەنۇبىي دېڭىزدىن ئەۋەتىلگەن تەزكىرە»... لىرىنى يېزىشتى. يۇقىرىدىكى تۆت كىتاب ھىندىستاننىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا قىممەتلىك ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. يەنە دۇجۈەن يازغان «سەرگۈزەشتىلەر خاتىرىسى» ئەرەبلەر بىلەن تاڭ خاندانلىقى ئارىسىدا بولغان ئۇرۇش بىلەن جۇڭگو قەغەزچىلىك تېخنىكىسىنىڭ غەربكە تارقىلىشى ھەققىدىكى ئەڭ ياخشى ماتېرىيالدۇر.

بۇلاردىن باشقا ماخۇەن، فېيشىن، گۇەنجېنلەرنىڭ يازغان ئەسەرلىرى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيانىڭ 15 -، 16 - ئەسىرلەردىكى تارىخىنى ئۆگىنىشتە مۇھىم ماتېرىيال سانىلىدۇ. بۇ ماتېرىياللار قەدىمكى زامان چەت ئەل تارىخ ۋەقەلىرىنى تولۇق ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرەلمىسىمۇ، جۇڭگو ئالىملىرىنىڭ جاھان مىقياسىدىكى تارىخ بىلىملىرىگە دىققەت قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

### 8. ئۆز تارىخىمىزنى بىلىش ئۈچۈن 24 تارىخنى ئۆگىنىشىمىز لازىم

جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تەركىبىگە كىرىدىغان تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان قەۋملەر جۈملىدىن ئۇيغۇرلار مىلادىدىن بۇرۇن XI ئەسىرلەردە تارىخ سەھنىسىگە كىرگەن بولسىمۇ، ئەپسانە - رىۋايەتلەردىن خالى بولغان ئەمەلىي تارىخىي ۋەقە - ھېكايىلىرىمىز 2200 يىل ئۆتمۈشكە ئۈچۈرىسىدەدۇر.

بىزنىڭ قەدىمكى زامان ۋە ئوتتۇرا زامان تارىخ ماتېرىياللىرىمىزنىڭ ئاساسىي مەنبەئى 24 تارىختۇر. «تارىخىي خاتىرىلەر» نىڭ دەسلەپكى جىلدلىرىدىلا نامىلىرى زىكىر قىلىنغان ۋە ئەجدادى شياخوۋشى دېيىلىدىغان شۇنيۇلەر، شيەنيۈنلەر، رۇڭلار، دىلار، چۇنيۇلەر، گۈيفاڭلار ئوخشاشمىغان دەۋرلەردە ھونلارنىڭ ھەر خىل ئاتىلىشىدۇر. بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى بولغان دىڭلىڭلار، قىزىل دىلارمۇ ۋەتىنىمىزنىڭ قەدىمكى زامان تارىخىغا قاتناشقان، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەتلىرىگە ھەسسە قوشقان مىللەتلەرنىڭ بىرى. شۇڭا 24 تارىخنى ئۆگىنىش، بولۇپمۇ 24 تارىخنىڭ شىمال، غەربىي شىمال ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا دائىر ماتېرىياللىرىنى ئۆگىنىش بىز ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئومۇمەن، تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان قەۋملەر، جۈملىدىن ئۇيغۇرلار قەدىمكى زامان تارىخىمىزنى پەقەت 24 تارىختىنلا تاپالايمىز.

تۈركىيە ئالىملىرىدىن باھائىددىن ئۆگەل ئۆزىنىڭ «تۈركىي قەۋملەر مەدەنىيىتى -

نىڭ تەرەققىيات دەۋرلىرى» ناملىق ئىككى جىلد ئەسىرىنىڭ 1-جىلدىنىڭ 30-34-بەتلىرىدە: دانىيە تىلشۇناسى ۋىلھېلىم تومسونغا ئورخۇن ئابىدىلىرىنى ئوقۇش ئاچقۇچىنى تاپقانلىقى، فرانسىيە ئالىمى ئېدۋارد شاۋانغا كۆكتۈركلەر تارىخىنى يازغانلىقى ئۈچۈن، كوپېنھاگىن ۋە پارىژدىكى ئىككى ئاددى مازاردا ياتقان ئىككى چوڭ ئالىمغا تۈركىي خەلقلەرنىڭ مىننەتدارلىقىنى ئىزھار قىلىدۇ. ئەلۋەتتە بۇ ئىككى ئالىمنىڭ قىلغان زور ئىلمىي ئەمگىكى ئۈچۈن مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش بىزنىڭ بۇرچىمىز. نۆۋەتتى كەلگەنلىكى ئۈچۈن شۇنى دەپ ئۆتۈش كېرەككى، جۇڭگو ئالىملىرىنىڭ بولۇپمۇ سىماچيەننىڭ «تارىخىي خاتىرىلىرى» ۋە «24 تارىخ» بولمىغان بولسا، شاۋان جۇڭگونىڭ قەدىمكى زامان ئەدەبىي تىلى ۋە يۈكسەك ھېروگلىفلىرىنىڭ مۇتەخەسسىسى بولسىمۇ، كۆكتۈركلەر تارىخىنى يازالمىغان بولاتتى. شۇڭا، قەدىمكى جۇڭگو ۋەقەنۇۋىسلىرىنى شۇ قاتاردا، بولۇپمۇ سىماچيەننى ئۇنۇتماسلىق كېرەكتۇر. شۇنى كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، جۇڭگو تارىخ مەنبەلىرى بولمىغان بولسا، تۈركىي قەۋملەرنىڭ قەدىمكى زامان تارىخ ماتېرىياللىرى بولمىغان بولاتتى. شۇڭا قەدىمكى زامان جۇڭگو ۋەقەنۇۋىسلىرىگە، بولۇپمۇ ئۇلۇغ مۇئەررىخ سىماچيەنگە پۈتمەس-تۈگىمەس مىننەتدارلىقىمىزنى بىلدۈرۈشىمىز لازىم.

يۇقىرىدا، جۇڭگونىڭ قەدىمكى زامان تارىخچىلىقىغا قىسقىچە بىر نەزەر تاشلاپ ئۆتتۇق. ئەمدى نۆۋەتتە نەشىردىن چىقىش ئالدىدا تۇرغان «تارىخىي خاتىرىلەر» ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز:

## 1. «تارىخىي خاتىرىلەر» نىڭ ئاپتورى

«تارىخىي خاتىرىلەر» جۇڭگونىڭ تۇنجى سىستېمىلىق ئومۇمىي تارىخى. سىماچيەن «تارىخىي خاتىرىلەر» نىڭ ئاپتورى، قەدىمكى زاماننىڭ مەشھۇر ۋەقەنۇۋىسى، تارىخشۇناسى. شۇڭا، ئۇنىڭ ھاياتى ۋە پائالىيىتى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتۈشىمىز زۆرۈر.

سىماچيەن لۇڭمېن شيايالىق (شەنشى ئۆلكىسى خەنچېڭ) لىق، مىلادىدىن بۇرۇن 145-يىلى (خەن خاقانى جىڭدى[73] جۇڭيۈەن[74] سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 5-يىلى) تۇغۇلغان. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، سىماسى ئائىلىسى تاڭ،[75] يۈ[76] زامانلىرىدىن تارتىپ جوۋ خاندانلىقى دەۋرىگىچە ئەۋلادمۇ-ئەۋلاد ۋەقەنۇۋىس ۋە مۇنەججىملەر ئائىلىسى بولۇپ كەلگەن، سىماسى چىن بەگلىكىنىڭ بېگى، خۇيۋاڭنىڭ ئاتاقلىق سەنگۇنلىرىدىن ئىدى. سىماچاڭ چىن شىخۇاڭنىڭ[77] مىتاللىچىلىق ئەمەلدارى ئىدى. سىماچيەننىڭ ئاتىسى سىماتەن خەن خاقانى ۋۇدىنىڭ ۋەقەنۇۋىسى بولۇپ، ئەجدادىنىڭ تارىخچىلىق ئۇلۇغ ئىشىنى ۋارىسلىق قىلدى.

سىماچيەن بالىلىق دەۋرىدە دېھقانچىلىق-چارۋىچىلىق ئىشلىرىغا قاتنىشىپ، ئەم-

گەكچى خەلقلەرگە يېقىنلىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولغانىدى. ئۇن يېشىدا ئاتىسى بىلەن چاڭئەنگە كېلىپ مەشھۇر كۆك فۇزىچى ئالىم كۇڭ ئەنگودىن «قەدىمكى تىلدىكى شاڭنامە» نى ئۆگىنىدۇ. بۇ جاڭچيەننىڭ[78] غەربىي رايون (قۇرىقار)[79] غا ئەلچىلىككە چىققان، ۋېيچىڭ،[80] خوچۇبىڭلار نىڭ[81] هونلارنى مەغلۇب قىلغان، خەن خاقانى ۋۇدىنىڭ «نەغمە مەھكىمىسى» تەشكىل قىلغان، خەن خاقانلىقى تەرەققىي قىلىپ گۈللەنگەن دەۋر بولغاچقا، پايتەختتە بىلىم ئاشۇرۇۋاتقان سىماچيەننىڭ يېتىلىۋاتقان مەزگىلى ئىدى. ئۇ 20 ياشقا كىرگەندە ساياھەتنى باشلاپ، جەنۇپتا خۇنەن، جېجياڭ. شەرقتە شەندۇڭ، خېنەنلەرگىچە بېرىپ، مەشھۇر جايلارنى (سەيلىگاھلارنى) زىيارەت قىلدى، قەدىمكى خارابىلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، رىۋايەت-ھېكايەتلەرنى توپلاپ، تارىخ بىلىمىنى كېڭەيتتى. چاڭئەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، خاقاننىڭ يېقىن خادىملىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. خەن خاقانى ۋۇدى بىلەن بىرلىكتە غەربىي پىڭلياڭ، كۆكنۇر (گەنسۇ گۈيۈەن) لارغا باردى. يەنە با[82]، شۇ[83] رايونلىرىغا، ئەڭ جەنۇبتا كۈنمىڭگىچە بارغانىدى. ميلادىدىن بۇرۇن 110-يىلى خەن خاقانى ۋۇدى ساياھەتكە چىقتى، ئىبادەتخانىلاردا چوڭ نەزىر-چىراقلار ئۆتكۈزۈلدى. سىماچيەننىڭ ئاتىسى دۆلەت ۋەقە نۇۋىسى سىماتەن ئاغرىپ لوياڭدا ۋاپات بولدى. ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتىگە ئەمەل قىلغان سىماچيەن تەيشەن تېغىغا يېتىپ كېلىپ، نەزىر-چىراققا داخىل بولدى، كېيىن شەرقىي دېڭىز بويىلاپ ئايلىنىپ، سەددىچىننىڭ تېشىدىكى قورغانلارغا بېرىپ، پايتەختكە قايتقانىدى، شۇنداق قىلىپ شۇ دەۋردىكى پۈتكۈل جۇڭگونى ئايلىنىپ چىققانىدى.

ميلادىدىن بۇرۇن 108-يىلى 38 يېشىدا رەسمىي دۆلەت ۋەقە نۇۋىسى (تارىخچىسى) بولغان سىماچيەن، ساراي كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان بارلىق كىتابلاردىن، ئارخىپلاردىن ھەر تۈرلۈك تارىخ ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى. ميلادىدىن بۇرۇن 104-يىلى جۇڭگودا تەيچۇ تەقۋىمى[84] تەسىس قىلىندى. سىماچيەن مەشھۇر تارىخ ئەسەرى «تارىخىي خاتىرىلەر» نى يېزىشقا كىرىشتى. ميلادىدىن بۇرۇن 99-يىلى هونلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا مەغلۇب بولۇپ ئەسىرگە چۈشكەن لىلىڭنى ئاقلاپ بىر نەچچە ئېغىز سۆز قىلغىنى ئۈچۈن، خەن خاقانى ۋۇدىنىڭ غەزىپىگە ئۇچرىغان سىماچيەن زىندانغا تاشلاندى. ئىككىنچى يىلى ئاختا قىلىش جازاسى بېرىلدى. مۇندىن باشقا زىنداندا زامانىسىدىكى ۋەھشىيانە جازا-ئازابلارنىڭ ھەممىسى سىماچيەنگە ئىشلىتىلدى، ھاياتىدىن ئايرىلغىلى تاس قالدى.

ميلادىدىن بۇرۇن 93-يىلى 50 ياشقا كىرگەندە زىنداندىن ئازاد قىلىنغان سىماچيەن قەتئىي نىيەتكە كېلىپ داۋاملىق ئىشقا كىرىشىپ 526 مىڭ 590 خېروگلىفلىق «تارىخىي خاتىرىلەر» ناملىق ئەسىرىنى تاماملاپ، جۇڭگو تارىخ ئىلمىغا

ئاساس سېلىپ، بىر شاھ ئەسەر تەقدىم قىلدى. يىرىك ۋەقە نەۋىس — تارىخشۇناس ئالىم سىماچيەن مىلادىدىن بۇرۇن 86 - يىلى 60 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

## 2. «تارىخىي خاتىرىلەر» نىڭ يېزىلىش جەريانى

«تارىخىي خاتىرىلەر» نىڭ يېزىلىشقا باشلىنىشى: «تارىخىي خاتىرىلەر» سىماچيەننىڭ قولىدىن چىققان بولسىمۇ، 130 جىلددىن ئىبارەت بۇ ئەسەرنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى ئۇنىڭ دادىسى دۆلەت ۋەقە نەۋىسى سىماتەن تەرىپىدىن ئىشلەنگەنىدى. «سۈينامە» قاتارلىق كىتابلاردىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا: سىماتەن «زوجاناپ»، «بەگلىكلەر بايانى»، «خانلار (ئاقساقاللار) تەزكىرىسى»، «يېخلىق دەۋرى [85] تەدبىرلىرى»، «چۇ، خەن چۇنچيۇسى» دېگەن كىتابلار غا كېيىنكى ۋەقەلەرنى ئۇلاپ «تارىخىي خاتىرىلەر» نىڭ دەسلەپكى گەۋدىسىنى (ئورگىنالىنى) ئىشلىگەن. سىماتەن ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن خاقانلىقنىڭ ۋەقە نەۋىسلىكىگە تەيىنلەنگەن ئوغلى سىماچيەن ئاتىسىنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، تا خۇاڭدىدىن باشلاپ تيەنخەن سەلتەنەت دەۋرى [86] (مىلادىدىن بۇرۇن 100 — 97 - يىللار. خەن خاقانى ۋۇدى دەۋرىنىڭ ئاخىرلىرى) غىچە بولغان دەۋرنىڭ تارىخىنى يازدى. بۇ 12 جىلد خانلار (ئاقساقاللار) تەزكىرىسى، ئون جىلد يىلنامە، سەككىز جىلد نامە، 30 جىلد بەگلەر تەزكىرىسى، 70 جىلد تۆرىلەر تەزكىرىلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ «تارىخىي خاتىرىلەر» دېيىلىدۇ.

سىماتەن ئىلمىي نۇجۇم، پالنامە، داۋئىزم نەزەرىيىلىرى ۋە ئالتە ئىلمىي مەكتەپ — ئېقىم (قۇرئە ئەندازلىق، كۆك فۇزىچىلىق، مۇزىچىلىق، مەنتىقچىلىق، قانۇنچىلىق [ھوقۇقشۇناسلىق]، ئەخلاقىياتچىلىق) نىڭ نەزەرىيىلىرىدىن خەۋەردار، ساراي كۇتۇپخانىسى ۋە ئارخىپىدىن پايدىلانغان، چوڭقۇر، كەڭ بىلىم ئىگىسى ۋە تارىخچىلىق قابىلىيىتى بار بىر زات بولغاچقا، 30 يىلغا يېقىن ۋەقە نەۋىسلىق قىلغانىدى. شۇڭا «تارىخىي خاتىرىلەر»نىڭ دەسلەپكى ئورگىنالىنىڭ سىماتەننىڭ قولىدىن چىققانلىقى ئېھتىمالغا يېقىن.

## 3. «تارىخىي خاتىرىلەر» نىڭ ماتېرىيال مەنبەلىرى

«تارىخىي خاتىرىلەر» ئۇزۇن زامانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، تارىخىي ۋەقە-ھادىسىلەرنى كەڭ بايان قىلىپ بېرىدىغان ئومۇمىي تارىخ بولغاچقا، ئۇنى يېزىش ئۈچۈن نۇرغۇن ماتېرىيال توپلاپ، ئەستايىدىل تاللاشقا توغرا كېلەتتى. بۇ ئىنتايىن مۇھىم تەييارلىق خىزمىتىدۇر.

«تارىخىي خاتىرىلەر» نى يېزىشتا سىماچيەننىڭ ئىشلەتكەن، پايدىلانغان ماتېرىياللىرى ئاساسەن مۇنۇ تۆت مەنبەدىن ئىبارەت:

1) سىماتەن ماتېرىياللار توپلىغان. سىماتەن خەن خاندانلىقىدىن بۇرۇنقى ماتېرىياللارنى توپلاپ رەتلىگەن، بەزىلىرىنى ئەسەر ھالىتىگىمۇ كەلتۈرگەن.

2) قەدىمكى كىتاب ۋە ماتېرىياللاردىن پايدىلانغان. «تارىخىي خاتىرىلەر» گە كىرگۈزۈلگەن نەقىللەردىن قارىغاندا، سىماچيەن 30 دىن ئارتۇق قەدىمكى كىتابلاردىن پايدىلانغان. بۇلاردىن باشقا كىتابلاردىن پايدىلانغانلىقىمۇ مەلۇم.

3) جايلارغا ساياھەت قىلىپ، تەكشۈرۈپ، شەخسەن ئۆزى ماتېرىيال ئىگىلىگەن. سىماچيەن ھاياتىدا جەنۇبتا يۈننەن، گۇيجو؛ شەرقتە چى، لۇ بەگلىكلىرى؛ شىمالدا سەددىچىندىن؛ غەربتە گەنسۇ؛ ئوتتۇرا قىسىمدا جياڭ (江)، خۇەي (淮)، بيەن (汴)، لو (洛)... لارغىچە بېرىپ تەكشۈرۈپ، ئاندىن ئەسەرنى يازغان. مەسىلەن، چاڭشاغا بارغىنىدا، چۈيۈەننىڭ ئۆزىنى سۇغا تاشلىغان يېرىنى كۆرۈپ، «چۈ، جيا تەزكىرىسى» نى، چۇ بەگلىكىگە بېرىپ چۇن شېنجۈن قەدىمكى شەھىرىنى كۆرۈپ، «چۇن شىنجۈن تەزكىرىسى» نى، خۇەييىڭگە بارغىنىدا خەن شىن قەبرىسىنى كۆرۈپ، «خۇەييىڭ تۆرىسى تەزكىرىسى» نى، شەندۇڭغا بارغاندا، كۇڭ فۇزى مازىرىنى زىيارەت قىلىپ، «كۇڭ فۇزى تەزكىرىسى» نى يازغانىدى.

4) ساراي كۈتۈپخانىسى ۋە ئارخىپ ماتېرىياللىرىدىن پايدىلانغان. سىماچيەن ۋەقەنۇۋىس بولغاندىن كېيىن ساراي كۈتۈپخانىسى بىلەن ئارخىپلاردىن بىۋاستە پايدىلاندى، ئاپتور «تارىخىي خاتىرىلەر» ناملىق بۇ يىرىك ئەسەرنىڭ خەن خاندانلىقىغا ئائىت بايانلارنى مۇشۇ كۈتۈپخانىدىكى كىتابلاردىن، ئارخىپتىكى ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ يازغانىدى.

### 4. «تارىخىي خاتىرىلەر» نىڭ رەسمىي يېزىلىشى

20 ياش ۋاقتىدىن تارتىپ جايلارغا ساياھەت ۋە زىيارەت قىلىشنى باشلىغان سىماچيەن 22 يىل ماتېرىيال توپلاپ، كىتاب كۆرۈپ، مىلاددىن ئىلگىرىكى 104 - يىلى (تەيچۇ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ[87] تۇنجى يىلى) 42 ياشقا كىرگىنىدە «تارىخىي خاتىرىلەر» نى يېزىشقا باشلىدى، بەش يىلدىن كېيىن لى لىڭ ۋەقەسى بىلەن ئوڭۇشسىزلىققا يولۇقۇپ ئۈچ يىل زىنداندا ياتقاچقا، يېزىش توختاپ قالغانىدى. مىلاددىن ئىلگىرىكى 96 - يىلى (تەيشى سەلتەنەت دەۋرىنىڭ[88] تۇنجى يىلى) 50 ياش ۋاقتىدا زىنداندىن چىققان ئاپتور يەنە غەيرەت بىلەن ئىشقا كىرىشىپ يېزىشنى داۋاملاشتۇردى. چىقىرىۋېتىشكە تېگىشلىك مەزمۇنلارنى چىقىرىپ تاشلاپ، بېيىتىشقا تېگىشلىك مەزمۇنلار بىلەن تولۇقلىدى، تاكى ۋاپات بولغانغا قەدەر (مىلاددىن بۇرۇن 86 - يىلى) ئىلگىرى - ئاخىرى 18 يىل يازدى.

1) . «تارىخىي خاتىرىلەر» نىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان دەۋرى:

ئاپتورنىڭ ئېيتىشىچە، «تارىخىي خاتىرىلەر» زامان جەھەتتە ئەپسانىۋى شەخس خۇاڭدى دەۋرىدىن خەن خاقانى ۋۇدى تەيچۇ سەلتەنەت دەۋرى (مىلادىدىن بۇرۇن 104 — 101 - يىللار) گىچە بولغان ۋاقىت ئىچىدىكى ۋەقە — ھادىسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

رەسمىي تارىخلار گەرچە، فېئودال ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن يېزىلغان بولسىمۇ، سىماچيەننىڭ «تارىخىي خاتىرىلەر» ى شۇ دەۋردىكى خاقان، ۋەزىر، سەركەردىلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشەلمەي، قىسمەن بۆلۈملىرى يوقىلىپ كەتكەنىدى. «خەننامە» دە: «سىماچيەننىڭ ئەسىرى 130 جىلد بولسىمۇ، ئون جىلدنىڭ مۇندەرىجىسى بار، تېكىستى يوق» دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ ئون جىلد «جىڭ خاتىرىسى»، «ۋۇ خاتىرىسى»، «ئەدەبنامە»، «نەغمىنامە»، «ھەربنامە»، «خەن خاقانلىقى گۈللەنگەندىن بۇيانقى سەركەردە - ۋەزىرلەر يىلنامىسى»، «پالچىلار تەزكىرىسى»، «ئۈچ خان تەزكىرىسى»، «پال ئەسۋابلىرى تەزكىرىسى» ۋە باشقىلاردىن ئىبارەت.

غەربىي خەن خاقانلىرىدىن يۈەندى[89] ۋە چېڭدى[90] زامانلىرىدا ياشىغان ئالىملاردىن چۇشاۋسۇن[91] «تارىخىي خاتىرىلەر» نىڭ كەم قالغان جىلدلىرى ئۈچۈن «خاقان ۋۇدى تەزكىرىسى»، «ئۈچ خان تەزكىرىسى»، «پالچىلار تەزكىرىسى» نى قوشۇمچە قىلغانىدى. بۇنىدىن باشقا يەنە نۇرغۇن ئالىملار بۇ كىتابقا قوشۇمچىلار يازغانلىقى ئۈچۈن، ئەسلى ئاپتورنىڭ ئەسىرى بىلەن كېيىنكىلەرنىڭ قوشۇمچىلىرىنى ئايرىۋېلىش تەس. ئومۇمەن ئېيتقاندا، سىماچيەننىڭ ئەسەرىنىڭ روھى ساقلاپ قېلىنغان.

2) «تارىخىي خاتىرىلەر» دېگەن نامنىڭ قويۇلۇشى: «تارىخىي خاتىرىلەر» — ئومۇمىي تارىخ دېگەنلىك بولىدۇ. سىماچيەن ئۆز ئەسىرىنى «ۋەقە نۇۋۇس كىتابى» ياكى «ۋەقە نۇۋۇس خاتىرىسى» دەپ ئاتىغانىدى. ۋېي، جىن خانلىقى دەۋرىگە كەلگەندە «تارىخىي خاتىرىلەر» نامى بېكىتىلدى.

3) «تارىخىي خاتىرىلەر» نىڭ مۇندەرىجىسى 130 جىلدلىق «تارىخىي خاتىرىلەر» ئەسلىدە بەش چوڭ ئاقساقال (خان) تەزكىرىسى، يىلنامە، نامە، بەگلەر تەزكىرىسى، تۆرىلەر تەزكىرىسى دەپ بەش چوڭ بۆلۈمگە ئايرىلاتتى، ئەمەلىيەتتە ئۈچ چوڭ بۆلۈمگە ئايرىلىدۇ، چۈنكى ئاقساقاللار، بەگلەر، تۆرىلەر تەزكىرىلىرىنىڭ ھەممىسى تەزكىرە (تەرجىمھال) خاراكتېرلىك بولۇپ، بايان قىلىنغان شەخسلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئورۇنلىرى پەرقلىق، خالاس.

مۇندەرىجە:

ئاقساقاللار (خانلار) تەزكىرىسى 12 جىلد

(1) بەش چوڭ ئاقساقال (خان) تەزكىرىسى؛ (2) شىياخانلىرى تەزكىرىسى؛

(3) يىن خانلىرى تەزكىرىسى؛ (4) جوۋ خانلىرى تەزكىرىسى؛ (5) چىن بەگلىرى تەزكىرىسى؛ (6) چىن خاقانى شىخۇاڭ تەزكىرىسى؛ (7) شىياڭ يۈ تەزكىرىسى؛ (8) خەن خاقانى گاۋزۇ تەزكىرىسى؛ (9) لۈ خانىش تەزكىرىسى؛ (10) خەن خاقانى ۋېن- دى تەزكىرىسى؛ (11) خەن خاقانى جىڭدى تەزكىرىسى؛ (12) خەن خاقانى ۋۇدى تەزكىرىسى.

يىلنامە 10 جىلد

(13) ئۈچ خاندانلىق يىلنامىسى، (14) 12 بەگلىك يىلنامىسى؛ (15) ئالتە بەگلىك يىلنامىسى؛ (16) چىن، چۇ بەگلىكلىرى ئارىلىقىدىكى ئاينامە؛ (17) خەن خاقانلىقى قۇرۇلغاندىن بۇيانقى بەگلەر يىلنامىسى؛ (18) خەن گاۋزۇنىڭ خىزمەت كۆرسەتكەن تۆرىلىرى يىلنامىسى؛ (19) خەن خاقانى خۇيدى بىلەن خەن خاقانى جىڭدى ئارىلىقىدىكى تۆرىلەر يىلنامىسى؛ (20) جيەنيۈەن سەلتەنەت دەۋرىدىن بۇ- يانقى تۆرىلەر يىلنامىسى؛ (21) جيەنيۈەن سەلتەنەت دەۋرىدىن بۇيانقى شاھزادىلەر، تۆرىلەر يىلنامىسى؛ (22) خەن خاقانلىقى قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ئاتاقلىق سەنگۈن، ۋەزىرلەر يىلنامىسى.

نامە 8 جىلد

(23) ئەدەبنامە؛ (24) نەغمىنامە؛ (25) قانۇنىيەتنامە؛ (26) تەقۋىمنامە؛ (27) نۇجۇمنامە؛ (28) نەزىرنامە؛ (29) ئېرىق ئۆستەڭنامە؛ (30) بازارنامە.

بەگلەر تەزكىرىسى 70 جىلد

(31) ۋۇبېگى يۇجى خاندانى تەزكىرىسى؛ (32) چى بېگى تەيگۇڭ خاندانى تەزكىرىسى؛ (33) لۇبېگى جوۋگۇڭ خاندانى تەزكىرىسى؛ (34) يەن بېگى جاۋگۇڭ خاندانى تەزكىرىسى؛ (35) گۇەن شۇشيەن، سەي شۇدۇلار تەزكىرىسى؛ (36) چېن چى خاندانى تەزكىرىسى؛ (37) ۋېي بېگى كاڭشۇ خاندانى تەزكىرىسى؛ (38) سۇڭ بېگى ۋېي زى خاندانى تەزكىرىسى؛ (39) جىن بېگى خاندانى تەزكىرىسى؛ (40) چۇ بېگى خاندانى تەزكىرىسى؛ (41) يۆ بېگى گوۋجيەن خاندانى تەزكىرد- سى؛ (42) جېڭ بېگى خاندانى تەزكىرىسى؛ (43) جاۋ بېگى خاندانى تەزكىرد- سى؛ (44) ۋېي بېگى خاندانى تەزكىرىسى؛ (45) خەن بېگى خاندانى تەزكىرىسى؛ (46) تيەن جىڭ، جۇڭ ۋەنلەر تەزكىرىسى؛ (47) كۇڭ زى خاندانى تەزكىرىسى؛ (48) چېن شې خاندانى تەزكىرىسى؛ (49) شىرەم تۇغقانلار تەزكىرىسى؛ (50) چۇ بېگى يۈەنۋاڭ خاندانى تەزكىرىسى؛ (51) جىڭ، يەن خاندانى تەزكىرىسى؛ (52) چى بېگى داۋخۇيۋاڭ خاندانى تەزكىرىسى؛ (53) باش ۋەزىر شياۋخې خاندانى تەزكىرىسى؛ (54) باش ۋەزىر ساۋسېن خاندانى تەزكىرىسى؛ (55) ليۇ تۆرەم خاندانى تەزكىرىسى؛ (56) باش ۋەزىر چېن پىڭ خاندانى تەزكىرىسى؛ (57) جياڭ تۆرىسى جوۋبو خاندانى تەزكىرىسى؛ (58) لياڭ بېگى ۋۇ خاندانى تەزكىرىسى؛

(59) بەش جەمەتلەر خانىدانى تەزكىرىسى؛ (60) ئۈچ بەگلەر خانىدانى تەزكىرىسى.

## تۆرىلەر تەزكىرىسى      70 جىلد

(61) بويى تەزكىرىسى؛ (62) گۇەن، يەن تەزكىرىلىرى؛ (63) لاۋزى، خەن
فىيلەر تەزكىرىسى؛ (64) سىماراڭجىۇ تەزكىرىسى؛ (65) سۇن زى، ۋۇچى تەزكىرىسى؛
(66) ۋۇزىشۇ تەزكىرىسى؛ (67) كۇڭ زى تالىپلىرى تەزكىرىسى؛ (68) شاڭ جاناپ
تەزكىرىسى؛ (69) سۇچىن تەزكىرىسى؛ (70) جاڭ يى تەزكىرىسى؛ (71) چولىزى،
گەن ماۋلار تەزكىرىسى؛ (72) راڭ تۆرىسى تەزكىرىسى؛ (73) بەي چى، ۋاڭ جيەن-
لەر تەزكىرىسى؛ (74) مېڭ زى، شۇن چىڭلەر تەزكىرىسى؛ (75) مېڭ چاڭجۈن تەز-
كىرىسى؛ (76) پىڭيۇەنجۈن جاۋشېڭ، يۈچىڭلەر تەزكىرىسى؛ (77) ۋېي بەگزادىسى
تەزكىرىسى؛ (78) چۈن شېنجۈن تەزكىرىسى؛ (79) فەن سۈي، سەي زېلەر تەزكىرد-
سى؛ (80) يۆيى تەزكىرىسى؛ (81) ليەن پو، لىن شياڭرۇلار تەزكىرىسى؛ (82)
تيەن دەن تەزكىرىسى؛ (83) لۇجۇڭليەن، زوۋياڭلار تەزكىرىسى؛ (84) چۈيۈەن،
جياشېڭلار تەزكىرىسى؛ (85) لۇ بۇۋېي تەزكىرىسى؛ (86) پىدائىلار تەزكىرىسى؛
(87) لى سى تەزكىرىسى، (88) مېڭ تيەن تەزكىرىسى؛ (89) جاڭ ئېر، چېن يۇلەر
تەزكىرىسى؛ (90) ۋېي باۋ، پېڭ يۆلەر تەزكىرىسى؛ (91) چىڭ بۇ تەزكىرىسى؛
(92) خۇەيىيىن تۆرىسى تەزكىرىسى، (93) خەن شىن، لۇۋەنلەر تەزكىرىسى؛ (94)
تيەن دەن تەزكىرىسى؛ (95) فەن كۇەي، لىي شاڭ، شيا خوۋيىڭ، گۇەن يىڭلەر تەز-
كىرىسى؛ (96) باش ۋەزىر جاڭ ساڭ تەزكىرىسى؛ (97) ئالىم لى يىجى، لۇجيالار
تەزكىرىسى؛ (98) فۇجىن، كۇەي دېيلار تەزكىرىسى؛ (99) ليۇجىڭ، شۇسۇنتۇڭلار
تەزكىرىسى؛ (100) جى بۇ، لۇەن بۇ تەزكىرىلىرى؛ (101) يۈەن ئاڭ چاۋسۇ
تەزكىرىلىرى؛ (102) جاڭ شىجى، فىڭ تاڭ تەزكىرىلىرى؛ (103) ۋەن شى، جاڭ
شۇلار تەزكىرىسى؛ (104) تيەن شۇ تەزكىرىسى؛ (105) بيەن چۆ، ساڭ گۇڭ تەز-
كىرىلىرى؛ (106) ۋۇبىگى ليۇبى تەزكىرىسى؛ (107) ۋېي چى، ۋۇئەن تۆرىسى تەز-
كىرىلىرى؛ (108) خەن چاڭرۇ تەزكىرىسى؛ (109) لى سەنگۇن تەزكىرىسى؛ (110)
ھۇنلار تەزكىرىسى؛ (111) ۋېي سەنگۇن، قىران چەۋەنداز سەنگۇنلەر تەزكىرىسى؛
(112) پىڭ-جىن تۆرىسى جۇفۇ تەزكىرىسى؛ (113) جەنۇبىي يۆ تەزكىرىسى؛ (114)
شەرقىي يۆ تەزكىرىسى؛ (115) چاۋشيەن تەزكىرىسى؛ (116) غەربىي جەنۇب يىللىرى
تەزكىرىسى؛ (117) سىماشياڭرۇ تەزكىرىسى؛ (118) خۇەينەن، خېڭشەن ئەللىرى
تەزكىرىسى؛ (119) قانۇنغا رىئايە قىلغۇچى ئەمەلدارلار تەزكىرىسى؛ (120) جى-
ئەن، جېڭ داڭشى تەزكىرىلىرى؛ (121) ئالىملار تەزكىرىسى؛ (122) زالىم ئەمەل-
دارلار تەزكىرىسى، (123) پەرغانە تەزكىرىسى؛ (124) ھەققانىيەتچى ئەزىمەتلەر
تەزكىرىلىرى؛ (125) خۇشامەتكۆيلار تەزكىرىسى؛ (126) قىزىقچىلار تەزكىرىسى؛

(127) پالچىلار تەزكىرىسى، (128) پال ئەسۋابلىرى تەزكىرىسى؛ (129) پۇل تەزكىرىسى؛ (130) مۇئەررىختىن.

«تارىخىي خاتىرىلەر» نىڭ مۇندەرىجىسىدە 130 جىلد كۆرسىتىلگەن. ئەمما بىز ئىشلىگەن «تارىخىي خاتىرىلەر» دە ئوتتۇرا ئاسىياغا دائىر ماتېرىياللارلا ئېلىنغانلىقى ئۈچۈن، مۇناسىۋەتلىك 69 جىلددىن تاللاپ ئېلىنغان ماتېرىياللار تەخمىنەن 400 مىڭ خېروگلىف كېلىدۇ.

## «تارىخىي خاتىرىلەر» نىڭ شەكلى

«تارىخىي خاتىرىلەر» جۇڭگودا تۇنجى قېتىم خان-خاقان (ئاقساقال) لار تەزكىرىسى، بەگ-تۆرىلەر تەزكىرىسى، يىلنامە، نامەلەر بىرلەشتۈرۈلۈپ تولۇق يېزىلغان بىر رەسمىي تارىخ.

چىڭ (مانجۇ) خاندانلىقى دەۋرىدە ياشىغان جاۋيى: «سىماچيەن قەدىمدىن تارتىپ ئۆز دەۋرىگىچە بولغان ماتېرىياللار ۋە شەكىللەردىن پايدىلىنىپ، خان (ئاقساقال) لار، بەگ-تۆرىلەر تەزكىرىلىرىنى، ئون يىلنامە بىلەن زامان-ۋەقەلەرنى، سەككىزنامە بىلەن تۈزۈملەرنى، تەزكىرىلەر ئارقىلىق شەخسلەرنى بايان قىلىپ بېرىدىغان ئومۇمىي تارىخنى ئىجاد قىلدى؛ ئۇنىڭدىن كېيىن بىر دەۋر ھۆكۈمدارى بىلەن ۋەزىرلىرىنىڭ سىياسىي ۋەقەلىرىنى، ئىجابىي ۋە سەلبىي تەرەپلىرىنى بىر جىلد ئىچىگە يىغىنچاقلاپ بېرىدۇ. كېيىنكى دەۋرلەرنىڭ ۋەقەنىۋىسلىرى (تارىخچىلىرى) شەكىللىنىپ قالغان بۇ رامكىدىن چىقىپ كېتەلمىدى، بۇ رامكا ئىشەنچلىك تارىخ يازغۇچى ۋەقەنىۋىسلارنىڭ قائىدىسى بولۇپ قالدى» دېگەنىدى («24 تارىختىن خاتىرىلەر»).

ئەسلىدە چىن، خەن خاندانلىقىدىن بۇرۇنمۇ خان (ئاقساقال) لار تەزكىرىسى، بەگ-تۆرىلەر تەزكىرىسى، يىلنامە، نامە شەكىللىرى بىلەن يېزىلغان قەدىمكى كىتابلار كۆپ ئىدى. مەسىلەن، «يۈ تەزكىرىسى»، «بەگلەر تەزكىرىسى»، «لىيىفېڭ»، «ئەسىر خاتىرىلىرى»، «مۇتىيەنزى تەزكىرىسى»، «جوۋ شەجەرىسى»، «خاقان-ۋەزىرلەر، بەگ-تۆرىلەر شەجەرىسى»، «شاگنامە»، «جىياۋنامە»، «تاغ-دەريالار قامۇسى»، «شىبېن» قاتارلىقلار. بىراق بۇ كىتابلارنىڭ ھەر بىرى بىرخىل شەكىلدە يېزىلغاچقا، تۈزۈلۈشى رەتلىك ئەمەسىدى.

سىماچيەن كىتابلار شەكلىنىڭ ئارتۇقچىلىق تەرەپلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئىجادىي تەرەققىي قىلدۇرۇپ، خان (ئاقساقال) لارتەزكىرىسى، تەزكىرە، يىلنامە، نامە شەكىللىرىنى بىرلەشتۈرۈپ بىرلا كىتاب قىلىپ، جۇڭگو تارىخشۇناسلىقىغا بىرخىل تارىخ يېزىش ئۇسۇلىنىڭ ئۈلگىسىنى يارىتىپ بەردى. مانا بۇ، ۋەقەنىۋىس سىماچيەننىڭ

«تارىخىي خاتىرىلەر» نى يېزىشتا قازانغان پەۋقۇلئاددە مۇۋەپپەقىيىتىدۇر.

## «تارىخىي خاتىرىلەر» نىڭ قىممىتى

چىڭ (مانجۇ) خانىدانلىقى دەۋرىدە ياشىغان جاڭ شۆچىڭ: «تارىخشۇناسلاردا ۋەقە نۇۋىسلىك تالانتى، تارىخ ساۋادى، تارىخقا قاراشتا تونۇشى، يەنە تارىخچىلىق ئەخلاقىدىن ئىبارەت تۆت شەرت بولۇشى كېرەك» دېگەنىدى. سىماچيەن يازغان «تارىخىي خاتىرىلەر» دە بۇ تۆت شەرت مۇئەييەن دەرىجىدە كونكرېت ئىپادىلەنگەن:

1) سىماچيەن تارىخچىلىقتا خاتىرە بىلەن تەزكىرىچىلىكنى ئىجادىي قوللىنىپ، 500 مىڭدىن ئارتۇق ھېروگلىفلىق ئومۇمىي تارىخ يېزىپ چىقتى، تارىخدا قەدىمكى زاماننىڭ ھەممە قىممەتلىك تارىخ ماتېرىياللىرىنى ساقلاپ قالدى.

2) ئۇ «تارىخىي خاتىرىلەر» نى يېزىش ئۈچۈن 20 نەچچە يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ ماتېرىيال يىغدى، خەن خاقانلىقى ئوردىسىدىكى يىپىق كۇتۇپخانىنىڭ كىتابلىرىنى، خاقانلىقنىڭ ئارخىپلىرىنى ئوقىدى، مەملىكەتنىڭ ھەممە جايلىرىدىكى قەدىمكى ئاسارە ـ ئەتىقە ۋە خارابىلەرنى، خەلقنىڭ ئېتنوگرافىيەسىنى تەكشۈردى، دەۋرنىڭ تۆرلۈك ئەربابلىرىنى زىيارەت قىلدى، ئىگىلىگەن. توپلىغان ماتېرىياللىرىنى دىققەت ۋە ئېھتىيات بىلەن تەتقىق قىلىپ، قالدۇرۇۋېتىشكە تېگىشلىك ئىشەنچىسىز، خۇراپىي ئەپسانىلەرنى چىقىرىپ تاشلاپ، ئۆز ئەسىرىنى ئەمەلىي ۋە ھەقىقىي ۋەقە ـ ھادىسىلەرگە ئاساسلىنىپ يېزىپ چىقتى.

3) سىماچيەن «تارىخىي خاتىرىلەر» نى بىر مەركىزىي ئىدىيىگە باغلاپ، يەنى ئېلىمىزدە قەدىمدىن تا ئۆزى ياشىغان دەۋرگە قەدەر ئۆتكەن نۇرغۇن شەخسلەر ھەققىدىكى بايانلىرىنى ۋە نۇرغۇن ۋەقە ـ ھادىسىلەرنى يىغىۋېلىپ ئۆزىنىڭ تىلىدىن بەردى. بۇ تارىخشۇناسلىقتا ئۆتەشكە تېگىشلىك بىر ۋەزىپىدۇر، شۇڭا ئۇنىڭ ئەسىرى جەمئىيەت ھاياتىنىڭ ھەممە ساھەلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىقتىساد قارشى بىلەن تارىخىي ۋەقەلىكنى چۈشەندۈرۈپ، «پۇل تەزكىرىسى» نى يازدى، ئۇ جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى تەبىقىسىگە مەنسۇپ بولغان نۇرغۇن شەخسلەرگە دىققەت ـ نەزەرىنى ئاغدۇرالىدى. مەسىلەن، ئەرباب ـ ئەمەلدارلارغا قارشى چىقىشقا جۈرئەت قىلغان ساۋمۇ، جۇەن جۇ، يۇراڭ، نىيې جېڭ، جىڭ كې...لار ئۈچۈن «پىدائىيلار تەزكىرىسى» نى، ھەربىي ماھارەتلىرى (جانبازلىقلىرى) بىلەن زالىملارغا قارشى چىققان جۇجيا، جۇمېڭ، گو ـ جې...لار ئۈچۈن «ھەققانىيەتچى ئەزىمەتلەر تەزكىرىسى» نى، پالچىلار ئۈچۈن «پال ـ چىلار تەزكىرىسى» نى، سارايدىكى باخشىلار ئۈچۈن «پال ئەسۋابلىرى تەزكىرىسى» نى يازدى.

ئۇ چەت ئەللەر تارىخىي ۋە ئازسانلىق مىللەتلەر بىلەن جۇڭگو تارىخىنىڭ مۇ ـ

ناسۇەتلىرىنى نەزەردە تۇتۇپ، هونلار، پەرغانە، ئۇيسۇن، كاڭگا، ئائورسى، چوڭ ياۋچىلار، ئارىشاك، جەنۇبىي يۈ،[92] شەرقىي يۈ...قاتارلىق ئەللەرنىڭ تەزكىرىلىرىنى يېزىپ، كېيىنكى تارىخشۇناسلىققا يول ئېچىپ بەردى. مانا بۇلار سىماچيەننىڭ پەۋقۇلئاددە تارىخشۇناسلىق تالانتىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ.

4) «تارىخىي خاتىرىلەر» مۇئەييەن دەرىجىدە ئىلمىيلىك ۋە خەلقچىللىققا ئىگە. مەسىلەن، «بازارنامە» دە، خەن خاقانلىقى روناق تاپقان 70 يىلدا، ئىقتىسادى تەرەققىي قىلغاچقا، تاشقى جەھەتتە يات قەۋملەرگە تاقابىل تۇرۇپ، ئىچكى جەھەتتە ئۇلۇغ ئىشلارنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلغانلىقى، يەنە بىر تەرەپتىن، پارىخورلۇق، ئىسراپچىلىق ئەۋج ئېلىپ، مالىيەنىڭ ئاجىزلاشقانلىقى، خەلققە بولغان ئېكسپىلاتاتسىيە زۇلۇمىنىڭ كۈچەيگەنلىكى، تەرەپ-تەرەپتە قوزغىلاڭ پارتلاپ، جەمئىيەت تەرتىپىنىڭ بۇزۇلغانلىقى، هۆكۈمران تەبىقىدىكىلەرنىڭ قوزغىلاڭلارنى رەھىمسىزلەرچە باستۇرۇشقا ئۇرۇنغانلىقى يېزىلغان، بۇ ئۆز دەۋرىنىڭ ئوبيېكتىپ رېئاللىقىغا ئۇيغۇن بولۇپلا قالماي، خەن خاقانلىقى دەۋرىدىكى جەمئىيەتنىڭ ئىچكى مۇناسىۋەتلىرىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. جۇڭگودا بولغان دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ داھىسى ئۇچۇن خان-خاقانلار قاتارىدا «چېن شېڭ[93] خاندانى تەزكىرىسى» يېزىلىپ، دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ تارىختىكى رولى ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. يەنە لىيۇباڭنىڭ[94] سىياسىي رەقىبى چۇبىگى باۋاڭ ئۇچۇن «شياڭ يۈ[95] تەزكىرىسى» نى يېزىپ، ئۇنى قەدىم ۋە هازىردا مىسلى كۆرۈلمىگەن قەھرىمان دەپ ئاتايدۇ ھەمدە مەغلۇپ شياڭ يۈنى مەدھىيىلەش بىلەن بىللە غالىپ لىيۇباڭنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىمۇ لايىقىدا مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. شۇنىڭدەك، خەن خاقانلىقىنىڭ خانىشى لۈخۇنىڭ[96] بولمىغۇر سىياسىتىنى، خەن خاقانى ۋېندىنىڭ[97] «مۇكاپاتى ئاز، جازاسىنىڭ ئېغىر» لىقىنى، خەن خاقانى ۋۇدىنىڭ ئەيش-ئىشرەت، كەيپ-ساپاغا بېرىلىپ، ئەۋھام-خۇراپاتلارغا ئىشىنىپ كەتكەنلىكىنى، ئۇرۇشقۇمارلىقىنى، خەلققە سالغان زۇلۇم-كۈلپەتلىرىنى يۈرەكلىك هالدا پاش قىلىپ تەنقىدلەيدۇ. بۇ مۇئەررىخنىڭ قەلەم ئارقىلىق كۈرەش قىلىپ، ھەق سۆزلەش روھىنى جارى قىلدۇرغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا كېيىنكى زامانلاردا ياشىغان نۇرغۇن تارىخشۇناسلار سىماچيەننى تالانتلىق قورقماس تارىخچى دەپ باھالاشقان، مۇشۇ جەھەتلەردىن ئېيتقاندا، «تارىخىي خاتىرىلەر» ئىلمىيلىك ۋە مۇئەييەن دەرىجىدە خەلقچىللىققا ئىگە.

دېمەك، «تارىخىي خاتىرىلەر» جۇڭگو تارىخچىلىقىنىڭ قۇرۇلۇش نامايەندىسى بولغاچقا، سىماچيەن جۇڭگونىڭ فېئوداللىق دەۋرىدىكى ئۇلۇغ تارىخشۇناسى بولالىدى.

بۇ ماقالا ئارقىلىق 24 تارىختىن «تارىخىي خاتىرىلەر» نىڭ نەشىر قىلىنىشى مۇناسىۋىتى بىلەن «تارىخىي خاتىرىلەر» ناملىق ئەسەر ۋە ئۇنىڭ ئاپتورى توغرىسىدا قىسقىچە بىر تونۇشتۇرۇش بېرىلدى.

24 تارىخنىڭ ئۈچتىن بىرى جۇڭگودىكى ئازسانلىق مىللەتلەر تەرىپىدىن قۇ-

رۇلغان خاندانلىقلار: ۋېينامە، جوۋنامە، شىمالىي چىنامە، شىمال خاندانلىقلىرى تارىخى، لياۋ (قىتانلار) تارىخى، جىن (جۇرجىتلەر) تارىخى، يۈەن (موڭغۇللار) تارىخى...ۋە باشقىلارنىڭ تارىخىدۇر. جۇڭگو تارىخىدا تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى مىللەتلەر، جۈملىدىن ئۇيغۇرلار ئەجدادلىرىمىز قىزىل دى (قىزىل تىك) لاردىن بۇيان ۋەتىنىمىزنىڭ تارىخىي ۋەقە-ھادىسىلىرىگە باشتىن-ئاخىر ئارىلىشىپ كېلىۋاتىمىز. باشقا تۈركىي قەۋملەر تەرەپ-تەرەپلەرگە كۆچۈپ، باشقا جايلارنى ماكان تۇتۇپ كەلمەكتە.

پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار ھەم باشقا ئاسىيا مىللەتلىرى ئۆزلىرىنىڭ قەدىمكى زامان تارىخ مەنبەلىرىنىڭ بىر قىسمىنى 24 تارىختىن تاپالايدۇ. ۋەتەن تارىخىنى، مىللەت تارىخىنى ئۆگىنىپ، تەتقىق قىلىشنى خالايدىغان ھەرقانداق كىشى ئۈچۈن 24 تارىخنى، جۈملىدىن «تارىخىي خاتىرىلەر» نى ئوقۇپ ئۆگىنىشلىرى زۆرۈر.

---

ئىزاھلار:

① ۋۇيىڭدىيەن (武英殿) نۇسخىسى — چىڭ (مەنچىڭ) خاندانلىقى ئوردىسىنىڭ ئىسمى. ھازىرقى بېيجىڭ خانلار ئوردىسى مۇزېيخانىسى ئىچىدە. چىڭ خاندانلىقىنىڭ خاقانى چيەنلۇڭ (مىلادى 1736 — 1795) دەۋرىدە «13 كىتاب» «24 تارىخ» قاتارلىق كىتابلار تۈزىتىلىپ، ئويدۇرۇلۇپ نەشر قىلىنغانىدى. «24 تارىخ» نىڭ بۇ نۇسخىسى ۋۇيىڭدىيەن نۇسخىسى دېيىلىدۇ.

② يۈەنمۇ ئادەمسىمان مايمۇنى (元谋猿人) — يۈەنمۇ يۈننەن ئۆلكىسى چۇشيۇڭ يېزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ شىمالىدا 1965 - يىلى بۇ ناھىيىنىڭ ناباڭ كەنتىدە «يۈەنمۇ ئادەمسىمان مايمۇنى» نىڭ تاشقى ئايلانمىسى تېپىلدى.

③ بېيجىڭ مايمۇسىمان ئادىمى (北京猿人) — 1927 - يىلى بېيجىڭ جۇۋكوۋدىيەن لۇڭگۇشەن ئۆڭكۈرىدىن تېپىلغان.

④ خېتاۋ ئادىمى (河套人) — 1922 - يىلى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايون ئىكچاۋ ئايمىقى ۋۇشىن خوشۇنى سالاۋۇسۇ دەرياسىنىڭ قىرغىقىدىكى قۇم قاتلاملىرىدىن تېپىلدى.

⑤ چوققا ئۆڭكۈرلىرى ئادىمى (山顶洞人) — ئادەمنىڭ يېڭى تاشقا ئايلانمىسى، موڭغۇلوئىد (موڭغۇلسىمان) ئەۋرىلەرنىڭ ئاجدادى. 1933 - يىلى بېيجىڭ جۇۋكوۋدىيەن لۇڭگۇشەن تېغىنىڭ چوققىسىدىكى ئۆڭكۈردىن تېپىلدى. كاربون - 14 بىلەن تەكشۈرۈپ چىقىرىلغان خۇلاسىغا قارىغاندا چوققا ئۆڭكۈر ئادىمىنىڭ يىلى (دەۋرى) زامانىمىزدىن 18 مىڭ يىل بۇرۇن ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. تېپىلغان جەسەت سەككىز بولۇپ، تولۇقراقى ئۈچ نەپەر (بىر ياشانغىنى ئەركەك، ئىككى ئايال)

⑨ يېڭى تاش قورال (نېئولىت) دەۋرى (新石器时代) — تاش قورال ئەسىرىنىڭ ئاخىرقى دەۋرى.

⑦ بامبۇكنامە (竹书) — بامبۇك تارىشىلارغا يېزىلغان تېكىستلار بولغانلىقتىن تارىختا شۇنداق نام ئالغان.

⑧ خۇاڭدى (黄帝) — ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ياشىغۇچى مىللەتلەرنىڭ ئەپسانە رىۋايەتلەردىكى ئەجدادى.

⑨ شاڭنامە (商书) — شاڭ خاندانلىقى دەۋرىدىكى ۋەقە ھادىسىلەرنىڭ خاتىرىسى.

⑩ جۇڭكاڭ (中康) — شيا خاندانلىقىنىڭ ئۈچىنچى خانى.

⑪ تاڭ خاندانلىقى (唐朝) — مىلادى 618 - يىلدىن 907 - يىلغىچە، 20 نەپەر خاقان 290 يىل سەلتەنەت سۈرگەن خاندانلىق. مۇئەسسىسى لى يۈەن، پايتەختى چاڭئەن ئىدى.

⑫ دايەن تەقۋىمى (大衍历) — تاڭ خاقانى شۈەنزۇڭ دەۋرىدە قوبۇل قىلىنغان تەقۋىم. مىلادى 729 - يىلى (كەييۈەن سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 17 - يىلى) دىن باشلاپ ئىجرا قىلىنغان.

⑬ يىن خارابىسى (殷墟) — شاڭ خاندانلىقىنىڭ كېيىنكى دەۋرىدىكى پايتەختىنىڭ خارابىسى. ئورنى، بۈگۈنكى خېنەن ئۆلكىسى ئەنياڭ ناھىيىسىنىڭ شياۋتۇن كەنتىدە.

⑭ ۋاڭ گوۋېي (王国维 مىلادى 1877 — 1927) — يېقىنقى زامان ئالىملىرىدىن. 62 ئەسەرى بار. 1927 - يىلى يىخېيۈەندە ئۆزىنى سۇغا تاشلاپ ئۆلۈۋالغان.

⑮ يىن خاندانلىقى (殷) — تەخمىنەن م. ب. 1401 - يىلدىن م. ب. 1122 - يىلغىچە 12 نەپەر خان 279 يىل سەلتەنەت سۈرگەن خاندانلىق، پايتەختى يىن شەھىرى (هازىرقى خېنەن ئۆلكىسىنىڭ ئەنياڭ شياۋتۇن كەنتى) ئىدى.

⑯ پەنگېڭ (盘庚 م. ب. 1401 - م. ب. 1374 - يىللار) — تاڭ (汤) نىڭ تۇققۇزىنچى ئەۋلادى. پەنگېڭ شاڭ خاندانلىقىنىڭ پايتەختىنى يەن (奄 هازىرقى شەندۇڭ ئۆلكىسى چۈفۇ) دىن يىن (殷 هازىرقى خېنەن ئۆلكىسىدىكى ئەنياڭ شياۋتۇن كەنتى) گە كۆچۈردى.

⑰ ۋەقەنۇۋىس (史官) — قەدىمكى زامانلاردا تارىخى ۋەقەھادىسىلارنى خاتىرىلەپ يازغۇچى دۆلەت تارىخ ئەمەلدارى. ۋەقەنۇۋىس ئاتالمىسى تارىخچى، تارىخشۇناس ئاتالمىلىرىدىن پەرقلىق مەنىدە بولغىنى ئۈچۈن قېرىنداش ئۆزبېكلەردە ۋە باشقا تۈركىي تىللىق سۆزلەشكۈچى مىللەتلەردە دەلەتنىڭ كۈندىلىك ھاياتىدىكى ۋەقە ھادىسىلەرنى بىر - بىرلەپ خاتىرىلىگۈچى دۆلەت تارىخ خادىملىرى مەنىسىدە قوللىنىلماقتا. بىزمۇ ماقالىدا شۇ مەنىدە قوللاندۇق.

⑱ ۋەقەنۇۋىسلىك (史馆) — دۆلەت - خاندانلىق تارىخىنى يېزىش ئىشى بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئورۇن ئورغۇن ۋەقەنۇۋىسلارنى باشقۇرغۇچى تەشكىلى مۇئەسسەس.

⑲ جوۋ (周) خاندانلىقى — تەخمىنەن م. ب. 1122 - يىلدىن م. ب. 256 - يىلغىچە 34 نەپەر خان 866 يىل سەلتەنەت سۈرگەن خاندانلىق. مەركىزى خاۋ (هازىرقى شىئەن شەھىرىنىڭ غەربىدە).

⑳ جېڭ (郑) بەگلىكى — م. ب. 806 - يىلى قۇرۇلۇپ، م. ب. 46؛ - يىلغىچە 18 نەپەر بەگ 330 يىل سەلتەنەت سۈرگەن بەگلىك. بۇرۇنقى مەركىزى جېڭ شەھىرى (هازىرقى شەنشى ئۆلكىسى خۇاشيەن ناھىيىسى) بولۇپ، كېيىنكى مەركىزى شىنجېڭ (新郑) شەھىرى ئىدى.

㉑ چى (齐) بەگلىكى — تەخمىنەن م. ب 1122 - يىلى قۇرۇلۇپ، م. ب، 221 - يىلغىچە 46 نەپەر بەگ - خانلار 901 يىل سەلتەنەت سۈرگەن بەگ - خانلىقلار. مەركىزى يىڭچيۇ (هازىرقى شەندۇڭ ئۆلكىسىدىكى زىبو شەھىرى) ئىدى.

㉒ چۇ (楚) بەگلىكى — تەخمىنەن م. ب. 1115 - يىلى قۇرۇلۇپ، م. ب. 223 - يىلغىچە 41 نەپەر بەگ - خانلار 892 يىل سەلتەنەت سۈرگەن. مەركىزى يىڭ (郢 هازىرقى خۇبېي ئۆلكىسىدىكى جياڭلىڭ ناھىيىسى) شەھىرى ئىدى.

㉓ چىن (秦) بەگلىكى — تەخمىنەن م. ب. 897 - يىلى قۇرۇلۇپ، م. ب. 221 - يىلى چىن شىخۇاڭ چىن خاندانلىقىنى قۇرغىچە 37 نەپەر بەگ - خانلار 676 يىل سەلتەنەت سۈرگەن بەگلىك - خانلىق. مەركىزى يۇڭ (هازىرقى شەنشى ئۆلكىسى فېڭشياڭ ياكى شىيەنياڭ) شەھەرلىرىدە.

㉔ جاۋ (赵) بەگلىكى — تەخمىنەن م. ب. 403 - يىلى قۇرۇلۇپ، م. ب. 222 - يىلغىچە 31 نەپەر بەگ - خانلار سەلتەنەت سۈرگەن. مەركىزى جىنياڭ (晋阳 بۈگۈنكى شەنشى ئۆلكىسىدىكى تەييۈەن) شەھرىدە.

㉕ كۇڭزى (孔子 م. ب. 551 — 479) — لۇ (鲁 هازىرقى شەندۇڭ ئۆلكىسى زوۋچېي شەھىرى) بەگلىكىدىن. چۇنچيۇ دەۋرىنىڭ ئاخىرقى بەزگىلىدە ياشىغان مۇتەپەككۇر، پېداگوگ، كۇڭزىچىلىق تەلىماتىنىڭ ئاساسچىسى.

㉖ مۇزى (墨子 تەخمىنەن م. ب. 468 — 376) — لۇ (鲁) بەگلىكىدىن، (يەنە بىر رىۋايەتتە سۇڭ (宋 بەگلىكىدىن) چۇنچيۇ ۋە ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرى ئارىلىقىدا ياشىغان مۇتەپەككۇر، مۇزى مەكتەپىنىڭ (ئېقىمىنىڭ) ئاساسچىسى.

㉗ چىن (秦) خاندانلىقى — م. ب. 221 - يىلى چىن بېگى جېڭ (政) يەنى چىن شىخۇاڭ، پۈتۈن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى بىرلەشتۈرۈپ قۇرغان ئېلىمىز تارىخىدىكى تۇنجى مۇستەبىت مەركەزلەشكەن فېئودال خاندانلىق. ئىككى ئەۋلاد 15 - يىل سەلتەنەت سۈرۈپ، م. ب. 207 - يىلى خەن خاقانى ليۇباڭ تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىندى. پايتەختى شيەنياڭ (咸阳) شەھرىدە.

㉘ خەن (汉) خاندانلىقى — م. ب. 207 يىلى ليۇباڭ تەرىپىدىن قۇرۇلغان ئېلىمىز تارىخىدىكى ئەڭ قۇدرەتلىك فېئودال خاندانلىق. 24 نەپەر خاقان 406 يىل سەلتەنەت سۈرۈپ، م. ك. 220 - يىلى ساۋپېي (曹丕) تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىندى. پايتەختى چاڭئەن (长安) ۋە لوياڭ (洛阳) شەھەرلىرىدى.

㉙ ۋۇدى (武帝 م. ب. 156 - 87) غەربىي خەن خاندانلىقىنىڭ ئالتىنچى خاقانى جىڭدىنىڭ ئوغلى. م.ب 140 - يىلدىن م. ب. 87 - يىلغىچە 53 يىل سەلتەنەت سۈرگەن.

㉚ سىماتەن (司马炎 م. ب. ؟ — م. ب. 110) — غەربىي خەن خاندانلىقى دەۋرىدە ياشىغان تارىخشۇناس، مۇتەپەككۇر. شيايالڭ (ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى خەنچېڭ شەھىرىنىڭ جەنۇبى) لىق. ۋەقەنۇۋىس بولغان. «تارىخىي خاتىرىلەر» نىڭ ئاپتورى سىماچيەننىڭ ئاتىسى.

㉛ ۋاڭ ماڭ (王莽 م. ب. 45 — م. ك. 23) — خەن خاقانى يۈەندىن خانىشىنىڭ جىيەنى. مىلادى 8 - يىلى خەن خاندانلىقىغا خاقان بولىۋالدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن نامىنى شىن (新) غا ئۆزگەرتتى. 15 يىل سەلتەنەت سۈرۈپ، مىلادى 23 - يىلى قوزغىلاڭچى دېھقانلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى.

㉜ شەرقىي خەن (东汉) خانلىقى — خەن خاقانى ليۇشيۇنىڭ لويياڭنى پايتەخت قىلغىنىدىن باشلاپ، ساۋپىينىڭ خەن جانلىقىنى ئەمەلدىن قالدۇرغىنىغا (مىلادى 25 - يىلدىن 220 يىلغىچە) قەدەر بولغان دەۋر شەرقىي خەن (كېيىنكى خەن) خاندانلىقى دېيىلىدۇ.

㉝ مىڭدى (明帝) — شەرقىي خەن جانلىقىنىڭ ئىككىنچى خاقانى. خاقان ليۇشيۇنىڭ ئوغلى. مىلادى 58 - يىلدىن 75 - يىلغىچە 17 يىل سەلتەنەت سۈرگەن. جۇڭگوغا بۇددىزم مۇشۇ خاقاننىڭ دەۋرىدە كىرگۈن.

㉞ بەنگۇ (班固 مىلادى 32 — 92) — شەرقىي خەن خانلىقى دەۋرىدىكى تارىخشۇناس، ئەدىب. ۋەقەنۇۋىس بەنبياۋنىڭ ئوغلى بولۇپ، فۇفېڭ ئەنلىڭ (扶风安陵 ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى شيەنياڭنىڭ شەرقى شىمالى) دىن. ئۇ ئاتىسىنىڭ ئىشىغا ۋارىسلىق قىلىپ، «خەننامە» نى يېزىپ تۈگەتتى ۋە «بەيخۇتۇڭيى» («白虎通义» بۇيخۇگۇەندە بولغان ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ توپلاملىرى) نى يازدى.

㉟ ۋېي (魏) خانلىقى — ئۈچ خانلىق دەۋرىدىكى خانلىقلاردىن بىرى. مىلادى 220 - يىلى ساۋپېي خەن خاقانلىقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ ئۆزى خاقان بولىدى. خاقانلىقىنىڭ نامىنى ۋېي دەپ ئاتىدى، مەركىزى لوياڭ ئىدى. 265 - يىلى مۇنقەرز بولدى.

㊱ مىڭدى (魏明帝 مىلادى 205 — 239) — ئىسمى ساۋرۇي بولۇپ، ساۋپېينىڭ ئوغلى. ۋېي خانلىقىنىڭ ئىككىنچى خاقانى. 13 يىل سەلتەنەت سۈرگەن، شائىرلىقتىن خەۋىرى بار ئىدى.

㊲ ئىككى جىن (两晋) — مىلادى 265 - يىلى قۇرۇلغان غەربىي جىن جانلىقى بىلەن مىلادى 317 - يىلى قۇرۇلغان شەرقىي جىن خاقانلىقى ئىككى جىن دەپ ئاتىلىدۇ.

㊳ جەنۇبىي خانلىقلار (南朝) سۇڭ (宋)، چى (齐)، لياڭ (梁)، چېن (陈) خانلىقلىرى تارىختا جەنۇبىي خاندانلىقلار دېيىلىدۇ.

㊴ شىمالىي ۋېي (北魏) خانلىقى — مىلادى 386 - يىلى سيانپىلاردىن تۇباگۇي (拓跋珪) شىمالىي ۋېي خانلىقىنى قۇردى، 14 نەپەر خان 148 يىل سەلتەنەت سۈرگەن. پايتەختى شېڭلې (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ خېلىنگىر ناھىيىسى) ئىدى.

㊵ سيانپىلار (鲜卑) — قەدىمكى زامانلاردا ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمال قىسمىدا ياشىغان قەبىلەردىن بىرى، شەرقىي خۇ (تۇڭگۇس) لارنىڭ بىر تارمىقى. ئىككى جىن دەۋرىدە بۇلار ئالدىنقى يەن خانلىقى، كېيىنكى يەن خانلىقى، جەنۇبىي يەن، غەربىي چىن، جەنۇبىي لياڭ خانلىقلىرىنى قۇرغانىدى.

㊶ شىمالىي چى (北齐) خانلىقى — مىلادى 550 - يىلى گاۋياڭ تەرىپىدىن قۇرۇلغان بولۇپ، شىمالىي خانلىقلارنىڭ بىرى، يەتتە نەپەر خان 28 يىل سەلتەنەت سۈرۈپ، مىلادى 577 - يىلى شىمالىي جوۋ خانلىقى تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىندى. مەركىزى يې (邺) ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ سىشيەن ناھىيىسىنىڭ سەنتەي كەنتى) شەھىرىدە.

㊷ شىمالىي جوۋ (北周) خانلىقى — مىلادى 557 - يىلى سيانپىلاردىن يۈۋېنجۆ قۇرغان خانلىق بولۇپ، شىمالىي خانلىقلارنىڭ بىرى. بەش نەپەر خان 25 يىل سەلتەنەت سۈرۈپ، 581 - يىلى سۇي خانلىقى تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىندى. پايتەختى چاڭئەن (ھازىرقى شىئەن) شەھىرى.

⑬ سۇي (隋) خانلىقى — مىلادى 581 يىلى ياڭجيەن شىمالىي جوۋ خانلىقىنىڭ ئورنىغا سۇي خانلىقىنى قۇردى. ئۈچ نەپەر خاقان 38 يىل سەلتەنەت سۈرۈپ، مىلادى 618 - يىلى مۇنقەرز بولىدى. پايتەختى چاڭئەن (شىئەن) ئىدى.

㊹ بەش دەۋر (خاندانلىق) — كېيىنكى لياڭ (后梁)، كېيىنكى تاڭ (后唐) كېيىنكى جىن (后晋)، كېيىنكى خەن (后汉)، كېيىنكى جوۋ (后周) خانلىقىنى تارىختا «بەش خاندانلىق» ياكى بەش دەۋر دەپ ئاتىغان.

㊺ لياۋ (辽) قىتان (契丹 لار) خانلىقى — مىلادى 907 - يىلى قىتانلار باشلىقى يەل ئاباۋگى (耶律阿保机) تەرىپىدىن قۇرۇلغان خانلىق. توققۇز نەپەر خان 218 يىل سەلتەنەت سۈرۈپ، مىلادى 1125 - يىلى جىن (金 جۇرجىتلەر) خانلىقى تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىنىدى. مەركىزى لىنخۇاڭ (临潢 هازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايون بالىنيوۋ ئايمىقى) شەھرىدە.

㊻ سۇڭ (宋) خانلىقى — ① مىلادى 960 - يىلى جاۋكۇاڭيىن تەرىپىدىن قۇرۇلغان خانلىق؛ تارىختا بۇ خانلىق شىمالىي سۇڭ (北宋) خانلىقى دېيىلىدۇ. توققۇز نەپەر خان 167 يىل سەلتەنەت سۈرۈپ، مىلادى 1127 - يىلى جىن (جۇرجىتلەر) تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىنىدى، پايتەختى كەيفېڭ شەھرى. ② 1127 - يىلى شىمالىي سۇڭ خانلىقى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن جاۋگوۋ نەنجىڭ (خېنەن شاڭچيۇ شەھرى) دە خانلىق تەختىگە ئولتۇردى. 1138 - يىلى پايتەختى لىنئەن (خاڭجوۋ) شەھرىگە كۆچۈردى. تارىختا بۇ خانلىق «جەنۇبىي سۇڭ خانلىقى» دېيىلىدۇ. توققۇز نەپەر خان 152 يىل سەلتەنەت سۈرۈپ، موڭغۇل ئىستىلاسى تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىنىدى. شىمال - جەنۇپ سۇڭ خانلىقلىرىدا 18 نەپەر خان 320 يىل هۆكۈمرانلىق قىلغانىدى.

㊼ جىن (金 جۇرجىتلەر) خاندانلىقى — مىلادى 1115 - يىلى جۇرجىتلەر (女真) نىڭ باشلىقى ئاگودا (阿骨打) تەرىپىدىن قۇرۇلغان خاقانلىق. 10 نەپەر خاقانى 129 - يىل سەلتەنەت سۈرۈپ، مىلادى 1234 - يىل موڭغۇل ۋە سۇڭ خانلىقى بىرلەشمە قوشۇنى تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىنىدى. پايتەختى خۇيىنىڭ (会宁). مىلادى 1152 - يىلى پايتەختىنى جۇڭدۇ (بېيجىڭ) شەھرىگە كۆچۈردى. مىلادى 1214 - يىلى پايتەختىنى بىيەنجىڭ (汴京) گە كۆچۈردى.

㊽ يۈەن (元 موڭغۇل) خاندانلىقى — مىلادى 1206 - يىلى تېمۈچىن (چىڭگىزخان) تەرىپىدىن قۇرۇلغان موڭغۇل خاقانلىقى. 1235 - يىلى قارا قۇرۇم (哈拉和林) نى پايتەخت قىلىدى. 1260 - يىلى قۇبىلايخان پايتەختىنى كەيپىڭگە يۆتكىدى. 1271 - يىلى خاقانلىق نامىنى يۈەن (元) گە ئۆزگەرتتى. كېيىن پايتەختىنى خانبالىق (هازىرقى بېيجىڭ) گە كۆچۈردى. 18 خاقان 163 يىل سەلتەنەت سۈرۈپ، مىلادى 1368 - يىلى جۇيۈەنجاڭ تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىنىدى.

㊾ مىڭ (明) خانلىقى — مىلادى 1368 - يىلى موڭغۇل خانلىقىنى مۇنقەرز قىلغان مىڭ خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى جۇيۈەنجاڭ (朱元璋). 16 نەپەر خاقان 277 يىل سەلتەنەت سۈرۈپ، مىلادى 1644 - يىلى چىڭ مەنچىڭ خانلىقى تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىنىدى. پايتەختى جىيەنكاڭ (نەنجىڭ) شەھرى بولۇپ 1409 - يىلى بېيجىڭگە كۆچۈرۈلدى.

㊿ چىڭ (مەنچىڭ) خانلىقى — مىلادى 1616 يىلى مانجۇلارنىڭ باشلىقى نۇرخاچى مىڭ خانلىقىنى ئاغدۇرۇپ، جىن (金) خانلىقىنى قۇردى. 1636 - يىلى خاقانلىقنىڭ نامى چىڭ (清) خانلىقىغا ئۆزگەرتىلدى. 1644 - يىلى سەددىچىن ئىچىگە كىرىپ، بېيجىڭ پايتەخت قىلىنىپ، پۈتۈن مەملىكەت بىرلىككە كەلتۈرۈلدى. 12 نەپەر خاقان 276 يىل سەلتەنەت سۈرۈپ، 1911 - يىلى مۇنقەرز قىلىندى.

(51) شياخانى جيې (桀) — رىۋايەتلەر بويىچە تەخمىنەن م. ب. 1818 — 1766 . يىللاردا ئۆتكەن شيا خانلىقىنىڭ ياۋۇز، زوراۋان، ئاخىرقى خانى.

(52) چۇنچيۇ (春秋 باھار - كۈز) — 1) دەۋر ئىسمى بولۇپ، شەرقىي جۇ خانلىقىنىڭ ئالدىنقى دەۋرى (م. ب. 770 - يىلدىن 476 - يىلغىچە بولغان مەزگىل). 2) كىتاب ئىسمى. رىۋايەتلەرگە كۆرە، كۇڭزى لۇ (魯) بەگلىكىنىڭ يىلنامىلىق تارىخى «چۇنچيۇ» غا ئاساسەن يېزىپ چىققان كىتاب.

(53) لۇجيا (陆贾) — چۇ بەگلىكىدىن. خەن خاندانلىقىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە ياشىغان پوبلىسىت شائىر. خەن خاندانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى خاقان ليۇباڭغا: «هاكىمىيەتنى قورال كۈچى بىلەن تارتىۋېلىش كېرەك، ئەمما ئۇنىڭغا تايىنىپ هاكىمىيەتنى داۋاملاشتۇرماسلىق كېرەك» دەپ تەكلىپ بەرگەنىدى.

(54) بەن بياۋ (班彪 مىلادى 3 — 54) شەرقىي خەن خاندانلىقى دەۋرىدىكى ۋەقەنۇۋىس تارىخشۇناس. فۇفېڭ ئەنلىڭ (هازىرقى شەنشى ئۆلكىسى شيەنياڭنىڭ شەرقىي شىمالى) دىن، بەن بياۋ هاياتىدا مەخسۇس تارىخچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. «تارىخىي خاتىرىلەر» دىكى تارىخىي ۋەقەلەر خەن خاقانى ۋۇدى تەيچۇ سەلتەنەت دەۋرى (م. ب. 104 — 101. يىللار) غىچە يېزىلغانىدى. بەن بياۋ ماتېرىيال توپلاپ، 60 تىن ئارتۇق كېيىنكى تەزكىرىلەرنى يازدى. ئوغلى بەنگۇ «خەننامە» نى يازدى. قىزى بەنجاۋ ئاكىسى بەنگۇ يازالماي قالغان قىسمىنى قوشۇمچە قىلىپ تولۇقلىدى.

(55) دۇيۇ (杜预 ملادى 222 - 284) - غەربىي جىن خانلىقىنىڭ سەركەردىلىرىدىن ھەم ئالىم. جىڭجاۋ دۆلىتى (ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى شىئەنىنىڭ شەرقىي جەنۇبى) دىن. تەدبىرلىك بىر شەخس بولغىنى ئۈچۈن «ھەربىي ئىشلار ئامبىرى دۇيۇ» دېگەن لەقىمى بار. بىر قانچە ئەسەرگە شەرھى يازغانىدى، جۈملىدىن «زو جاناب تەزكىرىسى» گە يازغان شەرھى ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلدى.

(56) ۋېيجاۋ (韦昭) - ئۈچ خانلىق دەۋرىدىكى ۋۇ (吴) خانلىقىنىڭ يۇنياڭ دېگەن يېرىدىن. ياش ۋاقتىدىلا ياخشى ئوقۇيتتى، يادلاش قۇۋۋىتى كۈچلۈكىدى.

(57) يەنشىگۇ (颜师古 581 - 645) - تاڭ دەۋرىنىڭ شەرھىچىلىرىدىن بولۇپ «خەننامە» نى شەرھلىگەن. كىتابلارنىڭ يېزىقلىرىنى تۈزەتكەن.

(58) پېيسۇڭجى (裴松之 372 - 451) - جەنۇبىي خانىدانلىقلاردىن سۇڭ خانلىقى دەۋرىنىڭ تارىخچىلىرىدىن. ۋېنشىلىك (ھازىر سەنشى ئۆلكىسىدە). ملادى 429 - يىلى سۇڭ خانى ۋېندى (文帝) نىڭ بۇيرۇقى بىلەن «ئۈچ خانلىق قىسسىسى» نى شەرھلىگەنىدى.

(59) سىماجېن (司马贞) - تاڭ دەۋرىنىڭ تارىخچىلىرىدىن. خېنېيلىق. «تارىخى خاتىرىلەر» گە زەيل يازغان. شۇڭا كىچىك سىماچيەن دېيىلىدۇ.

(60) خۇسەنشىڭ (胡三省 1230 - 1302) - سۇڭ خانلىقى، يۈەن خاقانلىقى دەۋرلىرىدە ياشىغان تارىخشۇناس. جېجياڭ ئۆلكىسىدىكى تيەنتەي (天台) دىن. ھاكىم ۋە مۇددەرىسلىك قىلغان. 1285 - يىلى «زىجىز تۇڭجيەن» نامىلىق ئەسەرنىڭ خەتلىرىنى تۈزىتىپ، ئىزاھ - شەرھلىرىنى يېزىپ تاماملىغانىدى.

(61) ليۇجاۋ (刘昭) - لياڭ خانلىقىدىن، گاۋتاڭلىق، ياش ۋاقتىدا تىرىشىپ ئوقىدى، يادلاش قۇۋۋىتى ياخشىدى. «كېيىنكى خەننامە» گە زەيل يازدى.

(62) ياۋجېنزۇڭ (姚振宗) - «ئۈچ خانلىق ئەدەبىيات - سەنئەت تەزكىرىسى» گە قوشۇمچە قىلىپ تولۇقلىغان ئادەم.

(63) ھونلار (匈奴) - قەدىمكى زامانلاردا ئېلىمىزنىڭ شىمالىدا ياشىغان قەۋملەردىن بىرى. تارىختا ئىلگىرى ئاخىر گۈيفاڭ (鬼方)، ھون يانلار (混夷)، شيەنيۈنلەر (猃狁)، تاغ رۇڭلىرى (山戎)... دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. چىن (秦) خانلىقى دەۋرىگە كەلگەندە ھۇن (匈奴) دەپ ئاتالدى. ئۇلار چوڭ قۇملۇقنىڭ شىمال ۋە جەنۇبلىرىغا تارقىلىپ ماكانلاشقانىدى. چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدىغان، ماھىر ئاتقا مىنگۈچى ۋە ئۇستا مەرگەنلەر ئىدى.

(64) ياۋچىلار (月氏) - قەدىمكى قەۋملەردىن بىرى. م. ب. 2 - 3 - ئەسىرلەردە چىليەن (تەڭرى) تاغلىرى بىلەن دۈڭخۇاڭ ئارىلىقىدا ياشىغان خەلق. م. ب. 177 - 176 - يىللىرى ھونلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان ياۋچىلارنىڭ كۆپ قىسمى ئىلى دەريا ۋادىسىغا كۆچتى. ئۇلار «چوڭ ياۋچىلار» دەپ ئاتىلىدۇ. چىليەن تېغىغا كىرىۋېلىپ، چياڭلارغا ئارىلىشىپ كەتكەن ئاز بىر قىسىم ياۋچىلار «كىچىك ياۋچىلار» دەپ ئاتىلىدۇ.

(65) ئۇيسۇنلار (乌孙) - قەدىمكى قەۋم. دەسلەپ چىليەن (تەڭرى) تېغى بىلەن دۈڭخۇاڭ ئارىلىقىغا جايلاشقان. م. ب. 161 - يىلى ئەتراپىدا ھونلاردىن يېڭىلگەن ئۇيسۇنلار ئىلى، تېكەس، ئىسسىقكۆل ئەتراپلىرىغا كۆچكەن.

(66) چاۋشيەن - ھازىرقى چاۋشيەن.

(67) پەرغانە (大宛) - غەربىي رايوننىڭ قەدىمكى خانلىقلىرىدىن بىرى. ھازىرقى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پەرغانە ئويمانلىقىغا جايلاشقان. مەركىزى كاسان شەھىرى بولۇپ، چوڭ - كىچىك 70 دىن ئارتۇق شەھىرى بار. خەلقى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق قىلاتتى. (شۇ زاماندا ئۈزۈمى ) ئاتلىرى مەشھۇر ئىدى.

(68) كانگا (قانقا، سۇغدىيانا 康居) - غەربىي رايوننىڭ قەدىمكى خانلىقلىرىدىن بىرى. شەرقىي ئۇيسۇنغا، غەربىي ئائورسىغا، جەنۇبىي چوڭ ياۋچىلارغا، شەرقىي جەنۇبىي پەرغانىگە چېگرىداش. تەخمىنەن بالقاش كۆلى بىلەن كاسپىي دېڭىزى ئارىلىقىغا توغرا كېلەتتى.

(69) باكترىيە (大夏) - ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەدىمكى خانلىقلىرىدىن بىرى. ھىندىقۇش تاغلىرى بىلەن ئامۇ دەريانىڭ يۇقىرى ئېقىمى ئارىلىقىدا بولۇپ، ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ شىمال قىسمىغا توغرا كېلىدۇ. پايتەختى بەلخ شەھىرىدى.

(70) ئائورسى (ئالان 奄蔡) - ئارال دېڭىزى بىلەن كاسپىي دېڭىزى ئارىلىقىغا جايلاشقان چارۋىچى خەلق. بۇلى سوغدلارنىڭ قەدىمكى ئىسمى دېگۈچىلەرمۇ بار. شەرقىي خەن دەۋرىدە (ملادى 25 - 220 - يىللار) كانگاغا قارايتتى. بىر قىسمى ۋولگا دەرياسى بىلەن دون دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا كۆچتى. ملادى 4 - ئەسىرلەردە ھونلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان ئالانلار (ئائورسىلار) غەربكە قاراپ كۆچتى.

(71) ئارشاك (پارتىيا 安息) - غەربىي ئاسىيانىڭ قەدىمكى خانلىقى. ئەسلىدە ئىراننىڭ بىر مەۋرى ئۆلكىسىدە كېيىن ئىسكەندەر ئىمپېرىيىسىگە قارام بولدى. م. ب. ئىككىنچى ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا پۈتۈن ئىران ئېگىزلىكى ماۋۇرا ئۇننەھر ۋادىسى ئارشاكقا تەۋە بولدى.

(72) كېش (史国) خانلىقى - قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيا خانلىقلىرىدىن بىرى. ئورنى سەمەرقەندنىڭ جەنۇبىدا.

(73) جىڭدى (汉景帝 م.ب. 188 - 141) - غەربىي خەن خاقانلىقىنىڭ خاقانى. م. ب. 157 - 141 - يىلغىچە سەلتەنەت سۈرگەن.

(74) جۇڭيۈەن (中元) - غەربىي خەن خاقانى جىڭدىنىڭ سەلتەنەت دەۋرلىرىدىن بىرى. م. ب. 149 - يىلدىن 145 - يىلغىچە بولغان دەۋر.

(75) تاڭ (唐) - قەدىمكى زامان رىۋايەت - ئەپسانىلار دەۋرىگە ئائىت خاندانلىق بولۇپ، ياۋ (尧) تەرىپىدىن قۇرۇلغان. باشلانغۇچ جەمئىيەتنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىگە توغرا كېلىدۇ.

(76) يۈ (虞) - قەدىمكى زامان رىۋايەت - ئەپسانىلار دەۋرىگە ئائىت خاندانلىق بولۇپ، شۈن (舜) تەرىپىدىن قۇرۇلغان. تەخمىنەن باشلانغۇچ جەمئىيەتنىڭ ئاخىرلىرىغا توغرا كېلىدۇ.

(77) چىنشىخۇاڭ (秦始皇 م. ب. 259 - 210) - يېغىلىقلار دەۋرىدىكى چىن خانلىقىنىڭ خانى (بېگى) م. ب. 221 - يىلى بۆلۈنمە ھالەتتە ياشاۋاتقان ئالتە بەگلىكنى مۇنقەرز قىلىپ، ئېلىمىز تارىخىدا تۇنجى قېتىم بىرلەشكەن، ھوقۇق مەركەزلەشتۈرۈلگەن فېئودال دۆلەتنى قۇرۇپ، ئۆزىنى شىخۇاڭ دەپ ئاتىغان.

(78) جاڭچيەن (张骞 م. ب. ? - 114) - خەنجۇڭلۇق. م. ب. 139 - يىلى خەن خاقانى ۋۇدىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن چوڭ ياۋچىلارغا ئەلچىلىككە چىقىپ، پەرغانە، كاڭگا، چوڭ ياۋچى، باكتېرىيە ... قاتارلىق خانلىقلارغا بارغان. م. ب. 119 - يىلى ئىككىنچى قېتىم يەنە غەربىي رايونغا ئەلچى بولۇپ بارغان.

(79) غەربىي رايون (قۇرىقار 西域) - قەدىمكى زاماندا قاشقوۋۇق (يۈمېنگۈەن) غەربىدىكى شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا قاتارلىق رايونلار غەربىي رايون دەپ ئاتىلاتتى.

(80) ۋېيچىڭ (卫青 م. ب. ? — 106) — خېدۇڭ پىڭياڭلىق (ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسى لىنفېن شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا) غەربىي خەن خاندانلىقىنىڭ ئاتاقلىق سەركەردىلىرىدىن. ئىلگىرى - ئاخىر يەتتە قېتىم ھونلارغا قارشى يۈرۈش قىلغان بولۇپ، ئەمەل - ئۇنۋانى چوڭ سەنگۈن بولغان.

(81) خوچۈبىڭ (霍去病 م. ب. 140 - 117) — خېدۇڭ پىڭياڭلىق (ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسى لىنفېن شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا). غەربىي خەن خاندانلىقىنىڭ ئاتاقلىق سەركەردىلىرىدىن، ھونلارغا قارشى ئىلگىرى - ئاخىر ئالتە قېتىم يۈرۈش قىلغان. ئەمەل - ئۇنۋانى قىران چەۋەنداز سەنگۈنىدى.

(82) با (巴) - جوۋ خاندانلىقى دەۋرىدىكى بەگلىكلەردىن بىرى. ئورنى بۈگۈنكى سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي قىسمى.

(83) شۇ (蜀) - ئۈچ خانلىق دەۋرىدىكى شۇ (蜀) خانلىقى. ئورنى ھازىرقى سىچۈەن ئۆلكىسى ۋە ئەتراپلىرى.

(84) تەيچۇ تەقۋىمى (太初历) - خەن خاقانى ۋۇدى دەۋرى م. ب. 104 - يىلى (تەيچۇ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ ئىككىنچى يىلى) دىن - شەرقىي خەن خاقانى جاڭدى دەۋرى م. ب. 85 - يىلى (جاڭدى يۈەنخې سەلتەنەت دەۋرىنىڭ ئىككىنچى يىلى) غىچە 188 يىل يۈرگۈزۈلگەن تەقۋىم. بۇ تەقۋىم بويىچە: بىر تروپىك يىلى $365\frac{385}{1539}$ كۈنگە، بىر سىنودىك ئاي $29\frac{43}{81}$ كۈنگە تەڭ. تەقۋىمنى لوشياخوڭ (落下闳)، دېڭپىڭ (邓平) قاتارلىق كىشىلەر ئىشلىگەن. تەيچۇ تەقۋىمى ئېلىمىزدە تۈزۈلگەن مۇكەممەلرەك تۇنجى تەقۋىم بولۇپ، 24 مەۋسۇم دەسلەپ قېتىم بۇ تەقۋىمگە تەتبىق قىلىنغانىدى.

(85) يېغىلىقلار (战国) دەۋرى - ئېلىمىزدە م. ب. 475 - يىلدىن م. ب. 221 - يىلغىچە بولغان ئىككى يېرىم ئەسىرلىك بىر تارىخىي دەۋرنىڭ ئېتى. ئادەتتە جوۋ خانلىقىنىڭ خانى يۈەنۋاڭ (元王) نىڭ تەختكە چىققىنىدىن چىن خاقانلىقىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى بىرلەشتۈرگەن ۋاقتىغىچە بولغان دەۋر نەزەردە تۇتۇلىدۇ. بۇ دەۋردە بەگلىكلەر ئارا داۋاملىق ئۇرۇش بولۇپ تۇرغاچقا، يېغىلىقلار دەۋرى دەپ ئاتالغان.

(86) تيەنخەن (天汉) سەلتەنەت دەۋرى — خەن خاندانلىقىنىڭ خاقانى ۋۇدىنىڭ سەلتەنەت دەۋرلىرىدىن بىرى (م. ب. 100 - 97 - يىللار).

(87) تەيچۇ (太初) سەلتەنەت دەۋرى — خەن خاندانلىقىنىڭ خاقانى ۋۇدىنىڭ سەلتەنەت دەۋرلىرىدىن بىرى (م. ب. 104 — 101 ـ يىللار).

(88) تەيشى (太始) سەلتەنەت دەۋرى — خەن خاندانلىقىنىڭ خاقانى ۋۇدىنىڭ سەلتەنەت دەۋرلىرىدىن بىرى (م. ب. 96 — 93 ـ يىللار).

(89) يۈەندى (元帝 م. ب. 76 — 33) — غەربىي خەن خاندانلىقىنىڭ توققۇزىنچى خاقانى. بۇ چاغدا خەن خاندانلىقى زەئىپلىشىشكە باشلىغانىدى.

(90) چېڭدى (成帝) مىلادى 7 ـ يىلى تەختكە چىقىپ، 32 ـ يىلى تەختتىن چۈشكەن، غەربىي خەن خاندانلىقىنىڭ 10 ـ خاقانىدى.

(91) چۇشياۋسۇن (褚小孙) — يىڭچۇەن (ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسى يۈشيەن ناھىيىسى) دىن. غەربىي خەن خاندانلىقى دەۋرىدە ياشىغان تارىخشۇناس. «تارىخىي خاتىرىلەر» گە زەيل يازغانىدى.

(92) جەنۇبىي يۆ (南粤، 南越) — قەدىمكى مىللەت ۋە خانلىق، قەدىمكى دەۋر خەنۇب مىللەتلىرىنىڭ بىر تارمىقى. م. ب. 111 ـ يىلى خەن خاقانى ۋۇدى جەنۇبىي يۆ خانلىقىنى مۇنقەرز قىلىپ، توققۇز ۋىلايەت تەسىس قىلغانىدى.

(93) چېن شېڭ (陈胜 م. ب. ؟ — 208) — چىن خاقانلىقىنىڭ ئاخىرىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ داھىلىرىدىن بىرى. ياڭچېڭلىك (ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسى دېڭفېڭنىڭ شەرقىي جەنۇبى) دىن. قوزغىلاڭ مەغلۇب بولغاندىن كېيىن ئاسىي جۇاڭ جيا تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

(94) ليۇباڭ (刘邦 م. ب. 256 — 195) — خەن خاندانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى. ھازىرقى جياڭسۇ ئۆلكىسىدىكى پېي (沛) ناھىيىسىدىن. ئەسلىدە سىشۇي مەنزىلىنىڭ بېگى ئىدى. كېيىن چېن شېڭ قوزغىلىڭىغا قاتنىشىپ، شياڭ يۇ ۋە باشقا قوزغىلاڭچى قوشۇنلار بىلەن بىرلىكتە چىن خاندانلىقىنى ئاغدۇردى. م. ب. 202 ـ يىلى شياڭ يۇنى مەغلۇب قىلغان ليۇباڭ غەربىي خەن خاندانلىقىنى قۇردى.

(95) شياڭ يۇ (项羽 م. ب. 232 — 207) — چىن خاقانلىقىنىڭ ئاخىرىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ باشلىقلىرىدىن بىرى. شياشياڭلىق (ھازىرقى جياڭسۇ ئۆلكىسى سۇچيەن ناھىيىسى) دىن. م. ب. 209 ـ يىلى تاغىسى شياڭ لياڭغا ئەگىشىپ قوزغىلاڭ قىلغان. چىن خاقانلىقى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۆزىنى غەربىي چۇ (西楚) خانلىقىنىڭ خانى دەپ ئېلان قىلدى. خەن خاقانى ليۇباڭ بىلەن بولغان ئۇرۇشتا يېڭىلگەن شياڭ يۇ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانىدى.

(96) لۈي خانىش (吕后 م. ب. ؟ — 180) خەن خاقانى ليۇباڭنىڭ خانىشى. ليۇباڭ ئۆلگەندىن كېيىن ھاكىمىيەتنى ئىگىلىگەن لۈي خانىش، سادىق ۋەزىر، ئەمەلدار ۋە سەركەردىلەرنى چەتكە قېقىپ، لۈي جەمەتىدىكىلەرنى بەگ ـ خانلىققا تەيىنلىدى. 16 يىل سەلتەنەت سۈردى.

(97) ۋېندى (文帝 م. ب. 202 — 157) — غەربىي خەن خاندانلىقىنىڭ خاقانى. م. ب. 180 ـ يىلدىن 157 ـ يىلغىچە 23 يىل سەلتەنەت سۈرگەن. لۈي خانىش ئۆلگەندىن كېيىن جوۋبو (周勃) قاتارلىقلار لۈي جەمەتلىرىنىڭ ئىسيانلىرىنى باستۇرۇپ، ۋېندىنى تەختكە چىقارغانىدى. «خەلققە ئارام بېرىش سىياسىتى» نى قوللىنىپ، باجلارنى يېنىكلەتتى، مەھبۇسلارنى كېچۈرۈم قىلدى، دېھقانچىلىق ئەسلىگە كېلىپ راۋاجلاندى. بەگ ـ تۆرىلەرنىڭ تەسىرىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈشنى كۈچەيتتى. تارىخشۇناسلار بۇ خاقانغا ياخشى باھا بېرىشىدۇ.

# ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە شىنجاڭدىكى ئاياللار ھەرىكىتى

جاڭ باۋيۈ

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە، پارتىيىمىز چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى شېڭ شىسەي بىلەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپ مۇناسىۋىتى ئورناتتى. 1938 - يىلىنىڭ بېشىدا، شېڭ شىسەينىڭ ئىلتىماسى بويىچە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يەنئەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ھەربىي - سىياسىي داشۆدىن ۋە شىمالىي شەنشى گۇڭشۆ كادىرلار مەكتىپىدىن زور بىر تۈركۈم پارتىيىلىك كادىرلارنى تاللاپ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ خىزمىتىگە ياردەملىشىشكە ئەۋەتتى. پارتىيىمىز شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋە ھەر مىللەت ئاياللىرىنىڭ ئازادلىقىغا ئىنتايىن ئېتىبار بىلەن قارىدى. شىنجاڭغا كەلگەن پارتىيە ئەزالىرى ئىچىدە جۇ دەنخۇا، ۋاڭ يۈنشۆ، يەن يىجېن، لىيۇ مىيەن، شېن لىڭ، شۈڭ مېيىڭ قاتارلىق ئايال كوممۇنىستلارمۇ بار ئىدى، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى مەكتەپلەرگە تەقسىم قىلىنىپ، مائارىپ خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ناھايىتى زور زېھنىنى ھەم كۈچىنى سەرپ قىلىپ شىنجاڭنىڭ ئاياللار ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللاندى ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلدى. شىنجاڭنىڭ ئاياللار ھەرىكىتى پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىگە ئىگە بولغاندىن تارتىپ توغرا سىياسىي نىشانغا ئىگە بولدى. ھەر مىللەت ئاياللىرى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا ياردەم بېرىش، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈشكە ياردەم بېرىش ئۈچۈن ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلدى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلبىسىگە ئېرىشىشى ئۈچۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاياللىرى ئاكتىپ تۆھپە قوشتى.

## 1. ئاياللار تەشكىلاتلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ئاياللار ھەرىكىتىنىڭ دەسلىپى

جۇڭگو ئاياللىرى يېرىم مۇستەملىكە — يېرىم فېئوداللىق كونا جۇڭگودا، سىياسىي

ھاكىمىيەت، ئۇرۇقداشلىق ھاكىمىيىتى، ئىلاھىي ھاكىمىيەت ۋە ئەرلەر ھاكىمىيىتىدىن ئىبارەت تۆت كىشەننىڭ ئاسارىتىدە ھايۋانلاردىنمۇ بەتەر مۇشەققەتلىك تۇرمۇش كەچۈرگەنىدى. شىنجاڭ ھەر مىللەت ئاياللىرىنىڭ تۇرمۇشىمۇ خۇددى شۇنداق ئىدى، ھەتتا ئېزىلىشكە، قۇللۇققا، بەختسىزلىككە ۋە ئازاب - ئوقۇبەتكە ئۇچراش جەھەتتە بەزى تەرەپلەردىن ئېشىپ چۈشەتتى.

ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېنلارنىڭ زۇلمەتلىك ھۆكۈمرانلىقىدا، ھەر مىللەت ئاياللىرى بارلىق سىياسىي ھوقۇقلىرىدىن مەھرۇم قىلىندى؛ ئاياللارغا «ئادەم» قاتارىدىن ئورۇن بېرىلمىدى. فېئودال ھۆكۈمران سىنىپلار ئاياللارنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا، سىياسىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشىغا يول قويمىدى، جەمئىيەتتە بولسا ئاياللارنى كەمسىتىدىغان ئەھۋاللار ئەۋجىگە يەتتى. شۇ ۋەجىدىن، تەربىيە كۆرۈپ بىلىم ئالالىغان، ئائىلىدىن چىقىپ ئىجتىمائىي خىزمەتلەرگە قاتنىشالىغان ئاياللار يوق دېيەرلىك دەرىجىدىلا ئىدى. بەزى ئاياللار ساۋاتسىزلىقنىڭ، نادانلىقنىڭ كۈلپىتى ئىچىدە قالغاچقا، ئۆزىنىڭ «سانجىلىق»، «مۇشۇ يەرلىك» ئىكەنلىكىنى ئاران بىلسىمۇ، «جۇڭگولۇق» ئىكەنلىكىنى بىلمەي ئۆتۈپ كەتكەن.①

1933 - يىلى 12 - ئاپرېل، شىنجاڭدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى جىن شۇرېننى ئاغدۇرۇپ تاشلاش مەقسەت قىلىنغان چېن جۇڭ قاتارلىقلار رەھبەرلىك قىلغان سىياسىي ئۆزگىرىش يۈز بەردى؛ شېڭ شىسەي بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ تەختكە چىقىپ، چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى بولۇۋېلىپ شىنجاڭنىڭ چوڭ - چوڭ ھوقۇقلىرىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالدى شېڭ شىسەي تەختكە چىققاندىن كېيىن، ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئۆزىنىڭ كۈچىنى ئۇلغايتىش ۋە ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، گومىنداڭغا قارىتا مۇستەقىللىق جىددىلى قىلدى؛ سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىنلىشىپ، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، ئىچكى جەھەتتە بولسا، شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئەتىگە ۋە ئارزۇسىغا مۇۋاپىق بەزى سىياسەتلەرنى قوللاندى.

1934 - يىلىنىڭ بېشىدا، گەنسۇدىكى مىلىتارىست ماجۇڭيىڭ قوشۇن باشلاپ كېلىپ، ئۆلكە مەركىزى ئۈرۈمچىگە قورشاپ ھۇجۇم قىلدى. ئۆلكە مەركىزىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن، ئۈرۈمچى قىزلار باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ مۇدىرى چېيۇ يۈفاڭ (شېڭ شىسەينىڭ ئايالى) بىلەن بىر قانچە ئايال ئوقۇتقۇچىلار ئاياللارنىڭ ھال سوراش ئۆمىكىنى تەشكىللەپ، نەپىقە يىغىش پائالىيىتىنى ئېلىپ بېرىپ، ماجۇڭيىڭ قوشۇنىغا زەربە بەرگەن ۋە بۇ جەرياندا يارىلانغان قوماندان - جەڭچىلەردىن ھال سورىدى. ئۇلار پۈتۈن شەھەردىكى ئاياللارغا «پۇلى بارلار پۇل چىقىرىش، كۈچى بارلار كۈچ چىقىرىش» چاقىرىقىنى چىقاردى. شۇلارنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا ئۆلكە پۇلىدىن نەچچە تۈمەن سەر (شۇ چاغدا شىنجاڭنىڭ پۇلى سەرنى بىرلىك قىلغان) توپلانغان بولۇپ، بۇ پۇلغا شېكەر، تاماكا، لۆڭگە، سوپۇن قاتارلىق بۇيۇملار ئېلىنىپ،

ئالدىنقى سەپكە ھەم دوختۇرخانىدىكى يارىدارلارغا يەتكۈزۈپ بېرىلگەن؛ ھەر مىللەت ئاياللىرىنىڭ ئۆلكە مەركىزىنى قوغدىغان قوماندان - جەڭچىلەردىن ۋە يارىدارلانغانلاردىن ھال سورىغانلىقى ئىزھار قىلىنغان.

1934 - يىلى 8 - مارت، ھال سوراش ئۆمىكىنى تەشكىللەشنى تەشەببۇس قىلغان ئاياللار، ئاياللار خىزمىتىنى داۋاملىق ئىشلەش ئۈچۈن، ئاياللارنىڭ تەشكىلاتى — ئاياللار جەمئىيىتىنى ئۇيۇشتۇردى. چېن يۇفاڭ بۇ جەمئىيەتنىڭ مەسئۇلى بولدى. ئاياللار جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرى دەسلەپتە ئاران 20 نەچچىلا بولسىمۇ، 1937 - يىلىغا كەلگەندە، 150 كىشىگە يەتتى. ئاياللار جەمئىيىتىنىڭ دەسلەپتىكى مەركىزىي ۋەزىپىسى ئاياللار ئارىسىدا ساۋات ئېچىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش ۋە ھۆكۈمەتنىڭ سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىشتىن ئىبارەت بولدى. شۇنىڭ بىلەن، بۇ ئاياللار ھەرىكىتىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئاساس بولۇپ قالدى.

ئاياللار جەمئىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى بىر مەزگىل ئىچىدە، جەمئىيەتتە فېئودallıق كۈچلەرنىڭ توسقۇنلۇقى بولغانلىقى سەۋەبلىك، ئاياللار ھەرىكىتى ھېچقانچە قانات يايالماي قالدى. 1935 - يىلى ئاپرېل، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت چاقىرغان پۈتۈن ئۆلكە بويىچە بىرىنچى قېتىملىق قۇرۇلتايغا قاتناشقان ۋەكىللەر ئىچىدە ئايال ۋەكىللەرمۇ يوق بولدى. 1936 - يىلى ئاپرېل ئېيى ئىچىدە چاقىرىلغان ئىككىنچى قېتىملىق قۇرۇلتايدا، ئايال ۋەكىللەر سايلىنىپ قۇرۇلتايغا قاتناشتۇرۇلغان بولسىمۇ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى خوجانىيازنىڭ قارشى تۇرۇشى بىلەن قۇرۇلتايدىن چىقىرىۋېتىلدى. ئاياللارنىڭ سىياسىي ئورنى بولماسلىق، سىياسىي ھوقۇقى بولماسلىقتەك ئەھۋالدا يەنىلا ئۆزگىرىش بولمىدى.

1937 - يىلى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلاش ئالدىدا، ئاياللار ھەرىكىتىنىڭ ئېرىشكەن نەتىجىلىرى مۇنداق بولدى: ئاياللار جەمئىيىتى تەشۋىق - تەربىيە ئېلىپ بارغاچقا، بىر قىسىم ھەر مىللەت ئاياللىرى ھۆكۈمەتنىڭ «ئالتە بۈيۈك سىياسىتى» (جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش، مىللەتلەر باراۋەر بولۇش، پارىخورلۇقنى يوقىتىش، تىنچلىق، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش) توغرىسىدا ۋە ئاياللار ئازادلىقى مەسىلىسى توغرىسىدا دەسلەپكى تونۇشقا ئىگە بولدى؛ ئاياللار مائارىپى راۋاج تېپىپ، ئاياللار ئىچىدە ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مائارىپ، سىفەن مائارىپى ۋە كەسپىي مائارىپ تەربىيىسىنى ئالغانلار ئىككى تۈمەندىن ئاشتى②؛ بەزى ئاياللار ئائىلىدىن چىقىپ، ئىجتىمائىي خىزمەتلەرگە قاتناشتى، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا خىزمەتچىلىككە تەيىنلەندى، مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچى بولۇشتەك ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدىغان بولدى؛ بىر مۇنچە ئائىلە ماجىرالىرى كېلىشتۈرۈلۈپ، بەزى ئەر - خوتۇنلار يېنىشتۇرۇلدى؛ ئاياللار جەمئىيىتىدە ھۆكۈمەتنىڭ قوللىشى بىلەن ئىقتىسادىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمى قۇرۇلدى ۋە بىر قىسىم باشپاناھسىز قىزچاقلار، ئېزىلىش ھەم ئاياق - ئاستى قىلىنىشقا

چىدىماي قېچىپ چىققان دېدەكلەر، ئاسراندى كېلىنلەر، پاھىشىخانا ئاياللىرى يىغىۋېلىنىپ، ئۇلارنىڭ يېمەك، كەيمەك، ياتاق، ئىشلەتمەك مەسىلىلىرى ھەل قىلىندى ھەمدە ئۇلارغا تەربىيە بېرىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئۆز كۈنىنى ئۆزى كۆرىشى ئۈچۈن شەرت - شارائىت يارىتىپ بېرىلدى.

## 2. ئاياللار جەمئىيىتىنىڭ ساغلاملىشىشى ۋە راۋاج تېپىشى

چيۇ يۈفاڭ شىنجاڭ ئاياللار جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى ھەمدە ئۈرۈمچى قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇدىرى ئىدى؛ شۇنىڭدەك ئاياللار جەمئىيىتىنىڭ تەشەببۇسچىلىرىمۇ چيۇ يۈفاڭ بىلەن شۇ قىزلار مەكتىپىنىڭ بىرقانچە ئوقۇتقۇچىلىرى ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، ئاياللار جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرى ئاساسەن ئۈرۈمچى قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىگە توپلانغانىدى. قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىمۇ ئاياللار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ئىدى. قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىدە بىر تۈركۈم ئايال كوممۇنىستلار ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى ئۈستىگە ئېلىپ ئىشلىدى، جۇدەنخۇا قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئىلمىي مۇدىرلىقىنى ئىشلىدى؛ جاڭ فېنيىن (1938 - يىلى باھاردا شىنجاڭغا كەلگەن) قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپى قارمىقىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ بۆلۈمىنىڭ مۇدىرلىقىنى ئىشلىدى؛ ليۇ مېيەن، جېڭ يىڭ، فېڭ يۈكىيىڭ، شۈڭ مېيىڭ قاتارلىقلار ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىنى ئىشلىدى. بۇ ئايال كوممۇنىستلار قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىنى تايانچ بازا قىلىپ، ھەر مىللەت خانىم - قىزلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلىدى ھەمدە ئاياللار ھەرىكىتىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇردى؛ ھەر مىللەت ئاياللىرىنى ئازادلىققا ئېرىشىشكە تەشكىللىدى ۋە بۇ ئىشقا رەھبەرلىك قىلدى، ھەر مىللەت ئاياللىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ ۋە تەربىيىلەپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش — ۋەتەننى قۇتقۇزۇش، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ئىشلىرى ئۈچۈن تۆھپە قوشتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۈرۈمچى قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپى شىنجاڭ ئاياللار ھەرىكىتىنىڭ مەركىزى بولۇپ قالدى. شىنجاڭغا خىزمەتكە كەلگەن باشقا ئايال كوممۇنىستلاردىن شېن لىڭ قۇمۇل قىزلار مەكتىپىنىڭ مۇدىرلىقىنى ئىشلىدى، چېن يىنسۇ (لىن جىلۇنىڭ ئايالى) كۇچار ناھىيىلىك باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مۇدىرلىقىنى ئىشلىدى، ۋۇ نەيىيىن قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىلىك باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مۇدىرلىقىنى، قوشۇمچە ئاھالىلار مەكتىپىنىڭ (ئاساسى تەربىيىلەش نىشانى ئائىلە ئاياللىرى) مۇدىرلىقىنى ئىشلىدى؛ ئۇلارمۇ ئۆز جايلىرىدا ئاياللار خىزمەتلىرى بىلەن پائال شۇغۇللاندى. شىنجاڭ ئاياللار ھەرىكىتى ئەنە شۇ ئايال كوممۇنىستلارنىڭ تۈرتكىسى ھەم رەھبەرلىكىدە جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى.

كوممۇنىستلار ئاياللار جەمئىيىتىگە قاتناشقاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن، ئاياللار جەمئىيىتىنىڭ تەشكىلىنى ساغلاملاشتۇرۇش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ، ئاياللار جەمئىيى-

تىنىڭ ھەيئەت ئەزالىرىنى بىرقانچە رەت قايتا تەشكىللەپ چىقتى. ئاياللار جەمئىيىتى 1938 - يىلى قايتا تەشكىللەنگەندە، چيۇ يۇفاڭ يەنىلا جەمئىيەت باشلىقى بولدى، جۇ دەنخۇا دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى قوشۇمچە تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولدى. 1940 - يىلى مايدا، يەنە بىر قېتىم قايتا تەشكىللىگەندە، جاڭ فېنىيىن مۇئاۋىن باشلىق بولدى. 1942 - يىلى مارتتا يەنە بىر قېتىم قايتا سايلام بولغاندا، جاڭ فېنىيىن يەنە مۇئاۋىن باشلىق بولۇپ سايلاندى، جۇ دەنخۇا باش كاتىپلىققا، لىيۇمىيەن تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى. شۇنىڭ بىلەن، پارتىيىنىڭ ئاياللار جەمئىيىتىدىكى كۈچى زور دەرىجىدە زورايدى.

1940 - يىلى ئاۋغۇست، ئاياللار جەمئىيىتى جاڭ فېنىيىن بىلەن جۇ دەنخۇالارنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئاياللار جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسىغا تۈزىتىش كىرگۈزدى. يېڭى نىزامنامىدا: «جەمئىيىتىمىز ھۆكۈمەتنىڭ ئالتە بۈيۈك سىياسىتىگە ئاساسەن، ئاياللارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئاشۇرۇشنى، ئاياللارنى ئىشلەپچىقىرىش ئىشلىرىغا قاتنىشىشقا دەۋەت قىلىشنى، ئېزىلگەن ھەم باشپاناھسىز ئاياللارنى قۇتقۇزۇش ۋە تەربىيىگە ئىگە قىلىشنى ئۆزىنىڭ مۇھىم مەقسىتى قىلىدۇ»③ دەپ بەلگىلەندى. «تەشكىلنى زورايتىپ، ئاياللار ئاممىسىغا بولغان رەھبەرلىك خىزمىتىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئاياللارنى ئويغىتىش ھەم ئازاد بولۇش يولىغا باشلاش ئۈچۈن، بۇ ئۇلۇغۋار دەۋردە شىنجاڭ ئاياللىرىنى تىرىشىپ ئۆگىنىدىغان ھەم تىرىشىپ ئىشلەيدىغان قىلىش ئۈچۈن، تېخىمۇ مۇھىمى ئىككى مىليون نوپۇسقا ئىگە خانىم - قىزلارنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ۋە شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش يولىدىكى ئۇلۇغۋار ئىشلارغا قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلىپ، بۇ جەھەتتىكى كۈچ - قۇۋۋەتنى ئۇلغايتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش»④ مەزكۇر ئاياللار جەمئىيىتىنىڭ ۋەزىپىسى قىلىپ بەلگىلەندى.

ئاياللار جەمئىيىتى تەشۋىقات خىزمىتىنى كەڭ قانات يايدۇرغاچقا ھەمدە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئېلىپ بېرىلىۋاتقاچقا، ھەر مىللەت ئاياللىرىنىڭ ئېڭى روشەن ھالدا يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ئاياللار ئۆز تەشكىلاتىغا پائال تۈردە قاتنىشىشقا باشلىدى، 1940 - يىلىنىڭ بېشىغا كەلگەندە، ئاياللار جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرى ئىككى مىڭ 300 كىشىدىن ئېشىپ كەتتى، باشقا رايون ۋە ناھىيىلەردىمۇ ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ 16 شۆبە جەمئىيەت، تۆت بىۋاستە قاراشلىق گۇرۇپپا قۇرۇلدى. 1942 - يىلى باھار پەسلىگە كەلگەندە، جەمئىيەت ئەزالىرى ئۈچ مىڭ 900 كىشىدىن ئېشىپ كەتتى، شۆبە جەمئىيەت 38 گە، بىۋاستە قاراشلىق گۇرۇپپا 15 كە يەتتى. جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ سانى ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ، ئەمما شۇ چاغدىكى شىنجاڭنىڭ ئوبيېكتىپ ئەمەلىيىتىدىن قارىغاندا، بۇ جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى ھەرھالدا خېلى تېز بولدى. بىر مۇنچە ئاياللار گەرچە ئاياللار جەمئىيىتى تەشكىلىگە قاتناشمىغان بولسىمۇ، ھەر ھالدا ئاياللار جەمئىيىتىنىڭ چاقىرىقلىرىغا پائال ئاۋاز قوشۇپ، ئاياللار جەمئىيىتى

ئۇيۇشتۇرغان پائالىيەتلەرگە پائال قاتناشتى.

شىنجاڭ ئاياللار جەمئىيىتىنىڭ تەشكىلى خېلى مۇكەممەل ئىدى؛ خىزمەت تۈزۈملىرى، پائالىيەت پىلانلىرى ۋە مۇكاپاتلاش — جازالاش نىزاملىرى تۈزۈلگەنىدى. بەلگىلىمىلەردە: باش جەمئىيەت ئۈرۈمچىدە بولىدۇ، ھەر ئىككى ئايدا بىر قېتىم ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ باش قوشۇش يىغىنى چاقىرىلىدۇ، باش جەمئىيەت خىزمەتتىن دوكلات بېرىدۇ ھەم ۋەزىيەت توغرىسىدا دوكلات بېرىدۇ، شۆبە جەمئىيەتلەر ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق گۇرۇپپىلار خىزمەتتىن دوكلات بېرىدۇ. تەجرىبە ئالماشتۇرىدۇ ھەمدە مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، مۇھاكىمە قىلىنىدۇ، ھەل قىلىنىدۇ؛ ھەر ئىككى ئايدا بىر قېتىم ئەزالار كۆڭۈل ئېچىش يىغىنى بولىدۇ، باش جەمئىيەت ھەر خىل دوكلاتلارنى ئۇيۇشتۇرىدۇ، شۆبە جەمئىيەتلەر ئەدەبىيات - سەنئەت نومۇرلىرىنى ئوينايدۇ؛ باشقا رايون، ناھىيىلەردىكى شۆبىلەر باش جەمئىيەتتىن يېتەكچى تەكلىپ قىلىدۇ ياكى يېزىسىغا قايتقۇچىلارغا ھاۋالە قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ خىزمەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىنىدۇ ۋە ياردەم بېرىلىدۇ دېگەن مەزمۇنلار بېكىتىلدى. باش جەمئىيەت بىلەن شۆبە جەمئىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى، شۆبە جەمئىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئەنە شۇنداق شەكىللەر ئارقىلىق كۈچەيتىلدى.

ئاياللار جەمئىيىتى ئاياللار ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ئايال كادىرلارنى پائال يېتىشتۈردى، باشلانغۇچ دەرىجىلىك ئايال كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش كۇرسى تەشكىل قىلدى؛ ئۈرۈمچى، قاراشەھەر ۋە گۇچۇڭلاردا ئايرىم - ئايرىم ھالدا بىر ئۇيغۇرچە سىنىپ، بىر خەنزۇچە سىنىپ ئۇيۇشتۇرۇپ، ھەر مىللەت ئايال كادىرلىرىدىن 100 نەچچىسىنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى. ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى ناھايىتى تۆۋەن، ئۆگىنىش ۋاقتى پەقەت بىرلا ئاي بولغىنى بىلەن، ئۇلار قېتىرقىنىپ ئەستايىدىل تىرىشىپ ئۆگەنگەچكە، ئوقۇتقۇچىلار دەرسلەرنى ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەتكە ۋە شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ سۆزلىگەچكە، ناھايىتى زور ئۈنۈم ھاسىل قىلىپ، ئاياللار ھەرىكىتىنىڭ تايانچىلىرىدىن بولۇپ قالدى.

### 3. مول مەزمۇنغا ئىگە تەشۋىق - تەربىيە خىزمىتى

ئاياللار جەمئىيىتى كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ، مول مەزمۇنغا ئىگە تەشۋىق تەربىيە خىزمىتىنى كەڭ دائىرىدە چوڭقۇر ئېلىپ بېرىپ كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. ئۇنىڭ مەزمۇنى ۋە شەكىللىرى ئاساسەن مۇنداق:

تەشۋىقات ئەترىتى تەشكىللەپ، كوچىمۇ كوچا ۋە ئۆيمۇ ئۆي يۈرۈپ تەشۋىق قىلىش. ئاياللار باش جەمئىيىتىنىڭ قوزغىشى ھەم ياردەم بېرىشى ئارقىسىدا، ھەر قايسى شۆبىلەر تەشۋىقات ئەترەتلىرىنى تەشكىللەپ، «8 - مارت»، «ئاپرېل ئىنقىلابى»،

«1 - ماي»، «1 - ئىيۇل»، «1 - ئاۋغۇست»، «18 - سېنتەبىر» گە ئوخشاش خاتىرە كۈنلىرىدە ۋە ۋاقتىقا قاراپ بەلگىلەنگەن كۈنلەردە كوچىمۇ كوچا، ئۆيمۇ ئۆي يۈرۈپ تەشۋىق ئېلىپ باردى. تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق ئادەتتىكى ئائىلە ئاياللىرىغا جۇڭگو- نىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئەھۋالىنى ۋە بۇ ئۇرۇشنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈش بىلەن جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئازادلىقى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى، خەلقئارا ۋەزىيەتتىكى ئۆزگىرىش بىلەن جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇ- رۇشنىڭ مۇناسىۋىتىنى، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈشنىڭ غەلىبىسى بىلەن ياپون باسقۇنچى- لىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئارقا سېپىنى مۇستەھكەملەشنىڭ مۇناسىۋىتىنى، ئاياللار ئازاد- لىقى بىلەن پۈتۈن مىللەتلەر ئازادلىقىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ھەمدە ئىشلەپچىقىرىشقا قات- نىشىش، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئارقا سېپىنى مۇستەھكەملەش بىلەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سېپىگە ياردەم بېرىپ، بۇ ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ مۇناسىۋىتىنى چۈشەندۈردى.⑤

تەشۋىقات پروگراممىسى تارقىتىپ، ئاياللارنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇش ۋە سىناق ئېلىش. ئاياللار جەمئىيىتى «ھۆكۈمەتنىڭ ھازىرقى ئاساسىي ۋەزىپىسى»، «ئالتە بۈيۈك سىياسەت كۇرسى»، «ئاياللار ۋە ئائىلە»، «ئاياللار مەسىلىسى»، «جەمئىيەت ئەزالىرى دىققىتىگە»، «ياپونىيىنىڭ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىش قىسقىچە تارىخى»، «ئىقتىساد قىلىش توغرىسىدا تەشۋىقات پروگراممىسى»، «ئاياللارنىڭ سىياسىي تەربىيىسى توغرى- سىدا تەشۋىقات پروگراممىسى»، «بالا چۈشۈرۈۋېتىشنى مەنئى قىلىش ھەرىكىتى توغ- رىسىدا تەشۋىقات پروگراممىسى»، «ئاياللارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ھەرىكىتىگە قاتنىشىشى توغرىسىدا تەشۋىقات پروگراممىسى»، «ساۋات ئېچىش ھەرىكىتى توغرىسىدا تەشۋىقات تىزىسى» دېگەنگە ئوخشاش تەشۋىقات پروگراممىلىرىنى ۋە ماتېرىياللارنى ئۆگىنىش ئۈچۈن بېسىپ تارقاتتى.⑥ باش جەمئىيەت ھەرقايسى شۆبە جەمئىيەتلەرنىڭ ئەزالارنى ئۆگىنىشكە تەشكىللىشىنى ھەمدە بۇ ھەقتە سىناق ئېلىشىنى تەلەپ قىلدى؛ باش جەمئى- يەت يەنە ئەزالارنىڭ ئۆگىنىشىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، مۇكاپاتلاش — جا- زالاش چارىسىنىمۇ تۈزۈپ چىقتى.

دوكلاد يىغىنى، لېكسىيە يىغىنى، تىياتىر، ناخشا - ئۇسسۇل ئويۇنى ۋە مۇسابىقىلەرنى ئۇيۇشتۇرۇش. 1938 - يىلى 29 - ئۆكتەبىر چۈشتىن كېيىن، ئاياللار جەمئىيىتى دۇ جۇڭيۈەن، سا كۇڭلياۋ، چېن جىباۋلارنى تەكلىپ قىلىپ لېكسىيە يىغىنى ئۇيۇشتۇردى؛ لېكسىيە يىغىنىغا قاتناشقان ئاياللار 500 دىن ئېشىپ كەتتى، لېكسىيە يىغىنىغا جۇ- دەنخۇا رىياسەتچىلىك قىلدى. دۇ جۇڭيۈەن «ئاياللار ئازادلىقى مەسىلىسى» دېگەن تېمىدا لېكسىيە ئوقۇدى؛ ئۇ: ئاياللار «خۇراپاتلىقنى تۈگىتىشى، ئاداۋەت — بىر ياقلىم- لىقتىن قۇتۇلۇپ، ھەقىقەتنى ئېنىق تونۇشى» كېرەك دەپ تەكىتلىدى. ساكۇڭلياۋ: «ئا- ياللار ئازادلىقىنىڭ ئاساسىي شەرتلىرى» دېگەن تېمىدا لېكسىيە ئوقۇدى. ئۇ: شىنجاڭ

ھەر مىللەت ئاياللىرى «ھازىرقى ئەھۋالنى تونۇپ يېتىش، تارىخىي مۇھىتنى تونۇپ يېتىش، دوستىمىز سوۋېت ئىتتىپاقى ئاياللىرىدىن ئۆگىنىش كېرەك» دېگەن ئۇمىدنى قويدى. چېن جىباۋ ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئاياللار ھەرىكىتىنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى. ئۇ ئۇچى 30 - سېنتەبىر كۈنى باشلىنىدىغان ئۆلكىلىك 3 - قېتىملىق قۇرۇلتايغا قاتنىشىش ئۈچۈن ئىچكى ئۆلكىلەردىن يېڭىلا كەلگەن بولغاچقا، ئوقۇغان لېكسىيىلىرىنىڭ مەزمۇنى يېڭىچە بولۇپ، ئاڭلىغۇچى ئاياللارغا چوڭقۇر ئىلھام بېغىشلىدى. 1939 - يىلى 1 - ماي كۈنى، ماۋدۇن ئاياللار جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن «جۇڭگونىڭ يېڭى ئەدەبىيات ھەرىكىتى» دېگەن تېمىدا لېكسىيە ئوقۇدى. بۇ لېكسىيىنى ئاڭلىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلىرى بولۇپ، بۇ لېكسىيىنى ئىنتايىن چوڭقۇر زوق بىلەن ئاڭلىدى، خېلىلا زور ئۈنۈمگە ئېرىشتى. شىنجاڭ خەلق ئاممىسىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشمىسى (قىسقارتىلىپ «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى» دەپ ئاتىلىدۇ)⑦ نىڭ رەھبەرلىكىدە، ئاياللار جەمئىيىتى ئۇرۇمچىدىكى ئاياللارنى (كۆپىنچىسى شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ ۋە قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلىرى) ئويۇن تەييارلاش، ئويۇن قويۇشقا تەشكىللىدى؛ ھازىرقى زامان تىياتىرى ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش بويىچە ناخشا - قوشاق ئېيتىش مۇسابىقىلىرىغا قاتنىشىشقا ئۇيۇشتۇردى؛ ئەدەبىيات - سەنئەت شەكلى ئارقىلىق تەشۋىق - تەربىيە ئېلىپ باردى. ئۇلار «كەپتەر قىز»، «ۋۇزېتىيەن»، «چاقماقلىق يامغۇر»، «چېگرا بورانلىرى»، «ئائىلە»، «چۆي يۈەن»، «ياۋا ئەتىر گۈل» لەرنى سەھنىگە ئېلىپ چىقتى؛ جۇ دەنخۇامۇ رول ئېلىپ، ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىللە سەھنىگە چىقتى. بۇ ئويۇنلار جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە كىشىلىرىنىڭ ياخشى باھاسىغا مۇيەسسەر بولدى. ھەر مىللەت ئاممىسىنى يېڭى ئەھۋاللاردىن خەۋەرلەندۇرۇپ، جەمئىيەتتە ناھايىتى زور تەسىر پەيدا قىلدى. «سۇڭخۇاجياڭ دەرياسىدا»، «بىز تەيخاڭسەن تېغىدا»، «پىدائىيلار مارشى»، «قىلىچ مارشى» دېگەنگە ئوخشاش ناخشا - مۇزىكىلار ھەر مىللەت ئاياللىرى ۋە ئاممىسىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇش يولىدىكى قىزغىنلىقىنى ئۇرغۇتتى. تەسىرىنى تېخىمۇ ئۇلغايتىش ئۈچۈن، ئاياللار جەمئىيىتى يەنە سەييارە تىياتىر ئۆمەكلىرىنى ئۇيۇشتۇردى؛ ئۇلار ئۇرۇمچى كوچىلىرىدا ئويۇن كۆرسەتتى، ھەتتا باشقا ناھىيىلەرگە، يېزا - قىشلاقلارغا بېرىپمۇ ئويۇن كۆرسەتتى. ئاممىغا ياخشى كۆرۈنىدىغان جانلىق - تېتىك ئەدەبىيات - سەنئەت شەكىللىرى ئارقىلىق تەشۋىق - تەربىيە ئېلىپ بېرىپ ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى، تېز ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

ئاياللار ئۈچۈن گېزىت - ژۇرنال چىقىرىپ، كەڭ ھەم چوڭقۇر تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش. 1938 - يىلىدىن باشلاپ، «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 4 - بېتىدە مۇددەتلىك «ئاياللار ساداسى يېرىم ئايلىق سەھىپىسى» ئېچىلدى؛ بۇ ئاياللار ئازادلىقى مەسىلە-

لىرىنى تەشۋىق قىلىدىغان بازا ـ ئىستىھكام بولۇپ قالدى. 1941 - يىلى 1 - فېۋرال،
«شىنجاڭ ئاياللىرى» ژۇرنىلىنىڭ تۇنجى سانى دۇنياغا كەلدى. ئۇنىڭ «نەشرىگە
بېغىشلىما» سىدا ئوچۇق ـ ئاشكارا ھالدا مۇنۇلار جاكالاندى: ««شىنجاڭ ئاياللىرى» نىڭ
ۋەزىپىسى: 1 . ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش توغرىـ
سىدىكى نەزەرىيىنى ئاممىباب تىل بىلەن شەرھىيلەپ بېرىش، شۇ ئارقىلىق شىنجاڭ
ئاياللىرىنى ئويغىتىش ۋە ئىلغارلىققا، پارلاق يولغا مېڭىشقا يېتەكلەش؛ 2 . ياپون
باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش نەزەرىيىسىنى ۋە مىللەتلەر
ئازادلىقى نەزەرىيىسىنى تەشۋىق قىلىش ھەمدە يېڭى شىنجاڭ قۇرۇش بىلەن ياپون
باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئارقا سېپىنى مۇستەھكەملەشنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى
نەزەرىيىنى تەشۋىق قىلىش؛ 3 . ئاياللارغا ئاياللارنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى
تۇرۇش ۋە ۋەتەننى گۈللەندۈرۈشتىكى ۋەزىپىسىنى تونۇتۇش؛ 4 . ئاياللارغا ياپون ئالـ
ۋاستىلىرىنىڭ رەھىمسىز ھەم ۋەھشىي ئىكەنلىكىنى تونۇتۇش؛ 5 . ئاياللارغا ئىچكى
خائىنلارنىڭ، تروتسكىچى باندىتلارنىڭ رەزىل ئەپتى - بەشىرىسىنى ۋە ئۇلارنىڭ جىنايى
قىلمىشلىرىنى تونۇتۇش؛ 6 . ئېزىلگۈچى ئەللەرنىڭ ئېچىنىشلىق ئەھۋاللىرىنى سۆرەتـ
لەش؛ 7 . ئىجتىمائىي رېئاللىقنى ۋە ئاياللارنىڭ تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرۈش؛
8 . ئاياللارنىڭ سىياسىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ۋە خەلقئارا توغرىسىدىكى بىلىملىرىنى
توپلاش؛ 9 . ئاياللارنى ئائىلىدىن چىقىپ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشقا قاتنىشىشقا
ھەم ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ئىشلىرىغا قاتنىـ
شىشقا دەۋەت قىلىش؛ 10 . يېزىقچىلىقنى مەشىق قىلدۇرۇش ئارقىلىق شىنجاڭ ئايالـ
لىرى ئىچىدىن ئايال يازغۇچىلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش، 11 . شىنجاڭدىكى ھەر مىلـ
لەت ئاياللىرىنى ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى توغرا تونۇيدىغان، ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىدىغان
ۋە ئۇنى سادىقلىق بىلەن ئىجرا قىلىدىغان قىلىش؛ 12 . مىللىي مۇناپىق، تروتسكىچى
باندىتلارنىڭ خاتا نەزەرىيىسى ۋە ئەكسىيەتچىل ھەرىكەتلىرىگە توغرا نەزەرىيە ئارقىـ
لىق قارشى تۇرۇش ۋە زەربە بېرىش؛ 13 . توغرا نەزەرىيە ئارقىلىق ئاياللاردا توغرا
ئىنقىلابىي كىشىلىك تۇرمۇش قاراش ۋە توغرا ئىنقىلابىي دۇنيا قاراش تۇرغۇزۇش ۋە
شۇنىڭغا ئوخشاشلار.» جاڭ فېنيىن، جۇ دەنخۇالار «شىنجاڭ ئاياللىرى» تەھرىر ھەيئىتىـ
نىڭ ئەزاسى بولدى؛ نەشر قىلىنغان تۇنجى ساندا، جاڭ فېنيىن «ئاياللار جەمئىيىتىنى
توغرا تونۇش كېرەك» دېگەن تېمىدا بىر پارچە، جۇ دەنخۇا «ئالتە بۈيۈك سىياسەتـ
تىكى يېڭى ئاياللار» دېگەن تېمىدا بىر پارچە ماقالە ئېلان قىلدى. 1942 - يىلى
مارتتا، «شىنجاڭ ئاياللىرى» تەھرىر ھەيئىتى قايتا سايلاندى، جاڭ فېنيىن باش تەھـ
رىرلىككە سايلاندى، جۇ دەنخۇا قاتارلىق 15 نەپەر كىشى تەھرىر ھەيئىتىنىڭ ئەزالىـ
قىغا سايلاندى. 1942 - يىلى كۈزدە، شېڭ شىسەي شىنجاڭدىكى كوممۇنىستلارنى تۇتۇپ
تۈرمىگە تاشلىدى. «شىنجاڭ ئاياللىرى» شۇنىڭغىچە مۇۋەپپەقىيەتلىك نەشر قىلىندى،

ئۆزىنىڭ ئاساسىي مەقسىتىنى ۋە ۋەزىپىسىنى ئادا قىلدى، ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشتى.

## 4. ھەر مىللەت ئاياللىرى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا ياردەم بېرىش يولىدىكى ئىئانە توپلاشقا بەس - بەس بىلەن قاتناشتى

پارتىيىمىز شىنجاڭدا «شىنجاڭ گېزىتى»، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى، ئىشچىلار قۇتقۇزۇش ئۇيۇشمىسى، ئاياللار جەمئىيىتى، دېموكراتىك بىرلەشمە، ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى قاتارلىق ئاممىۋى تەشكىلاتلار ئارقىلىق پۈتۈن شىنجاڭ دائىرىسىدە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇش توغرىسىدا كەڭ ھەم چوڭقۇر تەشۋىق - تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلقلىرىنىڭ قەلبىدە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى غەزەپ ئوتىنى ياندۇردى؛ شۇ تەشكىلاتلار ئارقىلىق پۈتۈن شىنجاڭ دائىرىسىدە ئايروپىلان تەقدىم قىلىش، قىشلىق كىيىم ئىئانە قىلىش، پۇل تەقدىم قىلىش، ھال سوراش خېتى يېزىش قاتارلىق ھەرىكەتلەرنى قوزغىدى ۋە تەشكىللىدى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا مەنىۋى ھەم ماددىي جەھەتتىن ياردەم بەردى. ھەر مىللەت ئاياللىرى بۇ ھەرىكەتلەردە ناھايىتى كۆرۈنەرلىك رول ئوينىدى.

شىنجاڭ ھەر مىللەت ئاممىسى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىنلا، پۇل ۋە ئايروپىلان ئىئانە قىلىش ھەرىكىتىنى قوزغىۋەتتى، 1937 - يىلى سېنتەبىردىن 1938 - يىلى سېنتەبىرگىچە بولغان بىر يىل ۋاقىت ئىچىدىلا، شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقى ئىئانە پۇل توپلاپ، «شىنجاڭ بەلگىلىك» كۆرەشچى ئايروپىلاندىن ئوننى سېتىۋېلىپ، ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتتى. 1938 - يىلى 7 - ئۆكتەبىر كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» «بىر يىلدىن بېرى توپلانغان ئىئانە پۇلغا ئون دانە ئايروپىلان سېتىۋېلىنىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش كۈرىشىنىڭ ئالدىنقى سېپىگە ئەۋەتىلدى» دېگەن تېمىدا بۇ نەتىجىنى خەۋەر قىلدى. بۇ ئون دانە شىنجاڭ بەلگىلىك كۆرەشچى ئايروپىلان بىلەن ھەر مىللەت ئاياللىرىنىڭمۇ ۋەتەننى سۆيۈشتەك قەلبى بىللە كەتكەنىدى.

1938 - يىلى ئۆكتەبىردە، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى قىشلىق كىيىم ئىئانە قىلىش ھەرىكىتىنى قوزغىدى. ھەر مىللەت ئاياللىرى بۇ چاقىرىققا پائال ئاۋاز قوشۇپ، ئىئانە قىلىشقا بەس - بەس بىلەن قاتناشتى، ئۈرۈمچىدە قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلىرى ۋە ئاياللار جەمئىيىتىنىڭ باشقا ئەزالىرى ھەممىدە جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ ئايال ئەزالىرى ئىئانە قىلىشقا ئۆزلىرى ئاكتىپ قاتناشقانىنىڭ سىرتىدا، تەشكىللىنىپ كوچىمۇ كوچا يۈرۈپ ئىئانە توپلىدى. 12 - نويابىر كۈنى، ئاياللار جەمئىيىتى دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ غەربىي زالىدا خالىسانە

ھالدا تىياتىر ئوينىدى، ئۈرۈمچى ئاياللىرى ئىككى ئاي ئىچىدىلا، ئۆلكە پۇلىدىن 14 مىليون 900 سەر تەڭگە ئىئانە توپلىدى، ۋاڭ فامىلىلىك بىر خانىم ئۆز قىزىنىڭ توپلىقىغا ئاتاپ قويغان 500 مىڭ سەر تەڭگىسىنىڭ ھەممىسىنى ئىئانە قىلدى. گۇچۇڭدا، قىزلار مەكتىپىنىڭ قوزغىشى بىلەن ئاياللارنىڭ قىشلىق كىيىم ئىئانە توپلاش ئۆمىكى قۇرۇلدى، ئۇلار قار - شىۋىرغانلاردىن قورقماي، كوچىمۇ كوچا، مەھەللىمۇ مەھەللە يۈرۈپ ئىئانە توپلاش تەشۋىقاتىنى ئېلىپ باردى. غۇلجا ئاياللىرى «قىشلىق كىيىم ئىئانە توپلاش ئۆمىكى» تەشكىللەپ، ئويۇن قويۇپ يۈرۈپ ئىئانە توپلىدى. قۇتۇبىدا «ئىئانە توپلاش جەمئىيىتى» قۇرۇلدى. بۇ جەمئىيەتنىڭ قۇرۇلۇش يىغىنىدىلا 200 مىڭ سەر تەڭگە ئىئانە توپلاندى. چۆچەكتە ئىئانە توپلاش كېچىلىكى ئۆتكۈزۈلۈپ، ئۈچ مىليون سەر تەڭگە ئىئانە توپلاندى. ئاقسۇدا، بىر ئۇيغۇر ئايال ئۆزىنىڭ ياغۇسىنى مەرتلەرچە ئىئانە قىلدى. قىشلىق كىيىم ئىئانە قىلىش بويىچە ئېلىپ بېرىلغان بۇ ھەرىكەتتە شىنجاڭ ئاياللىرى جەمئىي 107 مىليون سەر تەڭگە ئىئانە توپلىدى، بۇنىڭ سىرتىدا يەنە ئالتۇن - كۈمۈش زىننەت بۇيۇملىرىمۇ بار.

1938 - يىلى نويابىردا، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى ئالتۇن ئىئانە قىلىش ھەرىكىتىنى قوزغىدى. ھەرقايسى مىللەت ئاياللىرىنىڭ بۇ ھەرىكەتتىكى قىزغىنلىقىمۇ ئوخشاشلا يۇقىرى بولدى. ئۈرۈمچىدە، ئالتۇن ئىئانە قىلىش سەھنىسىگە چىقىپ ئالتۇن تەقدىم قىلغان ئاياللار ناھايىتى كۆپ بولدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە، قولىغا ھاسا تۇتقان مومايلار ھەم 7 — 8 ياشلىق باللارمۇ بار. قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلىرى بىر مىليون سەر تەڭگىدىن ئارتۇق پۇل، 14 دانە ئالتۇن ئۈزۈك، 70 نەچچە دانە كۈمۈش زىننەت بۇيۇملىرى، بەش مىسقاللىق كۈمۈش پۇلدىن 20 نەچچە دانە ئىئانە قىلدى، بۇلاردىن باشقا يەنە كىيىم - كېچەك ھەم تىكىش ماشىنىلىرىمۇ بار. باشقا جايلاردىكى ئاياللار شۆبە ئۇيۇشمىلىرىدىكى ئاياللار تەقدىم قىلغان ئالتۇن - كۈمۈش زىننەت بۇيۇملىرىمۇ ئاز ئەمەس. ھەر مىللەت ئاياللىرىنىڭ ئىئانە قىلىش قىزغىنلىقىنىڭ تەسىرى بىلەن، چيۇ يۇفاڭمۇ ئۆزىنىڭ بىر دانە ئالتۇن بىلەزۈكىنى، ھەر خىل جۇۋىلىق تېرىسىدىن بەش پارچىسىنى تەقدىم قىلدى. ئۆلكە رەئىسىنىڭ خانىمىمۇ بىر دانە بىلەزۈكىنى تەقدىم قىلدى. موسكۋادا ئوقۇۋاتقان چېن شيۇيىڭ ۋە ئۇنىڭ ئېرى شېڭ شىچى (شېڭ شىسەينىڭ تۆتىنچى ئىنىسى) بىر مىليون سەر تەڭگە تەقدىم قىلدى.

شىنجاڭ ھەر مىللەت ئاياللىرى ۋە ھەر مىللەت خەلقى ئىئانە قىلغان ئايروپىلان، كىيىم - كېچەك ۋە نەق پۇللارنىڭ ئەھمىيىتى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئۈچۈن زور مەدەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ؛ ئاياللارنىڭ ئىئانە قىلىشقا بەس - بەس بىلەن قاتناشقانلىقى ئۇلارنىڭ يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنىڭ كونكرېت ھەم جانلىق نامايەندىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## 5 . ئاياللار تەربىيە ئېلىش ۋە خىزمەتكە قاتنىشىش ھوقۇقىغا ئېرىشتى

شېڭ شىسەي شىنجاڭنى گۇللەندۇرۇپ، ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇپ ئىختىساسلىق كىشىلەرنى تەربىيىلىشى كېرەك ئىدى؛ شۇنداق بولغاچقا، مائارىپ سىستېمىسىغا خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغان كوممۇنىستلارنىڭ سانى بىر قەدەر كۆپ بولغانىدى. كوممۇنىستلاردىن مېڭ يىمىڭ (كېيىن خائىنلىق قىلغان) مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا، لىن جىلۇ شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ ئىلمىي مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى؛ چى تيەنمىن، ياڭ مېيشېڭ ۋە شۇ يىلياڭ قاتارلىق كوممۇنىستلار شىنجاڭ شۆيۈەنىگە ئوقۇتقۇچىلىققا تەيىنلەندى؛ لى يۈنياڭ ئۆلكىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى؛ قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپى ۋە ئۇنىڭ قارمىقىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىققا تەيىنلەنگەن ئايال كوممۇنىستلار ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى. بۇلاردىن باشقا، جاڭ دۇڭيۈ، ما جاۋسۇڭ قاتارلىق كوممۇنىستلار قۇمۇل، خوتەن قاتارلىق جايلاردا مائارىپ خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندى. بۇ كوممۇنىستلار مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈشنىڭ جۇڭگو ئىنقىلابىغا، شىنجاڭنى گۇللەندۇرۇشكە ۋە ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ئازادلىقىغا بولغان مۇھىم ئەھمىيىتىنى ئوبدان چۈشىنەتتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە، ئاياللار مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئۇزاق ئېغىر دەرىجىدە ئېزىلىشكە ئۇچراپ مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرۈش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم قالغان ئاياللارنى تەربىيە ئېلىش پۇرسىتىگە ۋە ھوقۇقىغا ئىگە قىلىشنىڭ، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇلارغا ئىلىم ۋە ماھارەت ئىگىلىتىپ، ئۇلارنى شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ئىشلىرىغا قاتناشتۇرۇشنىڭ ئاياللار ئازادلىقىغا ۋە شىنجاڭنى گۇللەندۇرۇشنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىغا بولغان مۇھىم ئەھمىيىتىنىمۇ ئوبدان چۈشىنەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، ئۇلار ئاياللار مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى ۋە ھەر جەھەتتىن كۆڭۈل بۆلدى.

ئۆلكىلىك مائارىپ نازارىتىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە، ھەر دەرىجىلىك ھەر خىل مەكتەپلەرگە نۇرغۇن قىز ئوقۇغۇچىلار قوبۇل قىلىندى؛ ئۈرۈمچى شەھەرلىك قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپى بىلەن 6 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئۇيغۇر ئايال كادىرلارنى يېتىشتۈرىدىغان مەكتەپ كۆلىمى كېڭەيتىلدى؛ 1938 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىدىكى ئوقۇغۇچىلار 1200 كىشىگە يەتتى (1 - قاراردا ئاران 60 لا قىز ئوقۇغۇچىسى بارىدى)؛ ھۆكۈمەت ئاياللارنى مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، ئۇلارغا كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك، ياتاق قاتارلىق جەھەتلەردىن ئالاھىدە ئېتىبار بەردى. شىنجاڭدا بالدۇر نىكاھلىنىش ئەھۋالى ئۇزاق تارىختىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقاچقا، دەرھال ئۆزگەرتىش ئەپسىز بولۇپ، نىكاھلىق بولغان ئاياللارنىڭمۇ قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىگە كىرىپ ئوقۇشىغا رۇخسەت قىلىندى. 1940 - يىلقى سىستاتىستىكىغا

قارىغاندا، نىكاھلانغان ئايال ئوقۇغۇچىلار مەكتەپتىكى بارلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېرىمىغا يەتكەن؛ ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقنى يېڭىپ، خاتىرجەم ئوقۇشى ئۈچۈن، مەكتەپتە بالىلار يەسلىسى، بالىلار باغچىسى قۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ بالىلىرى قوبۇل قىلىندى؛ بالىلىرىمۇ ئالاھىدە ئېتىبارغا ئېرىشتى.⑧ قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئاياللار جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرى بولۇپ، شۆبە جەمئىيەت ھەر ھەپتىدە گۇرۇپپا يىغىنلىرىنى ياكى لېكسىيە يىغىنلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ تۇراتتى؛ ئۇنىڭ سىرتىدا يەنە، تام گېزىتى ئەتىرىدى، تەشۋىقات ئەتىرىدى، ئائىلىلەرگە بېرىپ ھال سوراش ئەتىرىدى قاتارلىقلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ تۇردى؛ تىياتىر ئويناش، ئىئانە توپلاش پائالىيەتلىرىنىمۇ دائىم ئۇيۇشتۇراتتى. ئوقۇغۇچىلار بۇ پائالىيەتلەرگە ناھايىتى ئاكتىپ قاتناشتى، ناھايىتى ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. شۇنداق بولغاچقا، جۇ دەنخۇا شۇ چاغدا ئۇلارنى «ئەندىلا ئۆسۈپ چىققان يۇمران مايسا، ھاياتىي كۈچكە، تەرەققىيات ئىستىقبالىغا ئىگە» دەپ ئاتىغانىدى (چېن-جىيىڭ: «شىنجاڭغا نەزەر»، 1943 - يىل چۇڭچىڭ جيەنجوڭ نەشرىياتى نەشرى).

ئاياللار ئارىسىدا ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىپ، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ئاياللار جەمئىيىتى كوچا ئاھالىلىرىنىڭ كەچ كۇرسىنى ئېچىشقا، زاۋۇتلاردا ساۋات ئېچىش سىنىپلىرىنى ئېچىشقا ئۆزىنىڭ ھەرقايسى شۆبىلىرىگە چاقىرىق چۈشۈردى. 1938 - يىلى، ئۈرۈمچىدە 21 ئورۇندا كەچ كۇرس قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭدا ئوقۇغانلار 800 گە يەتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئائىلە ئىشلىرىدىن ئايرىلىپ چىقىپ ئوقۇشقا قاتناشقان ئوتتۇرا ياشلىق ئاياللاردىن 210 كىشى بار. جۇ دەنخۇا قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىدىن مەلۇم تەشكىللەش ئىقتىدارىغا ۋە ئوقۇتۇش ئىقتىدارىغا ئىگە ئوقۇغۇچىلارنى تاللاپ، كەچ كۇرسلاردا ۋە «شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتى، يوتقان - كۆرپە زاۋۇتىدىكى ساۋات ئېچىش سىنىپلىرىدا «مۇئەللىم» بولۇشقا ئەۋەتتى. بۇ كىچىك مۇئەللىملەر بۇ خىزمەتكە ئاكتىپ ئەستايىدىل مەسئۇلىيەت بىلەن مۇئامىلە قىلدى؛ ئۇلار دەرستىن چۈشكەندىن كېيىنلا تاماق يېيىشكىمۇ ئۈلگۈرەلمەي، يىراق يوللارنى كېزىپ بېرىپ ئاياللارغا دەرس ئۆتتى.⑨ ئاياللار جەمئىيىتى جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى بىلەن ماسلىشىپ قىشلىق ئۆگىنىش پائالىيەتلىرىنىمۇ قانات يايدۇردى.

ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ۋە مائارىپ نازارىتىنىڭ رەھبەرلىكى ھەم ئاياللار جەمئىيىتىنىڭ ماسلىشىشى ئارقىسىدا، ئاياللار مائارىپى كۆزگە كۆرۈنەرلىك ھالدا راۋاج تاپتى؛ تەربىيە ئالغان ئاياللارنىڭ سانى زور دەرىجىدە كۆپەيدى. 1940 - يىلغا كەلگەندە، شىنجاڭ بويىچە بارلىق ئوقۇغۇچىلار پۈتۈن شىنجاڭ ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ تۆت پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ ئۇلارنىڭ ئىچىدە، ئايال ئوقۇغۇچىلار 23 پىرسەنتكە يەتتى 1933 - يىلىدىكى سان بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئومۇمىي سانى 150 ھەسسە ئاشتى، ئۇنىڭ ئىچىدە ئايال ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى مىڭ ھەسسە ئاشتى. ھەر دەرىجىلىك ھەر خىل مەكتەپلەردە، ئايال ئوقۇغۇچىلارنىڭ نىسبىتى مۇنداق بولدى: ئوتتۇرا

مەكتەپلەردە 12.6 پىرسەنت، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە 25 پىرسەنت، ئويۇشما قارمىقىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەردە 25 پىرسەنت، ئاھالىلار مەكتەپلىرىدە 27 پىرسەنت، ئۇيۇشما قارمىقىدىكى ئاھالىلار مەكتەپلىرىدە 17.2 پىرسەنتكە يەتتى.⑩

1940 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئۆلكىلىك مائارىپ نازارىتى ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش توغرىسىدا چاقىرىق چىقاردى، ئاياللار جەمئىيىتى بۇنىڭغا ئاكتىپ ئاۋاز قوشتى. ئاياللارنىڭ ئورنىنى ئۆستۈرۈش، ئاياللارنى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشقا قاتناشتۇرۇش، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ۋە شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن، ئاياللار جەمئىيىتى تەشۋىقات بۆلۈمى «ئاياللار ساۋات ئىچىش ھەرىكىتىنى يولغا قويۇش چارىسى» نى تۈزۈپ چىقىپ، 1941 - يىلى 11 - يانۋار كۈنى «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئاشكارا ئېلان قىلدى. «يولغا قويۇش چارىسى» دا مۇنۇلار بەلگىلەندى:

1. ھەرقايسى شۆبە جەمئىيەتلەر پروگرامما بويىچە دوكلات قىلىدۇ، گۇرۇپپىلار بويىچە مۇھاكىمە قىلىدۇ. 2. شۆبە جەمئىيەتلەر مۇھاكىمىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، كەڭ ھەم چوڭقۇر تەشۋىق قىلىدۇ؛ ناخشا - قوشاق، تىياتىر، تام گېزىت، ھەجۋىي رەسىم قاتارلىقلار ئارقىلىق ھەر خىل دەم ئېلىش كۈنلىرىدىن پايدىلىنىپ كوچىمۇ كوچا، ئۆيمۇ ئۆي يۈرۈپ تەشۋىق قىلىدۇ ھەمدە كەچكى يىغىلىش، سۆھبەت يىغىنى قاتارلىقلارنى ئۇيۇشتۇرىدۇ. 3. تەشۋىق، ھال سوراش، تەكشۈرۈش، تىزىملاش ئارقىلىق تەشكىللەپ يۈرۈپ، ھەربىر ئايال قېرىنداشنى ساۋات چىقىرىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىدۇ. 4. شۇ جايدىكى مەكتەپلەر، ئورگانلار بىلەن ئالاقىلىشىپ، خىزمەت ئىشلەشكە قولايلىق يارىتىدۇ. 5. ھەر خىل ھەر ياشىزا ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، جانلىق ھالدا تەشكىللەپ، ئەڭ ياخشىسى بەلگىلىك ئورنى ھەم ۋاقتى ئېنىق بولغان ھالدا ساۋات ئىچىش كۇرسى، كەچ كۇرس، خەلق مەكتىپى قۇرۇشقا بولىدۇ. ئائىلىسىدىن چىقالمايدىغان ئاياللار ئۈچۈن، ئائىلە ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى قۇرۇشقا بولىدۇ؛ يېزىلاردا يېزا - كەنت ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى، كوچىلاردا كوچا ساۋات چىقىرىش گۇرۇپپىسى، تارقاقراق جايلاردا ساۋات چىقىرىش پونكىتى قۇرۇشقا بولىدۇ. كىچىك مۇئەللىملەر ئەترىدى. مەدەنىيەت تەشكىلاتلىرىنىڭ سەييارە ئوقۇتۇش ئەترىدى تەشكىللەپ كىشىلەرنىڭ بوشۇغىسىغا بېرىپ ئوقۇتۇشقا بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە، سوراپ ئۆگىنىش — يېزىپ بېرىش ئورنى تەشكىللەپ، ئۇلارنى سوراپ ئۆگىنىشكە تەشكىللەشكىمۇ ۋە باشقا ئۇسۇللارنى قوللىنىشقىمۇ بولىدۇ. 6. ئوقۇتۇش ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ ئېھتىياجىغا ماس بولۇشى كېرەك، سۈرئەتنى ئارتۇقچە چەكلىۋەتمەسلىك كېرەك، ھەر كىشى ھەر قېتىمدا ئاز دېگەندە بىر خەت ئۆگەنسە بولىدۇ؛ ئەگەر ئۈچ خەت، بەش خەت ئۆگىنەلىسە، شۇ ئىقتىدارغا قاراپ ئوقۇتۇشقىمۇ بولىدۇ. 7. ساۋات ئىچىش بويىچە ھەر ئايدا بىر قېتىم سىناق ئېلىنىدۇ، ئەلاچىلار مۇكاپاتلىنىپ رىغبەتلەندۈرۈلىدۇ. 8. ساۋات چىقىرىشتا نەمۇنىچى ئائىلە مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلىدۇ. 9. مەللەتلەر ئارا ئۆگىنىشلىك بولسۇن ئۈچۈن، ئەڭ ياخشىسى

لاتىن ئېلىپبەسى ئوقۇتۇلىدۇ. 10. شۆبە جەمئىيەتلەر ۋەزىيەت توغرىسىدىكى قىسقا خەۋەرلەرنى كوچىلاردا ۋە يىغىن مەزگىلىدە تارقىتىپ تۇرۇشى كېرەك (ئۇيغۇرچىسى، خەنزۇچىسى ئەھۋالغا قاراپ كۆپ - ئاز بولىدۇ). 11. شۇ جايدىكى ساۋات چىقارغان ئاياللارنىڭ سانىنى تىزىملايدۇ، ھەر ئايدا تەكشۈرۈپ تۇرىدۇ؛ قېتىرقىنىپ ئوقۇغان، سۈرئىتى تېز بولغانلارنى مۇكاپاتلاشقا بولىدۇ. شۆبە جەمئىيەتلەر ئارا مۇسابىقىلىشىشقىمۇ بولىدۇ.

بۇ 11 ماددىلىق «يولغا قويۇش چارىسى» دا، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىشتەك يېتەكچى ئىدىيە، ئالدى بىلەن كەڭ ھەم چوڭقۇر تەشۋىق ئېلىپ بېرىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن، كونكرېت ئىنچىكە تەشكىللەش خىزمىتى ئېلىپ بېرىشتەك خىزمەت باسقۇچى، جانلىق ۋە كۆپ خىل تەشۋىقات شەكىللىرى ۋە تەشكىللەش ئۇسۇللىرى ناھايىتى ئېنىق بەلگىلەندى؛ ۋەزىپە - تەلەپلەر، تەكشۈرۈش ئۇسۇللىرى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارمۇ ئېنىق كۆرسىتىلدى. بۇ ھۆججەت ھەقىقىي يولغا قويغىلى بولىدىغان ناھايىتى ياخشى بىر ھۆججەت بولۇپ، شۇ چاغدا ئاياللار ساۋات چىقىرىش ھەرىكىتىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىش رولىنى ئوينىدى.

ھەر مىللەت ئاياللىرى ئۆگىنىش ئارقىلىق تەربىيە ئېلىپ، مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرگەننىڭ سىرتىدا، سىياسىي ئىدىيە سەۋىيىسىنىمۇ ئۆستۈردى؛ ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي خىزمەتلەرگە ۋە ئىشلەپچىقىرىشقا قاتنىشىشى ئۈچۈن شەرت - شارائىت ھازىرلاندى. ھۆكۈمەتمۇ ئاياللارنى ئىمكان قەدەر ئىجتىمائىي خىزمەتلەرگە قوبۇل قىلىدىغان بولدى، ئۆلكىنىڭ سىياسىي ئىشلار خادىملىرى، ھۆكۈمەت خادىملىرى، لايىھىلەش خادىملىرى، مەسلىھەتچىلىرى، ناھىيىدە ناھىيە ئىشلىرى خادىملىرى ئىچىدە شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا ئايال خادىملارمۇ بارا - بارا بار بولدى. ھۆكۈمەتكە قاراشلىق مەمۇرىي ئورگانلاردا بولسا ئايال بۆلۈم باشلىقى، ئايال مۇدىر، ئايال بۆلۈم ئەزاسى، ئايال كاتىپلار بولدى؛ جامائەت ئامانلىقى ئورگانلىرىدا ئايال ساقچى ئەمەلدارى، ئايال خۆجى (نوپۇس تىزىملىغۇچى) لار بولدى؛ قاتناش، پوچتا، تېلېگراف ئورۇنلىرىدا ئايال پوچتىكەشلەر، ئايال رادىستلار، ئايال تېلېفونىستلارمۇ بولدى.⑪ ھەر مىللەت ئاياللىرى ئۆلكىنىڭ چوڭ - چوڭ ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىشقا ھەم باشقۇرۇشقىمۇ قاتنىشالايدىغان بولدى. 1938 - يىلى 30 - سېنتەبىردىن 11 - ئۆكتەبىرگىچە ئۆتكۈزۈلگەن شىنجاڭ ئۆلكىلىك 3 - قۇرۇلتايغا سەككىز نەپەر ئايال ۋەكىل قاتناشتى. ئايال ۋەكىللەرنىڭ سانى ئاز بولسىمۇ، ئەمما ئاياللارنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىشى شىنجاڭ تارىخىدا تېخىچە مىسلى كۆرۈلمىگەننىدى. ئايال ۋەكىللەر قۇرۇلتايدا دىققەت - ئېتىبارغا ئېرىشتى، ئەر ۋەكىللەرنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى. ئۇلار ئەر ۋەكىللەرگە ئوخشاشلا ھەر خىل دوكلاتلار ھەر خىل تەكلىپلەر توغرىسىدىكى مۇھاكىمىلەرگە قاتناشتى؛ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاياللىرىغا ۋاكالىتەن ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي قاراشلىرىنى بايان

قىلىشتى. 1940 - يىلى «ئاپرېل ئىنقىلابى» نىڭ يەتتە يىللىق مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆلكە مەركىزىدە ھەم ھەرقايسى ناھىيىلەردە ئاھالىلەرنىڭ تەبرىكلەش يىغىنلىرى ئۆتكۈزۈلدى؛ 30 ناھىيىنىڭ ستاتىستىك مەلۇماتىغا قارىغاندا، شۇ تەبرىكلەش يىغىنلىرىغا قاتناشقان ھەر مىللەت ئاياللىرى 88 مىڭدىن ئېشىپ كەتكەن.⑫ يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئاياللارنىڭ سىياسىي پائالىيەتلەرگە ۋە ئىجتىمائىي خىزمەتلەرگە قاتنىشىش دائىرىسى كۈندىن - كۈنگە كېڭەيدى؛ ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ئاياللارنىڭ رولى بىر قەدەر ياخشى جارى قىلدۇرۇلدى.

## 6. تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئاياللار قۇرۇلتىيى

ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكى ۋە قوللىشى ئاستىدا، 1 - نۆۋەتلىك پۈتۈن شىنجاڭ ئاياللار قۇرۇلتىيى 1942 - يىلى 25 - ئاپرېلدىن 8 - مارتقىچە تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈلدى. يىغىنغا ھەر مىللەت ئايال ۋەكىللىرىدىن 400 نەچچىسى قاتناشتى. خەلق ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى ماۋزېمىن، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ باش كاتىپى ۋاڭ باۋچيەن (خۇاڭ خوچىڭ يەنئەنگە يۆتكەپ كېتىلگەنىدى) قاتارلىقلار تەكلىپ بىلەن قۇرۇلتاي ھەيئەت رىياسىتىنىڭ پەخرى ئەزاسى؛ جاڭ فېنيىن، جۇ دەنخۇا، ليۇ مېيەن قاتارلىقلار قۇرۇلتاي ھەيئەت رىياسىتىنىڭ ئەزاسى بولدى. ھەرقايسى ئورگانلار ۋە جەمئىيەتلەر قۇرۇلتايغا بېغىشلاپ لەۋھە قاتارلىق نەرسىلەرنى تەقدىم قىلىپ تەبرىكلىدى. بۇ قۇرۇلتاينىڭ ۋەزىپىسى: شىنجاڭ ئاياللار ھەرىكىتىنىڭ نۆۋەتتىكى باش فاكچىنى يەنى فاشىزمغا قارشى تۇرۇش، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ يېڭى شىنجاڭ قۇرۇش باش فاكئەنىنى بېكىتىش؛ ئاياللار تەشكىلاتىنى كېڭەيتىش ۋە ساغلاملاشتۇرۇش لايىھەسىنى تۈزۈش؛ شىنجاڭ ئاياللىرىنىڭ تۇرمۇشىنى قانداق قىلىپ تېخىمۇ ياخشىلاش مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلىشتىن ئىبارەت بولدى.⑬

ئاياللار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جاڭ فېنيىن يىغىننى ئېچىش نۇتقى سۆزلىدى. ئۇ يىغىننى ئېچىش نۇتقىدا ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلدى، بۇ قۇرۇلتاينى ئېچىش مەقسىتىنى شەرھلىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «ۋەتىنىمىز ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئېلىپ بارماقتا، ھازىر قايتارما ھۇجۇمغا ئۆتۈش باسقۇچىنىڭ تېزراق يېتىپ كېلىشىنى كۈتۈۋېلىش پەيتىدە تۇرماقتىمىز. بىز مەملىكىتىمىزدىكى ھەرقايسى پارتىيە - گۇرۇھلار، ھەرقايسى مىللەتلەر، تەبىقىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىشىمىز كېرەك؛ دېموكراتىيىنى يولغا قويۇشىمىز كېرەك؛ سىياسىي جەھەتتە ئىلگىرىلىشىمىز كېرەك؛ ئومۇمىي خەلقنىڭ كۈچىنى ئىمكان قەدەر جارى قىلدۇرۇپ، ستراتېگىيىلىك قايتارما ھۇجۇمغا تەييارلىنىشىمىز، يېقىنقى مەزگىلدە ياپون باسقۇنچىلىرىنى مەغلۇب قىلىپ، ئۇ مەلئۇنلارنى قوغلاپ چىقىرىپ، قولدىن كەتكەن زېمىنىمىزنى

قايتۇرۇۋېلىشىمىز كېرەك... شۇنىڭ ئۈچۈن مۇشۇ قۇرۇلتايىنى ئېچىپ ئولتۇرىمىز؛ بىز پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئاياللارنى پۈتۈن كۈچىنى تەقدىم قىلىپ شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش خىزمىتىنى كۈچەيتىشكە، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈچلەرنى كۈچەيتىشكە، فاشىزمغا قارشى خەلقئارالىق كۆرەشكە ئاكتىپ قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلىشىمىز لازىم. شۇنداق قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى، پۈتۈن دۇنيادىكى ئاياللار بىلەن بىرلىكتە، بۈيۈك دەۋرنىڭ زور ئېقىنىدا ئالغا باسايلى!»⑭ جاڭ فېنيىن يەنە ئاياللار جەمئىيىتى قۇرۇلغان توققۇز يىلدىن بۇيانقى خىزمەت نەتىجىلىرىنى، ئاياللار ھەرىكىتى تەرەققىياتىنىڭ نەتىجىلىرىنى ھەم ساقلانغان مەسىلىلەرنى خۇلاسىلىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: بۇ مەسىلىلەرنى «پۈتۈن شىنجاڭ ئاياللىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئەقىل پاراسىتىنى، كۈچ - قۇدرىتىنى توپلاش ئارقىلىق ھەل قىلىشىمىز كېرەك»، شۇ ئاساستا «شىنجاڭ ئاياللار ھەرىكىتىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ راۋاجلاندۇرۇشىمىز كېرەك.»⑮

ماۋ زېمىن بۇ قۇرۇلتايدا شىنجاڭ خەلق ئىشلار خىزمىتىدىن دوكلات بەردى. ئۇ دوكلاتىدا مۇنداق دېدى: «شىنجاڭدىكى ئىككى مىليون نوپۇسقا ئىگە ئاياللارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى كۆتۈرۈلدى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى مىسلىسىز دەرىجىدە ئۆستى. بىر مۇنچە ئاياللار ھەرقايسى ئورگانلاردا مەمۇرىي خىزمەتلەرگە قاتنىشىپ، مىسلى كۆرۈلمىگەن نەتىجىلەرگە ئېرىشتى.» ئۇ يەنە: پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە نىكاھ ئەركىنلىكىنى تەشەببۇس قىلىش، پاھىشىۋازلىقنى قەتئىي مەنئى قىلىش، چېكىملىك چېكىش بىلەن قىمارنى مەنئى قىلىش مەسىلىلىرى ئۈستىدىمۇ توختالدى.⑯

قۇرۇلتاي «شەنشى، گەنسۇ، نىڭشا چېگرا رايونى ھەر ساھە ئاياللىرىنىڭ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك شىنجاڭ ئاياللار قۇرۇلتىيىغا يوللىغان تەبرىك تېلېگراممىسى» نى ۋە «دېڭ يىڭچاۋ، دىڭ لىڭ، كاڭ كېچىڭ، مېڭ چىڭشۇ، سەيچاڭ قاتارلىق يولداشلارنىڭ تەبرىك تېلېگراممىسى» نى تاپشۇرۇپ ئالدى. شەنشى، گەنسۇ، نىڭشىيا چېگرا رايونى ئاياللار ئۇيۇشمىسىنىڭ تەبرىك تېلېگراممىسىدا: «جەمئىيەتتىكىلەر بىلەن قولنى قولغا تۇتۇشۇپ، مۇرىنى - مۇرىگە تىرەپ، ئۆزئارا ياردەملىشىپ، ئۆزئارا ئىلھاملاندۇرۇشۇپ، خەلقئارادا ئاياللارنىڭ فاشىزمغا قارشى بىرلىكسېپىنى قۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىدىغانلىقىمىزنى، فاشىزملىق تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىنى يوقىتىش ئۈچۈن. پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن ئاداققىچە كۆرەش قىلىدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرىمىز.!»⑰ دېيىلگەن.

7 - ماي كۈنى، قۇرۇلتايدا «تۇنجى قېتىملىق پۈتۈن شىنجاڭ ئاياللار قۇرۇلتىيىنىڭ دېڭ يىڭچاۋ، دىڭ لىڭ، كاڭ كېچىڭ، مېڭ چىڭشۇ، سەيچاڭ قاتارلىق يولداشلارغا جاۋاب تېلېگراممىسى» بىردەك ماقۇللاندى. تېلېگراممىدا: «شىنجاڭ ئاياللىرى ئالتە بۈيۈك سىياسەتنىڭ توغرا يېتەكچىلىكىدە، بىر ياقىدىن باش بىر يەڭدىن قول چىقىرىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش يولىدا تىرىشچان-

لىق كۆرسىتىپ، شىنجاڭ ئاياللار ھەرىكىتىنىڭ ئاساسىنى يارىتىۋالدى. ھالبۇكى بىز
يىراق چېگرا رايوندا تۇرغانلىقىمىز، قاتناش قولايسىز بولغانلىقى، مەدەنىيەتتە ئارقىدا
قالغانلىقىمىز سەۋەبلىك، مەملىكىتىمىزدىكى ئاياللار ھەرىكىتىدىكى ئىلغار ئاچا - سىڭىل-
لار بىلەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنى مەقسەت قىلغان ئىتتىپاقلىق مۇناسى-
ۋىتىنى ئورنىتىشقا تېخى ئۈلگۈرەلمىدۇق، دۇنيادىكى فاشىزمغا قارشى كۈرەش قىلىۋات-
قان ئاچا - سىڭىللار بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىشىشكە تېخى ئۈلگۈرەلمىدۇق؛ بۇنىڭدىن كېيىن،
پۈتۈن شىنجاڭ ئاياللىرى ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى 14
مىللەتتىن بولغان ئاچا - سىڭىللار بىلەن بولغان زىچ ئىتتىپاقلىقنى تېخىمۇ مۇستەھكەم-
لەپ، مەملىكىتىمىز ئاياللىرىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش يولىدىكى ئىلغار
جەمئىيەتلىرى بىلەن مەلۇم مۇناسىۋەت باغلاپ، فاشىزمغا قارشى كۈرەش قىلىش يولىدا
دۇنيا ئاياللىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ، ۋەتىنىمىزنى قۇتقۇزۇش، فاشىزمغا قارشى تۇرۇش
ئۈچۈن كۈرەش قىلىمىز» دېيىلدى.⑱ ۋەكىللەر ئون نەچچە كۈن قىزغىن مۇھاكىمە قى-
لىش ئارقىلىق، ئاخىرىدا «تۇنجى نۆۋەتلىك پۈتۈن شىنجاڭ ئاياللار قۇرۇلتىيىنىڭ قا-
رارى» نى بىردەك ماقۇللىدى. «قارار» ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. بىرىنچى قىسمى: باش
سىياسىي فاڭجېن. بۇنىڭدا پۈتۈن شىنجاڭ ئاياللىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ خەلقئارا فاشى-
زمغا قارشى بىرلىكسەپكە ئاكتىپ قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلىش؛ پۈتۈن شىنجاڭ ئايال-
لىرىنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى گۈللەندۈرۈش، شىنجاڭنى گۈللەن-
دۈرۈش يولىدىكى بەش تۈرلۈك ۋەزىپىنى ئورۇنلاشقا سەپەرۋەر قىلىش دېگەن مەز-
مۇنلار بەلگىلەندى. ئىككىنچى قىسمى: ئاياللار ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا.
بۇنىڭدا تۆۋەندىكى ئىشلارنى يەنى پۈتۈن شىنجاڭ ئاياللىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ ۋە
تەشكىللەپ ئاياللار جەمئىيىتى تەشكىلىنى كېڭەيتىش؛ ئاياللار مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇش،
ئاياللارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش، ئايال كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش؛ ئىش-
لەپچىقىرىش — قۇرۇلۇشقا تىرىشىپ قاتنىشىش ئارقىلىق ئاياللارنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن
مۇستەقىل بولۇشىنى قولغا كەلتۈرۈش؛ ئائىلە تۇرمۇشىنى ياخشىلاش؛ نىكاھ مەسىلى-
رىنى مۇۋاپىق ھەل قىلىپ، ئەر - ئايالنىڭ ئۆمۈرلۈك بەختلىك بولۇشىنى تىلەش؛ ساق-
لىق ساقلاش — بالىلار تەربىيىسى خىزمىتىنى كۈچەيتىش؛ ناچار ئۆرپ - ئادەتلەرنى
ئىسلاھ قىلىش دېگەنگە ئوخشاش ئىشلارنى ھەقىقىي يوسۇندا يولغا قويۇش بەلگىلەندى.
ئۈچىنچى قىسمى: ئاياللارنىڭ ھوقۇقىنى ھەقىقىي كاپالەتلەندۈرۈش بويىچە ئېنىق بۇي-
رۇق چۈشۈرۈش توغرىسىدا ھۆكۈمەتكە ئىلتىماس سۇنۇش. بۇ قىسىمدا ھۆكۈمەتنىڭ ئۈ-
نۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، ئاياللارنىڭ ھەر خىل قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى كاپالەتكە
ئىگە قىلىش ئىلتىماس قىلىندى. مەسىلەن: ئەر - ئاياللار سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدە-
نىيەت، مائارىپ قاتارلىق جەھەتلەردە تەڭ ھوقۇقلۇق بولۇش؛ پەرزەنتلىرىنىڭ مىراس-
خورلۇق ھوقۇقى؛ ئادەم سودىسى قىلىشنى قاتتىق مەنئى قىلىش؛ نىكاھ سودىسى،

نىكاھ زورلۇقى ۋە نىكاھقا چات كىرىۋېلىش ئەھۋاللىرىنى بىكار قىلىش؛ ئاسراندى كېلىن قىلىش، ئەھۋالىنى مەنئى قىلىش؛ ئاياللارنىڭ تۇغۇت مەزگىلى ھېسابلىنىدىغان ئىككى ئايدا ئايلىق مائاشىنى ئەينى پېتى بېرىش دېگەنگە ئوخشاش ھوقۇق - مەنپەئەتلىرىنى ھەقىقىي كاپالەتلەندۈرۈش ئىلتىماس قىلىندى.[19]

بۇ قېتىمقى ئاياللار قۇرۇلتىيىنىڭ چاقىرىلغانلىقى شىنجاڭ ئاياللار ھەرىكىتى تارىخىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ قۇرۇلتاي شىنجاڭ ئاياللار ھەرىكىتى تارىخىدىكى بىر قېتىملىق كاتتا يىغىن، ھەر مىللەت ئاياللىرىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى نامايان قىلىنغان چوڭ يىغىن بولدى. بۇ قۇرۇلتاي ھەر مىللەت ئاياللىرىنى فاشىزمغا قارشى كۈرەشكە قاتنىشىشقا، پۈتۈن دۇنيا ئاياللىرى بىلەن خەلقئارالىق بىرلىكسەپ — فاشىزمغا قارشى بىرلىكسەپ قۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلىشتا، ھەر مىللەت ئاياللىرىنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا ۋە شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش خىزمەتلىرىگە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلىشتا، ئاياللار ھەرىكىتىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇشتا، ئاياللارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ جانجان مەنپەئەتى ھەم ئازادلىقى ئۈچۈن بولغان كۈرەشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىدى. بۇ قۇرۇلتاي شىنجاڭ ئاياللار ھەرىكىتى تارىخىدىكى بىر شانلىق سەھىپە.

1941 - يىلى سوۋېت - گېرمان ئۇرۇشى ۋە تىنچ ئوكيان ئۇرۇشى كەينى - كەينىدىن پارتلىدى، بىزنىڭ ئازاد رايونلىرىمىز ئېغىر قىيىنچىلىق مەزگىلىگە دۇچ كەلدى. جياڭ جېشىنىڭ «ۋەھشى نەپسى دىقلىداپ كەتتى»، سىياسىي مەككار شېڭ شىسەينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە بولغان پوزىتسىيىسىدىمۇ روشەن ئۆزگىرىش پەيدا بولدى. ئۇ ئۆزىچە ئەندى سوۋېت ئىتتىپاقىنىمۇ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىمۇ يۆلەك قىلىشقا بولمايدۇ، ئۇلار ئەندى ئىشەنچسىز بولۇپ قالدى دەپ قاراپ، ئۆزىنى گومىنداڭنىڭ قوينىغا يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئېتىشقا باشلىدى. شېڭ شىسەي 1942 - يىلى 17 - سېنتەبىردىن باشلاپ، شىنجاڭدا خىزمەت قىلغان جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن بولۇپ 100 نەچچە كىشىنى ئارقا ئارقىدىن قولغا ئالدى، تۈرمىگە تاشلاپ قاماپ قويدى. 1943 - يىلى يانۋاردا، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك داڭبۇسى قۇرۇلدى. 1943 - يىلى ئاۋغۇستتا، شىنجاڭ ئاياللار جەمئىيىتى قايتا تەشكىل قىلىندى. تەشكىلىنىڭ نامى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئاياللار ئۇيۇشمىسى دەپ ئۆزگەرتىلدى. چيۇ يۇفاڭ ئاياللار ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇدىرى بولدى. بۇ چاغدا، شىنجاڭ ۋەزىيىتىدە زور ئۆزگىرىش بولدى: جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن شېڭ شىسەي ئوتتۇرىسىدىكى بىرلىكسەپ مۇناسىۋىتى تامامەن بۇزۇلدى، مۇھىت ناھايىتى يامانلىشىپ كەتتى.

1942 - يىلى كۈز پەسلىدىن كېيىنكى ئاياللار ھەرىكىتى ھەر ھالدا پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش تەرەققىياتىنىڭ تەسىرىنى ۋە

پارتىيىمىزنىڭ شىنجاڭدىكى بىرقانچە يىللىق خىزمىتىنىڭ چوڭقۇر تەسىرىنى قوبۇل قىلىپ تۇردى. پارتىيىمىزنىڭ بۇ يەردە بىر قەدەر ياخشى ئاممىۋى ئاساسى بولغاچقا ھەمدە پارتىيىمىز بۇ يەردە بىر تۈركۈم ئاياللار ھەرىكىتى كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ قويغاچقا، بۇ يەردە ئىشلەۋاتقان ئايال كادىرلار ئۆز خىزمەتلىرىدە پارتىيىمىزنىڭ ئا- ياللار ھەرىكىتىگە رەھبەرلىك قىلىشتىكى تەجرىبە ۋە ئۇسۇللىرىدىن يەنىلا پايدىلىنى- ۋەردى. ھەر مىللەت ئاياللىرى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ۋە شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ قاتنىشىۋەردى، مەدەنىيەت بىلىملىرىنى پائال تۈردە ئۆگىنىۋەردى. شۇنداق بولسىمۇ، ئاياللار خىزمىتى كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىـ كىدىن ئايرىلىپ قېلىپ ئېغىر تەسىرلەرگە ئۇچرىدى، ئاياللار ھەرىكىتى ساغلام ھالدا تېز راۋاجلىنالماي قالدى.

---

ئىزاھلار:

① ⑨ جاڭ شىۋېن: «مەدەنىيەت سېپىدىكى پائالىيەتچان ئايال ياشلار»، «ئۈرۈمچى تارىخى ماتېرىياللىرى» 11 - توپلام، 1986 - يىل 2 - ئاي.

② فاڭ: «10 يىلدىن بۇيانقى شىنجاڭ ئاياللار ھەرىكىتى»، «شىنجاڭ ئاياللىرى» 3 - توم 3 - سان، 1943 - يىل 30 - نويابىر كۈنى نەشىردىن چىققان.

③ فېنيېن: «ئاياللار جەمئىيىتىنى توغرا تونۇش كېرەك»، «شىنجاڭ ئاياللىرى» نەشىر قىلىنغان تۇنجى سانى، 1941 - يىل 1 - فېۋرال نەشىردىن چىققان.

④ فاڭ: «ئاياللار جەمئىيىتىنىڭ بىر يىلدىن بۇيانقى خىزمەتلىرى»، «جاھانگىرلىككە قارشى سەپ» 5 - توم 4 - سان، 1941 - يىل 1 - يانۋار نەشىردىن چىققان.

⑤⑥⑫ جاڭ داجۈن: «شىنجاڭدا ئۆتكەن بوران - چاپقۇنلۇق 70 يىل».

⑦ كوممۇنىست خۇاڭ خېچىڭ جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشمىنىڭ باش كاتىپى بولدى، ئەمەلىيەتتە بۇ ئۇيۇشمىنىڭ ھەممە خىزمەتلىرىگە ۋە ھەرقايسى ئاممىۋى تەشكىلاتلارغا رەھبەرلىك قىلدى، بەزى بۆلۈملەرگە كوممۇنىستلار باشلىق بولدى، كوممۇنىست يۈسۈن مەدەنىيەت بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولدى.

⑧ جۇ دەنخۇا: «ئالتە بۈيۈك سىياسەتتىكى يېڭى ئاياللار» «شىنجاڭ ئاياللىرى» نەشىر قىلىنغان تۇنجى سانى، 1941 - يىل 1 - فېۋرال نەشىردىن چىققان.

⑩ مېڭ يىمىڭ: «شىنجاڭ ئاياللىرىنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىنىڭ غەلىبىسى، قىيىنچىلىقى ۋە ئىستىقبالى»، «شىنجاڭ ئاياللىرى» نەشىر قىلىنغان تۇنجى سانى، 1941 - يىل 1 - فېۋرال نەشىردىن چىققان.

⑪ فاڭ: «10 يىلدىن بۇيانقى شىنجاڭ ئاياللار ھەرىكىتى»، «شىنجاڭ ئاياللىرى» 3 - توم 4 - ۋە 5- بىرلەشمە سانى، 1944 - يىل 1 - ماي.

⑬ ⑭ ⑮ ⑰ ⑱ ⑲ «شىنجاڭ ئاياللار ھەرىكىتى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئاياللار بىرلەشمىسى، 1984 - يىل يانۋار.

⑯ يېڭى «دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدا ئېلىپ بارغان ئىنقىلابىي كۈرەشلىرىدىن خاتىرە» ئازادلىق ئارمىيە نەشرىياتى 1985 - يىل ئىيۇل خەنزۇچە نەشرى.

«شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» 1988 - يىل (خەنزۇچە) 2 - سانىدىن: تەر- جىمە قىلغۇچى: ئەنسەردىن مۇسا

# جامال قارشى ۋە ئۇنىڭ ««سۇراخ لۇغىتى» گە ئىلاۋە» دېگەن ئەسىرى

جامال قارشى چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن ئاتاقلىق تىلشۇناس. ئۇ مىلادى 1230 — 1231 - يىللىرى ئالمىلىق شەھرىدە تۇغۇلغان بولۇپ، دادىسى بالاساغۇندا ھاپىزلىق قىلغان، جامال قارشىنىڭ تولۇق ئىسمى — ئەبۇ ئەل - فادىل (فازىل) بىن مۇھەممەد بولۇپ، ئايرىم مەنبەلەردە ئەبۇ ئەل فادىل (فازىل) جامال ئەل دىن مۇ-ھەممەد ئىبنى ئۆمەر بىن خالىد دەپمۇ كۆرسىتىلگەن، ئۇ ئىلىم دۇنياسىدا جامال قارشى دېگەن ئىسىم بىلەن مەشھۇر بولغان. «قارشى» ئۇنىڭ تەخەللۇسى، بۇ سۆزنى مەھمۇت قەشقىرى «خان ئوردىسى» دەپ چۈشەندۈرگەن («دىۋان». I توم، 552 - بەت) (ئۇ-نىڭ يەنە «قورغان، قەلئە» دېگەن مەنىسىمۇ بولغان) ئەينى ۋاقىتتا ئالمىلىقتا ئىسلام دىنى ۋە مەدەنىيىتى خېلىلا تەرەققىي قىلغان بولۇپ، جامال قارشى ياشلىق دەۋرىدە، ئىسلام ئۆلىمالىرىدىن تەلىم ئېلىپ ئەرەب تىلى، قۇرئان، ھەدىسلەرنى ئۆگەنگەن، بەزى ئالىملار، ھەتتا ئۇنى ئالدىنقى قاتاردىكى قارى ئىدى، دەپ باھا بېرىشكەن. ئۇزۇن ئۆتمەي جامال قارشى شۇ يەرنىڭ ھۆكۈمرانى شىگناخ تېگىننىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشىپ، ئۇنىڭ ئوغلىغا مۇئەللىملىككە تەكلىپ قىلىنغان، كېيىن ئاقسۆگەكلەر ئۇچۇن ئىشلىگەن. ئوردا قاراۋۇللىرى ھۇجرىسىدا خىزمەت قىلغان. ئۇزىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا ئوردىدا تۇرۇش جەريانىدا ئەمەلدارلار بىلەن يېقىن ئالاقىدا بولغاچقا قارشى دېگەن تەخەل-لۇس بىلەن ئاتالغان. بارتولدنىڭ قارىشىچە، بۇ ئەينى ۋاقىتتىكى ئەمەلدارلارنىڭ ئاتىۋالغان ئىسمى ئىكەن.

1263 — 1264 - يىللىرى جامال قارشى ئالمىلىقتىن قەشقەرگە كېلىپ تۇرغان. ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كۆپ يەرلەرنى ئايلىنىپ، ئىسلام دۇنياسىنىڭ شەرقىدىكى داڭ-لىق شەيخلەر، ئۆلىمالارنىڭ ئەھۋالى بىلەن تونۇشقان.

جامال قارشى ئۆمرىدە بىر قانچە ئەسەر يازغان، بۇنىڭ ئىچىدە بىر قەدەر نامى چىققىنى «سۇراخ لۇغىتى» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. جامال قارشى قەشقەردىكى «ساچىيە» مەدرىسىنىڭ كۇتۇپخانىسىدىن ئاتاقلىق لۇغەتشۇناس جاۋ خارى (Drawhari) نىڭ «ئال ساخاھ» ياكى «ئال سىخاھ» (مەنىسى مۇكەممەل) دېگەن ئەسىرىنىڭ قول يازمىسىنى كۆرگەندىن كېيىن (بۇ ئەسەرنىڭ تولۇق نامى

TadJ al - lugha wa Sihahal - Arabiyya يەنى تاج ئەل لۇغا ۋە سىخاھ ئەل ئارا-
بىيە - تىللارنىڭ تاجى ۋە ئەرەب تىلىدىكى گۈزەللىك) 1282 — 1283 - يىللىرى،
پارس تىلىدا بىر ئىزاھلىق لۇغەت ئىشلەپ چىققان. ئۇنىڭ تولۇق ئاتىلىشى «ئەل
سۇراخ فى ئەل لۇغا - تىللاردىكى ئۆلچەملىك تەلەپپۇز ياكى سۆزلەر، ئوچۇق تىل
ئۆلچەملىك تىل» بولۇپ، ئادەتتە قىسقارتىلىپ «سۇراخ» ياكى «سۇراخ لۇغىتى»
دېيىلگەن (سۇراخ - ئەرەبچە سۆز بولۇپ مەنىسى چۈشىنىشلىك، ئېنىق دېگەنلىك).
ئەمما بىز ئۈچۈن قىممەتلىك بولغىنى جامال قارشىنىڭ 1302 — 1303 - يىللىرى
ئەرەب تىلىدا يازغان «‹سۇراخ لۇغىتى›گە ئىلاۋە» سى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنى ئۇ
قەشقەردىكى دىنىي زاتلارنىڭ تەكلىپى بويىچە ئىشلەپچىققان بولۇپ، بۇ، ئوتتۇرا ئا-
سىيادا ئۆتكەن بەزى خانلىقلارنىڭ تارىخىدىن پارچىلار ۋە مەشھۇر شەيخلەرنىڭ تەز-
كىرىلىرى، بەزى شەھەرلەرنىڭ يول، قۇرۇلۇش، مەنزىرە ۋە مەھسۇلاتلىرىنى ئۆز ئىچىگە
ئالىدۇ. «ئىلاۋە» نىڭ مۇھىملىقى ئالدى بىلەن مۇڭغۇللارنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى
ۋە ئۇنىڭ گۈللەنگەن دەۋرى، بولۇپمۇ XIII ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى ئوت-
تۇرا ئاسىيانىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىش جەھەتتىنە كۆرىلىدۇ. بۇ دەۋرگە ئائىت خەن-
زۇچە خاتىرىلەر، ئىسلام تارىخى ھۆججەتلىرى، شۇنداقلا پارسچە ماتېرىياللاردىن
جۇۋاينى، راشىددىن، ۋاسۇف قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرى مەشھۇر بولسىمۇ، بۇلار نەشىر
چاغدىكى ئوتتۇرا ئاسىيانى تەتقىق قىلىشتا يەنىلا كەملىك قىلىدۇ. جۇۋاينى ئۆزى بى-
ۋاستە ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركى تىلىدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەر يەرلىرىگە بارغان بول-
سىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە خېلىلا بۇرۇنقى ئىشلار (1260 - يىلى ياكى ئۇنىڭدىن
سەل كېيىنكى چاغلار) سۆزلەنگەن. راشىددىن ياكى ۋاسۇفنىڭ ئەسەرلىرىدە بىرلىككە
كەلگەن موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ بۆلۈنۈپ كېتىش ئەھۋالى سۆزلەنگەن. ئۇلار پىرىس-
يېنىڭ شەرقىدىكى رايونلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلمىگەچكە ئاساسلىق كۈچىنى ئۆز دۆلىتى،
ئىلخانلارنىڭ تارىخىنى بايان قىلىشقا قاراتقان. شۇڭا، باشقا ئەسەرلەرگە سېلىشتۇر-
غاندا، جامال قارشىنىڭ «ئىلاۋە» سى ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيا-
دىكى موڭغۇللارنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلغاندا، بولۇپمۇ ئۆزى بىۋاستە باشتىن كەچۈر-
گەن ئەھۋاللار، ئۆزى ئىگىلىگەن ماتېرىياللارنى ئاساس قىلغان مەسىلەن، ئۆزى ئىك-
كى قېتىم خىزمىتىنى قىلغان قايدۇ، ھەممە ئۇنىڭ يۈەن سۇلالىسى، چاغاتاي ئەۋلاد-
لىرى بىلەن بولغان بەزى بىر تەسىرلىك ئەھۋاللىرى، يالۋاچلار ھەم ئۇلارنىڭ ئىز-
چىللىرىنىڭ ماۋارەئۇننەھردىكى ئەھۋالى قاتارلىقلار مۇھىم تارىخىي ماتېرىيال قىم-
مىتىگە ئىگە.

«ئىلاۋە» نىڭ موڭغۇللاردىن ئىلگىرىكى ئوتتۇرا ئاسىيا خانلىقلارنىڭ تارىخىنى
تەتقىق قىلىشتىمۇ مۇھىم ئەھمىيىتى بار. مەسىلەن: قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ دەس-
لەپكى مەزگىلىنىڭ تارىخى ۋە نەسەبى خەنزۇچە ماتېرىياللاردىلا ئەمەس بەلكى ئىس-

لام ھۆججەتلىرىدىكى خاتىرىلەردىمۇ بىر - بىرىگە باغلانمايدۇ. جامال قارشى «ئىلاۋە» نى يېزىشتا ئەينى چاغدىلا كۆرۈش مۇمكىن بولغان بەزى تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغان. مەسىلەن XI ئەسىردىكى قاراخانىلار دەۋرىدىكى تارىخچى ئابدۇلغاپپار بىن ھۈسەيىننىڭ «تارىخ كاشغەر» (قەشقەرىيە تارىخى) (ھازىر مەلۇم ئەمەس) دا قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ بەزى مۇھىم ئەھۋاللىرى بايان قىلىنغان بولۇپ، جامال قارشى بۇ ئەسەردىن ناھايىتى ياخشى پايدىلانغان. شۇڭا تارىختىن بۇيان تەتقىقاتچىلار ئابدۇلغاپپارنىڭ بۇ ئەسىرىگە يەك ئەھمىيەت بېرىپ كەلمەكتە. جامال قارشى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەزى مەشھۇر شەيخلەر بولۇپمۇ ئۇلار بىلەن زاماندىش كىشىلەر توغرىسىدا مەلۇمات بېرىدۇ. بارتولد خېلى بۇرۇنلا «ئۇنىڭ بىزگە ئېيتىپ بەرگەن بەزى مەسىلىلىرى شۇ دەۋرنىڭ مەنىۋى تۇرمۇش ئەھۋالىدىن ئىبارەت ئىدى» دەپ كۆرسەتكەن.

«سۇراخ لۇغىتىگە، ئىلاۋە» نىڭ قول يازمىسى خېلى بۇرۇن م . س ئاندىروف تەرىپىدىن ئوتتۇرا ئاسىيادىن XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا تېپىلغان. 1898 - يىلى بارتولد ئۆزىنىڭ «موڭغۇل ئىستىلاسى دەۋرىدىكى تۈركىستان» دېگەن ئەسىرى ئېلان قىلىنغاندا «ئىلاۋە» دىكى قىسقارتىلغان ئۆزۈندىلەرنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ مەزكۇر ئەسەرنىڭ 1 - جىلدىنىڭ «تارىخىي ماتېرىياللار» قىسمى (128 - 152 - بەتلەر)گە كىرگۈزگەن، قىسقارتىلغان بۇ ئۆزۈندىلەر ئۇمۇمەن تۆت مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

(1) قارا خانىلار سۇلالىسىغا دائىر ئەھۋاللار.

(2) موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ۋەزىرلىرىنىڭ تارىخىدىن تەرمىلەر.

(3) ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەزى شەھەرلەر ۋە ئۇ يەردىكى مەشھۇر شەخسلەرنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى.

(4) ئاپتور ئۆزىنىڭ پائالىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللار.

كېيىن (1902 - يىلى) بارتولد ئۆزى ئوتتۇرا ئاسىياغا بارغان چېغىدا ياخشى بىر قوليازما نۇسخىسىنى تاپقان. ئەمما ئۇنىڭ ئۆزى ياكى باشقىلار «ئىلاۋە» نىڭ تولۇق نۇسخىسىنى ئېلان قىلمىغان. بارتولدتىن باشلاپ غەربتىكى بەزى ئالىملار «ئىلاۋە» نى ئىشلىتىپ كەلدى. (ئەمما ھەممىسىنىڭ ئىشلەتكىنى قىسقارتىلغان نۇسخىسى) شۇڭا ئۇنىڭ باشقا يېزىقتىكى نۇسخىسى بولمىغاچقا كۆپچىلىك ئالىملار پايدىلىنالمايۋاتىدۇ.

تۈزگۈچى: غەيرەتجان ئوسمان

# يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىدە جوڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدا ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىدىن خاتىرە☆

4 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، ماۋدۇن مەدەنىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئومۇمىي ھەيئەتلەر يىغىنىدا «6 سىياسەتلىك يېڭى مەدەنىيەت» توغرىسىدا دوكلات بېرىپ، شىنجاڭنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى مەدەنىيەت خىزمىتىگە قارىتا بەزى مۆلچەرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى: شەكلى مىللىي بولغان، «6 سىياسەت» نى مەزمۇن قىلغان مىللىي مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش فاكۇلتېتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، شىنجاڭدىكى 14 مىللەتنىڭ مەدەنىيەتنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۇيۇشمىلىرى ياكى ئۇنىڭ شۆبىلىرى قۇرۇلدى... بۇ ئۇيۇشمىلار تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش، ئويۇن قويۇش، تام گېزىتى چىقىرىش، مەكتەپ ئېچىش قاتارلىق پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا مەدەنىيەت تورلىرىنى شەكىللەندۈردى. شېڭ شىسەي 1939 - يىلى 6 - ئاينىڭ 8 - كۈنى بۇ ئۇيۇشمىلارنىڭ ۋە ئۇنىڭ ھەرقايسى ناھىيىلەردىكى شۆبىلىرىنىڭ ئۆلكىلىك مەدەنىيەت جەمئىيىتىنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا بولىدىغانلىقى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چىقاردى. 1941 - يىلى 3 - ئايدا، ئۆلكىلىك مەدەنىيەت جەمئىيىتى جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش باش ئۇيۇشمىسى بىلەن بىرلىشىپ كەتتى.

5 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، ماۋدۇن، جاڭ جۇڭشى ئايروپىلان بىلەن ئىچكىرىگە قايتتى. (مۇشۇ مەزگىللەردە شېڭ شىسەينىڭ ئىلغار زاتلارغا زىيانكەشلىك قىلىشى ۋە ئۇلارنى تۇتقۇن قىلىشى تۈپەيلى، شىنجاڭ ۋەزىيىتى كۈنسايىن يامانلاشتى. شۇڭا، جاڭ جۇڭشى چوڭ ئاپىسىنىڭ، ماۋدۇن ئانىسىنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى بانا قىلىپ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىچكىرىگە قايتىشنى تەلەپ قىلدى. شېڭ شىسەي ئىلاجىسىز ماقۇل بولدى. ماۋدۇن ۋە جاڭ جۇڭشى جوڭگو كوممۇنىستلى

☆ بېشى ئۆتكەن ساندا.

رىنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا شېڭ شىسەينىڭ ئۇلارنى قۇمۇلدا تۇتۇپ قېلىش سۇيىقەستى-
دىن قۇتۇلۇپ قالدى.)

5 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، شېڭ شىسەي ئىلغار زاتلارغا زىيانكەشلىك قىلىش ئۈچۈن «دۇ جۇڭيۈەننىڭ قوزغىلاڭ قىلىشنى پىلانلاش ئەنزىسى» دېگەن بىرنېمىنى توقۇپ چىقتى ھەمدە دۇ جۇڭيۈەننى «ۋاڭ جىڭۋېينىڭ جاسۇسى»، «تروتسكىچى» دەپ قارىلاپ قولغا ئالدى. «دۇ جۇڭيۈەن ئەنزىسى» گە چېتىلىپ قولغا ئېلىنغانلار 1200 كىشىدىن ئاشتى. جاۋدەن، شۈيتاۋ، جۇ جىنىڭ، ۋاڭ ۋېيى، يى ليە قاتارلىق كىشىلەر قولغا ئېلىنىپلا قالماستىن نۇرغۇن ياش ئوقۇغۇچىلارمۇ قولغا ئېلىندى. يې ليە تۈرمىدە ئۆلتۈرۈلدى. چېن تيەنچۇ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا يازغان دوكلاتىدا: بۇ ئىنتايىن چوڭ سۇيىقەست، كومپارتىيىگە قارشى ھەرىكەتنىڭ داۋامى، دەپ كۆرسەتتى.

5 - ئايدا، پىڭ شۆەر، زىڭ سەن، جىن جىنچاڭ قاتارلىق 14 كىشى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئايروپىلانى بىلەن يەنئەنگە قايتتى. چېن تيەنچۇ ئايرودرومغا چىقىپ ئۇزۇتۇپ قويدى.

5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، ئاقسۇ مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى خۇاڭ خوچىڭ ۋىلايەتنىڭ ھەرقايسى ناھىيىلىرىدە سۇ مەنبەلىرىنى ئېچىش، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ مەيدانلىرىنى كېڭەيتىش توغرىسىدا كۆرسەتمە ئېلان قىلدى، سۇ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن بەش مىڭ يۈەن (ئاقسۇ ناھىيىسىگە ئىككى مىڭ يۈەن، ۋەنسۇ ناھىيىسىگە ئىككى مىڭ يۈەن، ئۈچتۇرپان ناھىيىسىگە 500 يۈەن، ئاۋات ناھىيىسىگە 500 يۈەن) قەرز پۇل چۈشۈرۈپ بەردى.

6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، تاشقورغاننىڭ ھاكىمى شۆلياڭ مەكىت ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا يۆتكەلدى، 1941 - يىلى 3 - ئاينىڭ 25 - كۈنى مەكىت ناھىيىسىنىڭ سىياسىي ئىشلار ھەيئەتلىكىگە تەكلىپ قىلىندى. شۆلياڭ تاشقورغان خەلقىگە نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بەرگەن ئىدى. ئۇ تاشقورغاندىن يۆتكەلگەندىن كېيىن، شېڭ شىسەي جۇڭگو كوممۇنىستلىرىغا زەربە بېرىش ۋە زىيانكەشلىك قىلىش ئۈچۈن بىر كومىتېت قۇرۇپ، شۆلياڭنىڭ تاشقورغاندىكى ئاتالمىش مەسىلىلىرىنى تەكشۈرۈشكە كىرىشتى.

6 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، قەشقەر مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى لى يۈنياڭ

ماراللبېشى ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا يۆتكەلدى ۋە 1941 - يىلى 4 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ناھىيىنىڭ سىياسىي ئىشلار ھەيئەتلىكىگە تەكلىپ قىلىندى.

6 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، چېن تيەنچيۇ ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىغا شىنجاڭنىڭ بىر يىلدىن بۇيانقى سىياسىي ئەھۋالىدىن دوكلات قىلىپ مۇنۇلارنى ئوتتۇرىغا قويدى: شىنجاڭدا سىياسىي كىرىزىس كۈنسايىن ئېغىرلىشىۋاتىدۇ. شېڭ شىسەي موڭغۇل، قازاق، قىرغىز ۋەكىللىرىنىڭ ھەممىسىنى تۇتۇپ قالماقچى ھەمدە ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى قولغا ئالماقچى. يېقىندا، قازاقلارنىڭ باشلىقى شېرىپقان قولغا ئېلىندى. بۇ يىل 2 - ئايدا، ئالتاي قازاقلىرى قورال تاپشۇرۇشنى رەت قىلىپ قوزغىلاڭ قىلغان ئىدى، شېڭ شىسەي ئەسكەرى ۋە ئايروپىلان چىقىرىپ ئۇلارنى باستۇردى. نەچچە يۈز ئادەمنى ئۆلتۈردى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۈچ رەھبىرىنى قولغا ئالدى. جەمئىيەتتە ئەنسىزلىك كۈچىيىپ كەتتى. شېڭ شىسەي ئۈچ قېتىم ئېلان چىقارغان ئىدى، بۇ ئېلانلار دەل ئىنقىلابقا قارشى ئۇنسۇرلارنىڭ زىيانكەشلىك ھەرىكەتلىرى ئۈچۈن پۇرسەت يارىتىپ بەردى. بىرىنچى ئېلاندا، ئىشپىيون - جاسۇسلارنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەردىن ئۆلكىمىزگە كېلىپ بۇزغۇنچىلىق قىلىشىدىن ساقلىنىش لازىم، ئىچكى ئۆلكىلەردىن كېلىدىغانلارنى چەكلەش، باشقىلارنىڭ نامىنى سۇيىي ئىستېمال قىلىپ ياكى يالغان تارىخ ياساپ شىنجاڭغا چىققانلارنى جازالاش توغرىسىدا تەدبىر بەلگىلەش كېرەك، دېگەنگە ئوخشاش مەزمۇنلار بار؛ ئىككىنچى ئېلان بۇ يىل ئەتىيازدا چىقىرىلدى، بۇنىڭدا، ھۆكۈمەت خادىملىرى ۋە ئاممىنىڭ ئىشپىيونلار، تروتسكىچىلار ئۈستىدىن نازارەت قىلىشى ۋە ئۇلارنى پاش قىلىشى چاقىرىق قىلىندى؛ ئۈچىنچىسى 5 - ئاينىڭ ئاخىرى ئېلان قىلىندى، بۇنىڭدىمۇ ئىشپىيون، جاسۇس، تروتسكىچىلارنى تولۇق پاش قىلىش لازىملىقى، ھەتتا بىۋاسىتە شېڭ شىسەينىڭ ئۆزىگە مەلۇم قىلىشقا بولىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلدى...

چېن تيەنچيۇ دوكلاتىدا يەنە: «ئەسلىدىكى ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىگە قوشۇۋېتىلدى، جايلاردىكى ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىلىرى تارقىتىۋېتىلدى، ئاياللار جەمئىيىتى قۇرۇق ۋىۋىسكا بولۇپ قالدى،»، «يېقىندىن بېرى، ئەكسىيەتچىلەر بىزگە تازا ھۇجۇم قىلىۋاتىدۇ، كۆپچىلىك يولداشلىرىمىز نازارەت قىلىنىۋاتىدۇ ۋە پايلاقچىلارنىڭ كۆزىتىشىدە تۇرۇۋاتىدۇ، بولۇپمۇ شۆلياڭ، خۇجيەن، پەنتۇڭ، لى جىڭلياڭ قاتارلىقلارغا تۆھمەت ۋە زىيانكەشلىك قىلىندى» دېدى. ئۇ، بۇ خىل ۋەزىيەتكە قارىتا بەش تۈرلۈك كونكرېت تەدبىر ئوتتۇرىغا قويدى.

6 - ئاينىڭ 24 - كۈنى، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش باش ئۇيۇشمىسى ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەتىلدە يۇرتىغا قايتىش مۇناسىۋىتى بىلەن دوكلات يىغىنى ئۆتكۈزدى.

يىغىنغا ئۇيۇشمىنىڭ باش كاتىپى ۋاڭ باۋچيەن، خەلق ئاممىسى بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ليۇ جىڭجۇڭ قاتارلىق كىشىلەر ھەمدە شىنجاڭ شۆيۈەن، 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ، سىيەن قاتارلىق ئورۇنلاردىن 600 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى قاتناشتى. ۋاڭ باۋچيەن يىغىنلارغا بىرىپ تەشۋىق - تەرغىبات ئېلىپ بېرىشنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدا دوكلات بەردى ھەمدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ماركسىزمنى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ۋەزىيەتنى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ يېڭى سىياسەتلىرىنى يېزا - قىشلاقلارغا ئېلىپ بېرىپ، كەڭ تەشۋىق قىلىشىنى ئۈمىد قىلدى.

6 - ئايدا، شېڭ شىسەي چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىنى تىزگىنلەش ئۈچۈن ليۇ جىڭجۇڭغا زىيانكەشلىك قىلماقچى بولدى. لېكىن سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى كۆزدە تۇتۇپ، قولغا ئېلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. شۇنىڭ بىلەن ليۇ جىڭجۇڭنىڭ خىزمىتىنى توختىتىپ بىكار قالدۇرۇپ، قاتتىق نەزەربەنت قىلدى.

7 - ئايدا، شېڭ شىسەينىڭ دۇجۇڭيۈەننى تۈرمىگە سولىغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر ئىچكى ئۆلكىلەرگە تارقىلىپ، ھەرقايسى ساھەلەردىكى زاتلارنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى. گاۋچۇڭمىن، شېن جۈنرۇ، جاڭ يۈ، مودېخۇي، خۇاڭ يەنپېي، قاتارلىق كىشىلەر شېڭ شىسەيگە خەت يېزىپ ياكى تېلېگرامما ئەۋەتىپ دۇجۇڭيۈەننى قويۇۋېتىشنى تەلەپ قىلدى، لېكىن شېڭ شىسەي بۇ تەلەپلەرنىڭ ھەممىسىنى رەت قىلدى.

7 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، جۇڭگو كومپارتىيە مەركىزىي كومىتېتى: سوۋېت كونسۇلى ئالماشتۇرۇلدى، ..... مېنىڭ چەت ئەللىكلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىم سۇيۇقلىشىپ قالدى، يېرىم يىلدا بىر قېتىملا خەت ئالماشتۇرالاۋاتىمەن، دەپ دوكلات قىلدى ۋە شىنجاڭدىكى كوممۇنىستلارنىڭ ئەدىيە ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى.

يازدا، شېڭ شىسەي ئۇچقۇچىلار 3 - ئەترىتىدىكى بىر قانچە ئايرۇپىلاننى خىلمۇ خىل باھانە - سەۋەبلەر بىلەن چەت جايلارغا ئەۋەتىۋېتىپ، ئاۋىئاتسىيە ئەترىتىدىكى كۇرسانتلىرىمىزنىڭ ئۇچۇش مەشقى ئېلىپ بېرىشىنى توختىتىپ قويدى. مەشقىنىڭ قاچان داۋاملاشتۇرۇلىدىغانلىقىدىن ھېچقانداق دېرەك بولمىغانلىقى ئۈچۈن 3 - ئوتتۇرا ئەترەتتىكى كۇرسانتلار جۇڭگو كومپارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا ئەھۋالنى ئىنكاس قىلىش، يەنئەنگە قايتىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا قاتنىشىش توغرىسىدا تەلەپ سۇندى. مەركەزگە يېزىلغان خەتتە ئىككى يىللىق ئۆگىنىش ئەھۋالى دوكلات قىلىندى، شېڭ شىسەينىڭ كۇرسانتلارغا سوغۇق مۇئامىلىسى ئۇتۇقلۇقلىقى ئىنكاس قىلىندى، ھەمدە مەركەزگە مۇنداق بىر قانچە تەلەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى:

(1) 8 - ئارمىيىنىڭ ھاۋا ئارمىيە ئەترىتىنى قۇرۇش — ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا

ھاۋادىن زەربە بېرىش ئۈچۈن ھەممىمىزنىڭ يەنئەنگە قايتىشىغا رۇخسەت قىلىنسا؛

(2) پارتىيىمىزنىڭ ھاۋا ئارمىيە ئەترىتىنى قۇرۇشقا ھازىرچە ئىمكانىيەت بولمىسا، يەنئەنگە قايتىپ قۇرۇقلۇق ئارمىيىگە قاتنىشىپ، ئالدىنقى سەپتىكى ئۇرۇشقا قاتنىشىشقا رۇخسەت قىلىنسا؛

(3) يەنئەنگە قايتىش بىئەپ بولسا، سوۋېت ئىتتىپاقى ھاۋا ئارمىيىسىگە قاتنىشىپ، فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشقا قاتنىشىشقا رۇخسەت قىلىنسا.

بىر ئايدىن كېيىن، مەركىزىي كومىتېت بۇنىڭغا جاۋابەن: «ئىنتىزامغا قاتتىق رىئايە قىلىپ، خاتىرجەم ئۆگىنىڭلار»، دەپ تېلېگرامما ئەۋەتتى.

7 - ئايدا، «يېڭى ئەسكەرلەر لاگېرى» دىكى كاماندىر - چەكچىلەردىن چېن پۇخەي، ليۇچى، جياشەن، جياۋبىڭشى، دۇتيەنيى، يۈيىرىن، رىن داۋشيەن، جاڭ دامىڭ، جۇجىڭاۋ، شۈنىڭدەك ۋۇيىۋەنرىن، لى گۋاڭ، رېن تەيبىن، پەن شىڭپىڭ، ئەن جىيۇەن، سۇچىجاڭ، شى خىن، جىن جۇڭچى قاتارلىق 21 كىشى شىڭشىسەي قوشقان مۇھاپىزەتچىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئىككى ئاپتوموبىل بىلەن ئۈرۈمچىدىن يولغا چىقىپ، 8 - ئايدا يەنئەنگە يېتىپ باردى.

8 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، جاھانگىرلىككە قارشى ئۇرۇش ئۇيۇشمىسى تەكشۈرۈش كومىتېتى تەشكىللەپ، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى ۋىلايەت - ناھىيىلىرىدە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئۈچۈن ئىئانە قىلىنغان پۇل، كىيىم - كېچەك ۋە ئالتۇن - كۈمۈش جابدۇقلارنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزىۋالدى. بۇ ئىش 10 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئاخىرلاشتى. سىتاتىستىكا قىلىنىشىچە، جاھانگىرلىككە قارشى ئۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ 1937 - يىلى 9 - ئايدىن 1940 - يىلى 5 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە توپلىغان ئىئانە پۇلى كۈمۈش پۇل ھېسابىدا ئىككى مىليون 56 مىڭ 490 سەر تەڭگىگە، ئالتۇن - كۈمۈشتىن ياسالغان زىننەت بۇيۇملار 20 نەچچە خىلغا (ئالتۇن بىر سەر تۆت مىسقال، كۈمۈش 39 سەر 7 مىسقال) يەتكەن. كىيىم - كېچەك، تېرە - تەسەكلەرنىڭ سانى تېخىمۇ كۆپ. ئىئانە ئۈچۈن توپلانغان بۇ پۇلنىڭ بىر قىسمىغا ئايروپىلان سېتىۋېلىندى، يەنە بىر قىسمى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئارقا سەپ كومىتېتىغا ئەۋەتىپ بېرىلدى.

8 - ئايدا، مائارىپ نازارىتى 2 - قېتىملىق مائارىپ - مەمۇرى يىغىنى ئاچتى. بۇ قېتىمقى يىغىن 1 - قېتىملىق يىغىندىن بۇيانقى خىزمەتلەرنى يەكۈنلەپ، بۇندىن كېيىنكى يېڭى ۋەزىپىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇي مىڭچۇ دوكلات بېرىپ، «مەدەنىيەت - مائارىپ خىزمىتىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش - شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش دەۋرىدىكى ۋەزىپىلىرى»، «شىنجاڭ مائارىپىنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالى»، «يېڭى غەلىبە

گە قاراپ ئىلگىرىلەيلى» دېگەن مەسىلىلەر ئۈستىدە نۇقتىلىق توختالدى. يىغىن 23-
چېسلا قارار ماقۇللىدى ۋە مائارىپ مەمۇرىيىتى، مائارىپ راسخوتى، ئوتتۇرا مائارىپ،
ئىجتىمائىي مائارىپ، مەدەنىيەت ئۆيۈشمىلىرى ۋە ئۆيۈشمىلار باشقۇرغان مەكتەپلەر قا-
تارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە ئېنىق بەلگۈلىمىلەر بەلگىلىدى.

9-ئايدا، جۇئېنلەينىڭ يولىيورۇقىغا ئاساسەن چېنتەنچۇ خۇاڭخوچىڭنىڭ ئانىسى-
نىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنى بانا قىلىپ ئۇنىڭ قايتىشى ئۈچۈن شېڭشىسەيدىن رۇخسەت
ئالدى. شۇنىڭ بىلەن خۇاڭخوچىڭ شىنجاڭدىن يەنئەنگە قايتتى.

10-ئاينىڭ 1-كۈنى، «جاھانگىرلىككە قارشى سەپ» نىڭ 5-جىلد 1-سانى-
غا لىخې نىڭ «ياۋروپا ئۇرۇشى ۋە دۇنيا سىياسىسى»، «ئارمىيىمىزنىڭ شىمالىي
جۇڭگودا زەربە بېرىشى»، «ئىتالىيە مىسىرغا ھۇجۇم قىلدى»؛ بەيدافاڭنىڭ «يېڭى
جۇڭگونىڭ تىياتىرى ۋە تىياتىر خادىملىرى»؛ ۋاڭباۋچيەننىڭ «سوۋېت باللىرى»
دېگەن ماقالىلىرى ۋە جاۋدەن قاتارلىقلار كوللېكتىپ ئىشلىگەن سەھنە ئەسىرى — «يې-
ڭى شىنجاڭ ياشىسۇن» بېسىلدى.

10-ئاينىڭ 3-كۈنى، چېنتەنچۇ ج ك پ مەركىزى كومىتېتىغا ئۆلكىلىك ھۆ-
كۈمەتنىڭ ئالتاي قازاقلىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ قوزغىلاڭنى تىنچ ھەل قىلغان-
لىقىغا دائىر مەسىلىلەردىن دوكلات قىلدى. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: قورال يىغى-
ۋېلىش مەسىلىسى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان قازاقلار قوزغىلىڭى 10 ئايغا يېقىن
ۋاقىتتىن كېيىن تىنچ ھەل قىلىندى: قازاقلار بىر قىسىم قورالنى تاپشۇردى، ھۆكۈ-
مەت قازاقلارنىڭ رەھبەرلىرىنى ئالتاينىڭ ۋالىلىقىغا تەيىنلىدى؛ موڭغۇل، قازاق، قىر-
غىز ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىدا تۇتۇپ قېلىنغان قازاق رەھبەرلىرى قويۇپ بېرىلدى؛ مۇسا-
دىرە قىلىنغان قۇرئانلار قايتۇرۇلدى، ھۆكۈمەت قازاقلارغا نەپىقە پۇلى بەردى. چېن
تەنچۇ يەنە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: بۇ قېتىمقى ۋەقە مىللىي سىياسەتكە نىسبەتەن
ھەقىقەتەنمۇ چوڭ بىر ساۋاق بولدى. بولۇپمۇ مىللىي باشلىقلارنى قاماپ قويۇش يو-
لى بىلەن قورال-ياراقلارنى يىغىۋېلىشنى ئويلاش مەسىلىسىنى ئىنكار قىلدى. بۇ
قېتىمقى ۋەقەنىڭ ھۆكۈمەتكە بولغان تەسىرى بىلەن يېقىنقى بىر قانچە ئايدىن
بۇيان ئۈزلۈكسىز چاپلانغان ئېلانلار ۋە ئېچىلغان يىغىنلاردا دىنىنى قوغداش، مائارىپ
مۇئەللىملىرىنى قوغداش مۇراجىئەت قىلىندى. ھەتتا بۇرۇن ئىنئام قىلىنغان مۇئارىپ مۇ-
ئەللىملىرى (ئىجتىمائىي مائارىپقا ۋە باشقا ئورۇنلارغا ئىشلىتىلىدىغانلىرى) ئۈزلۈكسىز
قايتۇرۇپ ئېلىندى. بۇنداق تۇرۇپ سولدىن، تۇرۇپ ئوڭدىن چىققان مىللىي سىياسەت-
لەر پەقەت جەمئىيەتنىڭ قالايمىقانلىشىشىنى كەلتۈرۈپ، ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ نوخلى-
سىنى ئۆستۈرۈپ قويىدۇ — خالاس.

چىن تەنچۇنىڭ بۇ دوكلاتى بىرلا ۋاقىتتا كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال - غىمۇ يوللاندى.

11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، «جاھانگىرلىككە قارشى سەپ» نىڭ 5 - جىلد 2 - سانى ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنى خاتىرىلەشكە بېغىشلانغان ئالاھىدە سان سۈپىتى بىلەن ماركس، ئېنگېلىس، لېنىن، ستالىن، مولوتوۋ، ۋورشىلوۋ قاتارلىق كىشىلەرنىڭ رەسىمىنى باستى، ۋاڭباۋچيەن قاتارلىقلارنىڭ «جۇڭگو - سوۋېت مەدەنىيەت جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ بىر يىللىق خىزمەت خۇلاسىسى» قاتارلىق ماقالىلارنى ئېلان قىلدى.

كۈزدە، لىن جىلۇ ساۋخۇغا بېرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. سۇنىڭ قىسلىقى تۆپەيلى 50 - 60 مىڭ تۇياق چارۋىنىڭ خەۋپتە قىلىشۋاتقانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ ئۈستەڭ چېپىش — تارىم دەرياسىنىڭ سۈيىدىن پايدىلىنىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇنىڭ باشچىلىقىدا ئىككى ئۆستەڭ چېپىلىپ، ساۋخۇدا چارۋا - مال بېقىش مەسىلىسى ھەل قىلىندى.

11 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، خوتەن باج ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى چېن گۇاڭجۇ قارىقاش ناھىيىسىنىڭ مۇۋەققەت ھاكىملىقىغا يۆتكەلدى. ئۇ 11 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالدى.

11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، ماۋزېمىن مالىيە نازارىتىنىڭ ھەر قايسى ۋىلايەت - ناھىيىلەردىكى باج ئىدارىلىرىغا تارقاتقان «يەر خېتىنى تەكشۈرۈش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» نى تەستىقلاپ چۈشۈردى. ئۇقتۇرۇشتا: «خەلقنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ھۆكۈمەت بۇ يىل يەر ھوقۇقىنى بەلگىلەش ۋە ھەر قايسى ناھىيىلەرنىڭ يەر بېجىنى تەرتىپكە سېلىش ئىشىنى ئېلىپ بارىدۇ. بۇ يىلقى يەر بېجى نىزامنامىسى ئىچىدە يەر خېتىنى تەكشۈرۈش بەلگىلەندى. بۇ خىزمەتنى شۇ ئىدارە ۋە ئۇنىڭ قارمىقىدىكى شۆبە ئىدارىلەر شۇ ناھىيىنىڭ ھاكىملىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ تېز ئېلىپ بېرىشى، قىيىنچىلىق ۋە جاپا - مۇشەققەتتىن قورقماي تىرىشىپ ئورۇنلىشى لازىم» دەپ كۆرسەتىلدى. بۇ تەدبىر خەلقنىڭ يەرگە بولغان ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىنى قوغداپ، يەر ماجىرالىرىنى تۈگەتتى، يەرلەرنىڭ موسانىنى سېلىشتۇرۇپ يەر بېجىدىن كىرىدىغان كىرىمگە كاپالەتلىك قىلدى.

11 - ئايدا، كۇچا ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى لىن جىلۇ پازىل سالى قاتارلىق خىزمەتتە ياخشى، ئىمدىيىدە ئىلغار خىزمەتچىلەردىن 22 كىشىلىك ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى تەشكىللىدى. بۇ گۇرۇپپا كەچكى ۋاقىتلاردىن پايدىلىنىپ ئىككى سائەتتىن ئۆگىنىش قىلدى.

ىن جاۋ جۇڭگو جۇغراپىيىسى، جۇڭگو تارىخى قاتارلىق پەنلەردىن دەرس ئۆتۈپ يەرلىك مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلىدى.

12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، ماۋزېمىن تۈزۈپ چىققان «مىنگونىڭ 30 - يىلىدىكى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ قۇرۇلۇش زايومى نىزامى» (11 ماددا) رەسمىي ئېلان قىلىندى. بۇ «نى-رام» دا: «ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت 2 - قارارلىق ئۈچ يىللىق قۇرۇلۇش پىلانىنى تېز تاماملاش ئۈچۈن مىنگونىڭ 30 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ قۇرۇلۇش زايومى دېگەن نامدا بۇ زايومنى تارقاتتى. بۇ زايوم يېڭى پۇل ھېسابىدا بەش مىليون يۈەن بولۇپ، مىنگونىڭ 30 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئېتىبارەن تارقىتىلىدۇ» دەپ بەلگىلەندى.

12 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، خۇجيەن تاشقۇرغان ناھىيىسىنىڭ چېگرا ھەيئەتلىكىگە تەيىنلەندى. ئۇ چېگرا خىزمىتىنى ئىشلىگەن مەزگىللەردە ئەنگلىيە، ھىندىستان سودىگەرلىرىنىڭ ئەپيۇن ئەكىرىپ ئالتۇن - كۈمۈش، گۆھەرلەرنى ئېلىپ كېتىدىغان قانۇنسىز ھەرىكەتلىرىنى مەنئى قىلدى؛ ئەنگلىيە جاسۇسلىرىنىڭ قۇترىتىشى بىلەن قەشقەر يېڭى شەھەر ناھىيىسىدە پەيدا بولغان ئىككى لىيەن ئەسكەرنىڭ توپىلىڭىنى تىنجىتتى؛ چېگرىدىكى ئەسكەرلەرنى تەرتىپكە سالدى، ئۇلارغا «ئالتە سىياسەت» نى ۋە ئىلغار ئىدىيىنى تەشۋىق قىلدى، كوماندىر - جەڭچىلەرنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئارقا سەپتىن ياردەم بېرىش ئۈيۈشمىسىغا قوبۇل قىلىپ، دۆلەت مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەشكە تۆھپە قوشتى.

يىل ئاخىرى، ئاشلىق جۇغلاش، قەھەتچىلىككە تەييارلىنىش جەھەتتە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئاشلىق جۇغلاش نۇقتىلىرىدىن 77 سى قۇرۇلۇپ، 100 مىڭ دەندىن ئارتۇق ئاشلىق جۇغلاندى. بۇ ئاشلىقنىڭ 50% ى دېھقانلارغا قەرز بېرىلىپ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇنى كېڭەيتىشكە ئىشلىتىلدى.

## 1941 - يىل

1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» گېزىتخانىدىكى بارلىق خادىملارنىڭ «ئالدىنقى سەپتىكى قوماندان - جەڭچىلەرنىڭ يېڭى يىلىنى تەبرىكلەش خېتى» نى ئېلان قىلدى. بۇ خەتتە: «بىز ئالدىنقى سەپتىن يىراقتا تۇرۇۋاتقان بولساقمۇ، سىلەرنى ھەر ۋاقىت ئەسلەيمىز ۋە سىلەرگە ئېھتىرام بىلدۈرىمىز، بىز بارلىق كۈچىمىز بىلەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا، سىلەرگە ياردەم قىلىمىز. بىز ئارقا سەپنىڭ قۇرۇلۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىشىنى تىرىشىپ ياخشىلاپ، ئۆزىمىزنىڭ ئىش ئورنىنى قەتئىي ساقلاپ، سىلەرنىڭ ئارقا تىرىكچىلار بولۇشقا تەييارمىز» دېيىلدى. بۇ خەت گېزىتخانىدىكى بارلىق خادىملارنىڭ «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئاخىرغىچە جەڭ قىلىپ

مىللەتنىڭ ئازادلىق ئىشلىرىنى ئورۇنلاش» تىكى ئىرادىسىنى نامايان قىلدى. شۇ كۈنى «شىنجاڭ گېزىتى» يەنە جۇبىڭنىڭ «ئۆتكەن يىلغا بىر نەزەر» دېگەن ماقالىسىنىمۇ ئېلان قىلدى.

1 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» شېڭ گۈنەن، جۇدەنخۇا، لىيۇ مىيەنلەرنىڭ باشقۇرۇشىدىكى ئاياللار جەمئىيىتىنىڭ مائارىپ نازارىتىنىڭ ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش توغرىسىدىكى شوئارىغا ئاۋاز قوشۇش يۈزىسىدىن تۈزۈپ چىققان «ئاياللارنىڭ ساۋات چىقىرىشىغا دائىر 11 ماددىلىق تەدبىر» نى ئېلان قىلدى.

1 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» كۈچا كۆۋرۈكىنىڭ پۈتتۈشى مۇناسىۋىتى بىلەن مۇراسىم ئۆتكۈزۈلگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. بۇ كۆۋرۈك ھاكىم لىن جىلۇنىڭ كۈچادىكى ھەر مىللەت خەلقىنى سەپەرۋەر قىلىشى بىلەن ياسالغان، كۆۋرۈك پۈتكەندە لىن جىلۇ «قەدىمكى كۆسەن كېچىكى»، «ئىتتىپاقلىقنىڭ يېڭى كۆۋرۈكى» دەپ بېغىشلىما يېزىپ بەرگەن.

1 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، مالىيە نازارىتى **گۆش** باھاسىنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئاممىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ئۈچۈن قاسساپلار يىغىنىنى ئاچتى (شۇ چاغدا **گۆش** جىددى بولۇپ باھا ئۆستۈرۈۋېلىنغان ئىدى). ماۋزېمىن بۇ يىغىندا سۆز قىلىپ: گۆش باھاسى مۇۋاپىق بولۇشى، باھا خالىغانچە ئۆستۈرۈلمەسلىكى لازىم. «ئاممىنىڭ **گۆش** ئىستېمال قىلىشىغا تاختاي باھاسىنى بۇزماسلىق شەرتى ئاستىدا ئېتىبار قىلىپ، باھانى خالىغانچە ئۆستۈرۈش ھەرىكىتىنى قەتئىي توسۇش كېرەك» دەپ كۆرسەتتى. قاسساپلارمۇ چوقۇم مۇشۇنداق قىلىدىغانلىقلىرى ھەققىدە ئىپادە بىلدۈرۈشتى.

1 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» «جەنۇبىي ئەنخۇي ۋەقەسى» نىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى خەۋەر قىلدى ۋە «ج ك پ مەركىزى كومىتېتى ئىنقىلابىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ بۇيرۇقى»، «ج ك پ مەركىزى كومىتېتى باياناتچىسىنىڭ جەنۇبىي ئەنخۇي ۋەقەسى توغرىسىدىكى سۆھبىتى» شۇنىڭدەك تاس س نىڭ «جەنۇبىي ئەنخۇي ۋەقەسى» توغرىسىدىكى خەۋىرىنى بېسىپ، گومىنداڭنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا بۇزغۇنچىلىق قىلغان، كوممۇنىستىك پارتىيىگە قارشى تۇغان جىنايى سۈيىقەستلىرىنى پاش قىلدى. 2 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» يېڭى 4 - ئارمىيىدىكى باشلىقلارنىڭ تېلېگراممىا يوللاپ ياپونپەرەستلەرنى ئەيىپلىگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى ۋە چېن ئەنچىيۇ يېزىپ چىققان، شېڭ شىسەي ئىمزا قويۇپ تارقاتقان ئىككى جاۋاپ تېلېگراممىنى باستى. بۇ جاۋاپ تېلېگراممىدا، «دۆلەت، مىللەتنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇ-

رۇشىغا تۆھپە قوشقان يېڭى تىنك جۇنجاڭ ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق ئىسىملارنى دەرھال قويۇپ بېرىش»، ئىستىپاقلىشىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش مۇراجىئەت قىلمىغان. 2 - ئاينىڭ 12 - كۈنى «شىنجاڭ گېزىتى» «خۇبېي - خۇنەن - ئەنخۇي ئۇرۇش ۋەزىيىتىگە نەزەر» سەرلەۋھىلىك باش ماقالە ئېلان قىلىپ، «يېڭى 4 - ئارمىيە جەنۇبىي ئەنخۇي قىسىملىرىنىڭ مۇھاسىرىگە ئېلىپ يوقىتىلىشىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى» نى خەۋەر قىلدى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ كومپارتىيىگە، خەلققە قارشى تۇرغان، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا ۋە بىرلىكسەپكە بۇزغۇنچىلىق قىلغان جىنايى قىلمىشلىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا پاش قىلدى.

«جەنۇبىي ئەنخۇي ۋەقەسى» دىن كېيىن، چىن تەنچيۇ ئۇرۇمچىدە خىزمەت، ئۆگىنىش ياكى داۋالىنىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان كومپارتىيە ئەزالىرىغا ۋەقەنىڭ ئۆتمۈشىدىن دوكلات بەردى، كۆپچىلىك دوكلاتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئىنتايىن غەزەپلەندى. ئۇلار ماۋزېدۇڭ ۋە پارتىيە مەركىزى كومىتېتىغا تېلېگرامما ئەۋەتىپ، قازاغا ئۇچرىغان ئىنقىلابىي قۇربانلارغا چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈردى، مەركىزى كومىتېتنىڭ «جەنۇبىي ئەنخۇي ۋەقەسى» گە قوللانغان تەدبىرىنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى؛ شىنجاڭدىكى بارلىق كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئۆگىنىشنى، خىزمەتنى، چېنىقىشنى چىڭ تۇتۇپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئالدىنقى سەپكە بېرىشقا ھەر قاچان تەييار ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ئىرادىسىنى ئىپادىلىدى.

2 - ئاينىڭ باشلىرى، جاڭ زىيىي (ليۇپىڭ)، مامىنفاڭ (مايودې)، چىن خۇالۇڭ (يۇشياڭ)، فاڭ جۇجۇن (ۋاڭ يو)، ليۇخۇپىڭ (فىڭ جيەن)، لى ۋۇرۇ (لى جيەن)، ياڭ ئەنگۇي (جېن پۇشېڭ)، لى جىڭچۈن (لى ۋېن)، زىڭ چۈەنفاڭ (جاڭ پىڭ) قاتارلىق كىشىلەر سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۆگىنىش ۋە داۋالىنىشنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ۋەتەنگە قايتتى، «جەنۇبىي ئەنخۇي ۋەقەسى» تۈپەيلى يەنئەنگە قايتىش مۇمكىن بولمىغاچقا، 8 - ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش باشقۇرۇش ئورنىغا ئورۇنلىشىپ، بىر تەرەپتىن ئۆگىنىش قىلدى، بىر تەرەپتىن ماقالە يېزىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تەشۋىقات بىلەن شۇغۇللاندى.

2 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، شىنجاڭ كىنو شىركىتىگە تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتى 2 - قېتىملىق يىغىن ئېچىپ، يېڭى قۇرۇلغان بۇ شىركەتنىڭ خىزمەتلىرىنى قانداق قىلىپ ئىلگىرى سۈرۈش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدى. يىغىنغا ۋاڭ باۋچيەن، شۇي مېڭچيۇ، بەي دافاڭ، جۇجىنىڭ قاتارلىق كىشىلەر قاتناشتى. يىغىن ئىش بېجىرگۈچىلەرنىڭ

سانى ۋە راسخوت مەسلىسىنى مۇزاكىرە قىلدى ھەمدە تىجارەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش يۈزىسىدىن پايچېك قوبۇل قىلىشنى قارار قىلدى.

2 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، مالىيە نازارىتى ماۋزېمىننىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە ۋاكالىتەن «مىنگونىڭ 30 - يىلىدىكى كىرىم - چىقىم بويىچە ئومۇمىي خامچوت ئۆلچىمىنى بەلگىلەش چارىلىرى» نى تۈزۈپ چىقتى. بۇ چارىدە ھەرخىل خامچوت ئۆلچىمىنىڭ تۈرلىرى بەلگىلەندى. خامچوت جەدۋىلىدە كۆرسىتىلگەن تۈرلەر ئىچىدە چىقىمنى ئىمكان قەدەر 5% — 8% گىچە ئازايتىش ئارقىلىق كىرىمنى تولدۇرۇشقا تىرىشىلىك بولغانلىرىدىن باشقىلىرىنى تەستىقلاپ ئېلان قىلىپ يولغا قويۇش لازىملىقى كۆرسىتىلدى ۋە ھەرقايسى ئورگانلارنىڭ ئىسراپچىلىق قىلىش كەمچىلىكىنى تۈگىتىپ، ھۆكۈمەتنىڭ پۇلىنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش — شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈشكە پايدىلىق بولغان ئىشلارغا ئىشلىتىش تەلەپ قىلىندى. 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت «ھەرقايسى ئورگانلارنىڭ خامچوت ئىنتىزامىغا قاتتىق رىئايە قىلىشى توغرىسىدىكى چارىلار» نى ئېلان قىلدى.

2 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش باش ئۇيۇشمىسى جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش كۇلۇبىدا ناخشا مۇسابىقىسىدىن خۇلاسە چىقىرىش ۋە مۇكاپاتلاش يىغىنى ئاچتى. ئۇيۇشمىنىڭ باش كاتىپى ۋاڭ باۋچيەن يىغىننى ئېچىش نۇتقى سۆزلىدى. ئۇ ئۆز سۆزىدە: «بۇ قېتىم ئېلىپ بېرىلغان ناخشا مۇسابىقىسىنىڭ نەتىجىسى ئىنتايىن قانائەتلىنەرلىك بولدى، ئوقۇغۇچىلار شۆبە مەيدانىدىكى ياكى ئادەتتىكى شۆبە مەيدانلاردىكى نەتىجىلەردىن قارىغاندا، ئىلگىرىلەش ناھايىتى زور. بۇنىڭدىن كېيىن بۇ نەتىجىلەرنى جارى قىلدۇرۇشىمىز كېرەك ... ناخشا مۇسابىقىسى نۆۋەتتە، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش - شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش جەھەتتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە» دەپ كۆرسەتتى. ئارقىدىن مۇسابىقە نەتىجىسى ئېلان قىلىنىپ مۇكاپات بۇيۇملىرى تارقىتىپ بېرىلدى. ئادەتتىكى شۆبە مەيدانلار بويىچە 3 - رايون 4 - شۆبە مەيدانى (خەنزۇ ئۇيۇشمىسى، 4 - باشلانغۇچ مەكتەپ، كادىرلار سىنىپى، تەجرىبە تىياتىر ئۆمىكى قاتارلىق ئورۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) 1 - لىككە؛ 3 - رايون 1 - شۆبە مەيدانى (بانكا) 2 - لىككە؛ 2 - شۆبە رايون 2 - شۆبە مەيدان (دورىخانا) 3 - لىككە؛ 2 - رايون بىۋاسىتە قاراشلىق 1 - گۇرۇپپا (ئۆلكىلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ) 4 - لىككە ئېرىشتى، ئوقۇغۇچىلار مەيدانى بويىچە ئوقۇغۇچىلار 3 - شۆبە مەيدانى (سىفەن مەكتىپى) 1 - لىككە؛ ئوقۇغۇچىلار 4 - شۆبە مەيدانى (قىزلار مەكتىپى) 2 - لىككە؛ ئوقۇغۇچىلار 1 - شۆبە مەيدانى (شىنجاڭ شۆيۈەن) 3 - لىككە؛ ئوقۇغۇچىلار 2 - شۆبە مەيدانى 4 - لىككە؛ ئوقۇغۇچىلار 5 - شۆبە مەيدانى 5 - لىككە ئېرىشتى. (داۋامى بار)

# ژۇرنىلىمىزنىڭ 1988 - يىللىق ئومۇمىي مۇندەرىجىسى


سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچى نەزەرىيىسى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ تۈپ ئاساسى.......................... ئىسمايىل نىياز (1 - سان 1 - بەت)

سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچى توغرىسىدا نەزەرىيىۋى مۇھاكىمە..............
ۋۇشۇچېڭ، ۋېي شىڭخۇا، گاۋفاڭ، شى گۇاڭچىڭ، چېن شيەندا (قەيۇم قۇربان تەرجىمىسى
.................................................. (3 - سان 1 - بەت)

سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشنىڭ ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا............ئابلىز ئىمىن، ئۆمەر بەكرى (3 - سان 22 - بەت)

سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچى توغرىسىدا نەزەرىيىۋى مۇھاكىمە ...............
شۈي جېڭفەن، دەي يى، جېڭ جيەنباڭ، ياڭ خەنجاڭ، لوگوجيې، سۇن گوخۇا ......
........................................ (قەيۇم قۇربان تەرجىمىسى 4 - سان 1 - بەت)

فارابى پەلسەپە ئىدىيىسى تەتقىقاتىدىكى مەنتىقىلىق زىددىيەت ................
... ........................ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت ئىمىن (1 - سان 26 - بەت)

پەلسەپىدىكى يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان ئىلىملار..............................
................................ئېلى مامۇت، ھۆسەنجان ئەسقەر (1 - سان 82 - بەت)

زامانىۋى لوگىكا توغرىسىدا................شېرىن قۇربان (1 - سان 93 - بەت)

ئىلمىي ئاڭدىن كۆرۈش ۋە ئۇنىڭ بىلىشتىكى ئورنى.................................
...................................................ئابدۇۋېلى ھامۇت (2 - سان 37 - بەت)

ئىككىنىڭ قوشۇلۇپ بىر بولۇشى توغرىسىدا...رەھىم يۈسۈپ (4 - سان 40 - بەت)

ئۇيغۇر فولكلورىدىكى تەبىئەت قاراشلىرى توغرىسىدا.................................
...............................................ئابدىكېرىم راخمان (4 - سان 47 - بەت)

ئېلىمىزدىكى ئېستېتىك ئېقىملار ۋە ئۇلارنىڭ ۋەكىللىرى............................
.................................................مەمتىلى دانى (1 - سان 65 - بەت)

شەھەرلەرنىڭ زامانىۋىلىشىشى ۋە يېزىلارنىڭ شەھەرلىشىشكە قاراپ تەرەققىي قىلىشى توغرىسىدا..............ئابدىرېھىم سەئىدى (1 - سان 102 - بەت)

سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكىنىڭ يېڭى تەرتىپىنى ئورنىتىش توغرىسىدا.......
........ جۇماخۇن نىياز (4 - سان 22 - بەت)

قانۇن بىلەن ئەخلاقنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا..............................
........................... قەيۇم قۇربان (2 - سان 26 - بەت)
دېموكراتىيە توغرىسىدا.......... ............ جۇماخۇن نىياز (2 - سان 45 - بەت)
خاممۇرابى قانۇنى توغرىسىدا.................سوي بىك (4 - سان 31 - بەت)

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى توغرىسىدا بىر قانچە مەسىلە.........................
........جۇياڭگۇي، گاۋشىنشىڭ، لى شۇاڭ (ئابدىغېنى تەرجىمىسى 1 - سان 33 - بەت)
مىللەتپەرۋەرلىك ۋە ئىنقىلابچى شىڭ شىسەي توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە .........
............شۇخەيشىڭ (ئىبرايىم تەرجىمىسى 1 - سان 48 - بەت)
ھونلارنىڭ غەربىي تۈزۈمى توغرىسىدا ......................................
....................موردىننەن (بەختىيار تەرجىمىسى 2 - سان 70 - بەت)
شىنجاڭدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپنىڭ ئالاھىدىلىكى
..................لىۇجېنخۇەن، جۇياڭگۇي (2 - سان 96 - بەت)
ئوتتۇرا، غەربىي ئاسىيا ۋە شىنجاڭدىكى تەزكىرىچىلىك ئەنئەنىسى..............
...........ئابلىمىت روزى (3 - سان 25 - بەت)
سۇن جۇڭشەننىڭ شىنجاڭنى ئېچىش توغرىسىدىكى ئۇلۇغۋار پىلانى...............
.............دېڭ شاۋخۇي (نىياز ئەمەت تەرجىمىسى 3 - سان 79 - بەت)
يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدا ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىدىن خاتىرە..........................
.........خاتىرە يېزىش گۇرۇپپىسى (ن. ئەخمىدى تەرجىمىسى 1، 2، 3، 4 - سان)
«جۇڭگو ئىنقىلابىي تارىخى» دەرسىنىڭ نامى توغرىسىدا بەزى قاراشلىرىم ...
.........تەۋەككۇل سىدىق (2 - سان 68 - بەت)
ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە شىنجاڭدىكى ئاياللار ھەرىكىتى
.........جاڭ باۋيۈ (ئەنسەردىن تەرجىمىسى، 4 - سان 105 - بەت)
ياڭ زېڭشىننىڭ بىكىنمىچىلىك ۋە خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇش سىياسىتىنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدا......چىن خۇيشىڭ (ئىبراھىم ھەمدۇل تەرجىمىسى 3 - سان 94 - بەت)
«تارىخىي خاتىرىلەر» نىڭ نەشر قىلىنىشى مۇناسىۋىتى بىلەن...............
...........ھاجى ياقۇپ يۇسۇپى (ئانات) (4 - سان 80 - بەت)

ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرق ئىللىنىزم مەدەنىيىتى..........
..........ئابدىكېرىم راخمان (1-سان 14-بەت)

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئىجادىيەت يولى ۋە ئۇنىڭ يېڭى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىـ
ياتىدىكى ئورنى..........مەھمۇت زەيىدى (1-سان 72-بەت)

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بىلەن تاتار ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزئارا تەسىرى توغرىسىدا ......
..........ئابدىرېھىم ئۆتكۈر (2-سان 1-بەت)

سوۋېت ئەدەبىياتىدىكى يېڭى يۈزلىنىش......ئابلەت ئۆمەر (2-سان 16-بەت)

خوجا باھائىدىن نەقشبەندى ۋە چاغاتاي ئەدەبىياتى..........
..........ئابدىشۈكۈر مۇھەممەت ئىمىن (3-سان 33-بەت)

ئەدەبىياتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى..........ئايشەم ھامۇت (3-سان 44-بەت)

«تاجىك» ئاتالغۇسىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ھەققىدە..........
..........شىرىن قۇربان (3-سان 62-بەت)

ئۇچۇر ۋە ئاخبارات ئىسلاھاتى..........مۇختەر مەخسۇت (3-سان 67-بەت)

بالىلار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدىكى پسىخىك تەسۋىر ۋە پېرسوناژ ئوبرازىنىڭ
گۈزەللىكى.......... تۇرسۇن قۇربان (4-سان 57-بەت)

ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى توغرىسىدا بەزى چۈشەنچىلىرىم..........
.......... ئوسمان ئۆمەر (4-سان 66-بەت)

ئۇيغۇر تىلىدىكى ياسىغۇچى قوشۇمچىلاردىن توغرا پايدىلىنىش ھەققىدە بەزى
پىكىرلەر..........يۇنۇس ئىلياس (1-سان 110-بەت)

ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق ۋە ئۇنىڭ شىنجاڭدىكى ئىستىقبالى..........
..........خالىق نىياز (2-سان 57-بەت)

ئۇيغۇر تىلىدىكى ۋاقىت ئىسىملىرى ۋە ۋاقىت رەۋىشلىرى توغرىسىدا..........
..........خوشبېك، مىرزا كېرىم (2-سان 63-بەت)

خەنزۇ تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلىدىكى كۆپ خانىلىق سانلارنى سېلىشتۇرۇش ۋە
تەرجىمە قىلىش..........ئەخمەت يەھيا (3-سان 74-بەت)

3 - سانغا تۈزىتىش

| توغرىسى | بېسىلغىنى | قۇر ت | قۇر ي | بەت |
|---|---|---|---|---|
| قىلغاندىنمۇ | قىلغاندىمۇ | 16 | | 21 |
| 103 | 99 | 1 | | 31 |
| نەزەرىيىسىنىڭ | بۇ نەزەرىيىسىنىڭ | 9 | | 31 |
| ئۇنى | ئۇنىڭ | 4 | | 39 |
| فەلەكتىن | قەلەكتىن | 12 | | 60 |
| ئاماللار | ئامىللار | | 9 | 71 |
| مۇشۇنداق | مۇشۇندا | | 11 | 81 |
| قۇرۇپ چىقىش | چىقىش | 13 | | 82 |
| ئىگىلىۋېلىش | ئىگىشۋېلىش | 13 | | 84 |
| تۈزۈش | تۇۋاۇش | | 3 | 89 |
| تالىشىشى | تالىشىشى | 12 | | 90 |
| نەزەرىيىسى | نەزەرىيىسىنى | 8 | | 94 |
| ئۆرلىمىسىمۇ | ئۆرلىسىمۇ | | 13 | 100 |
| شوتا | شۆتا | 8 | | 105 |
| مىخاينىكلار | مىجاينىكلار | | 6 | 113 |
| ماشۇ | مۇشۇ | 11 | | 114 |
| گېرمانىيە | گېرمانىيە | | 10 | 116 |
| ۋۇنەيىبىن | ۋۇنەبىيىن | 5 | | 117 |
| داشقاللار | اشقاللار | | 2 | 118 |
| چارۋىچىلارنى | چارۋىلارنى | 9 | | 118 |
| ماۋدۇننىڭ | ماۋزېدۇڭنىڭ | 5 | | 119 |
| ماۋدۇننىڭ | ماۋزېدۇڭنىڭ | | 3 | 120 |
| قويىمايلا | قويۇپلا | | 10 | 121 |
| راۋزىجىيەن | داۋزىجىيەن | | 14 | 126 |
| تەتقىقاتى | تەرەققىياتى | | 16 | 132 |
| خىلى | خىل | 11 | | 132 |

# Journal of Xinjiang University

(Philosophy and Social Sciences, Uighur Edition)

No. 4. 1988 (Total: No. 36)


## Contents


An Inquiry Into the Theory of the Primary Stage of Socialism …………………… *XuZhengfan, et al.*

A Brief Biscussion on the Establishement of New Order in Socialist Commodity Economy ……… *Jumahun Niyaz*

A Brief Discussion About "Hammorabi Code" ……… CuiBing

A Talk About "Two Combine Into One" ……… *Reyim Yusup*

On the View-Point of Nature in Uighur Folk Literature ……… *Abdukerim Rahman*

On Psychological Description and Characterization in Works of Juvenile Literature ……… *Tursun Kurban*

A Talk About Uighur Fables ……… *Osman Omar*

Written Prior to the Rublication of "Records of the Historian", Uighur Edition ……… *Aji Yakup*

Women's Movement in Xinjiang in the Period of the War of Resistance Against Japan ……… *ZhangBaoyu*

Jamal Karshi and His "Supplement To the Surah Dictionary" ……… *Hayretjan Osman*

The Records of Actual Events of the Chinese Communist Party's Struggles in Xinjiang During the Period of the New Democratic Revolution "The Records" Compiling Group



قاناس كۆلى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى


تۈزگۈچىسى: «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» تەھرىر بۆلۈمى

باشقۇرغۇچىسى: شىنجاڭ داشۆ

باش مۇھەررىر: نىجات ئەھمەتجان

شىنجاڭ داشۆ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ

مەملىكەت ئىچىدىكى ھەرقايسى پوچتاخانىلار مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ

شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى

新疆大学学报

JOURNAL OF XINJIANG UNIVERSITY

（哲学社会科学维文版）

季　刊

发行范围：公开发行

مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى CN65—1035/C

بۇ ژۇرنال ئاشكارا تارقىتىلىدۇ. ۋاكالەت نومۇرى 13—58. باھاسى 0.50 يۈەن